ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكىچىلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن:
ئۇستاز كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىم (١٩٩٨ - ١٩٢٢)



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

1
1999

XINJIANG CIVILIZATION



ئاتاقلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان (1998 - 1932)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
48 - يىل نەشرى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1999 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 236 - سان)

# بوستاندا

## مەخسۇس سەھىپە

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» نى ئېچىش نۇتقى ......... زۇنۇن قۇتلۇق 2
پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرايلى ............... مەمتىمىن زاكىر 3
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» نى يېپىش نۇتقى ............... زۇنۇن قۇتلۇق 10

## ئەدەبىيات گۈلزارى

يانغان ئېقىن. . . . . . . . . . . . (ھېكايە) ............ جالالىدىن بەھرام 13
بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ........... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 26
شېئىرلار ............ ئابلىجان ھېيت 28
خىسلەتلىك ئادەم. . . . . . . . . . . (ئوچېرك) ............ مۇھەممەت سېيىت 31
«تۆشۈك نان» ھاسىلاتى ............ ئابلەت قەييۇم 79

## دۇنياغا نەزەر

ياپونىيە تەسىراتلىرى ............ غوجائەخمەت يۇنۇس 51

## مۇلاھىزە

مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ............ ئابدۇللا تالىپ 61

## ئالىملىرىمىز

پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھارماس كۈيچىسى ............ ۋەلى 67

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ............ توپلىغۇچىلار: نۇرگۈل ھېيت قاتارلىقلار 71

## ژۇرنىلىمىزنىڭ شان - شەرىپى

ژۇرنىلىمىز 1998 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇشتىرىلىرى ئاشقان بىرىنچى ژۇرنال بولدى ............ ر. مۇھەممەت 80

مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكىچىلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز كومپوزىتور قۇربان ئىبراھىم (1998-1922) رەسسام: ئىمىنجان ئابدۇرېھىم
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن قۇتلۇق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەركىزىي سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تەھرىرداكتورى: قۇربان مامۇت



# رەھبەرلەر نۇتقى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زۇنۇن قۇتلۇقنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى»نى ئېچىش نۇتقى

رەھبەرلەر، ۋەكىللەر:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىملىق تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۈگۈن گۈزەل شىخو شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئالدى بىلەن مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نام بېرىپ تەقدىرلىنىدىغان ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئىلغار بولغان ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزغا ئىشتىراك قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىكى مەسئۇل يولداشلارنى، بارلىق ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىمەن ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلاردىن ھال سورايمەن! بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ياخشى ئېچىلىشىغا زور كۈچ چىقارغان تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شىخو شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار پا Fرتىيە 14-قۇرۇلتىيى، 14-قۇرۇلتاي 6-ئومۇمىي يىغىنى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە

مەخسۇس سەھىپە

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»، «مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاچقۇچى - بەرپا قىلىشتا» دېگەن يېتەكچى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر ۋە يېپەك يولى چېگرا مەدەنىيەت كارىدورىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت بىلەن ئىقتىسادنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىن - پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزىلار مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم يىغىن. يىغىندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى بەرپا قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىدۇ ھەم ئالماشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پىداكارلىق بىلەن تۆھپە قوشۇش روھىي قىياپىتى نامايان قىلىنىدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تىپلار نام بېرىپ تەقدىرلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانداق مۇلازىمەت قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇھاكىمە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدۇ. ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ ئالغا سىلجىتىشتا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۇل قۇرۇلۇشى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى يېڭى تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بىز بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق خىزمەتلىرىمىزنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى يارىتايلى.

يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشمەن!

1998-يىل 5-ئۆكتەبىر

# پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرايلى

—«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» دا سۆزلەنگەن نۇتۇق

مەتىمىن زاكىر
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

يولداشلار:

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» نى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 2-تۈركۈمدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە نام بېرىپ ۋە تەقدىرلەپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە تۆھپە قوشقان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە مەدەنىيەت خادىملىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

ئەمدى مەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى بىر قانچە

مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1995-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتقاندىن بۇيان، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەشەببۇس قىلغان، مەملىكەت بويىچە كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بۇ نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ، تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. تۆت يىلدىن بۇيان بۇ پائالىيەت تېز تەرەققىي قىلىپ، خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

### 1. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغارناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق تەدبىرى ۋە ئۇل قۇرۇلۇشقا ئايلاندى.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى - مەركەزنىڭ «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى شەھەر-يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى يېتەكچى قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ناھىيە - يېزىلار ئاساسىي قاتلاملىرىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىدىغان سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى شەھەر-يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش جەريانىدا مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە بولغان ئېھتىياجىغا ماسلاشقانلىقتىن، بۇ پائالىيەت تېزدىن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ئاساسلىق تەدبىرى ۋە ئۇل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئايلاندى. قىسقىغىنە تۆت يىلدىن بۇيان، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى دەسلەپكى بىر قانچە ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ناھىيە-شەھەردىن 13 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ يېرىمىغا يېقىنىغا كېڭەيتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىدىغان ئاساسلىق تەدبىرىگە ئايلاندى. تۆت يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 18 ناھىيە (شەھەر، رايون) مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر-رايون) بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نام بېرىلدى ۋە تەقدىرلەندى؛ بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ناھىيە (شەھەر، رايون) مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) قاتارىغا ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش گۈللىرى ھەممە يەردە پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئىلغارلار توشمۇتوشتا مەيدانغا كېلىشتەك خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇھال، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر-يېزىلىرى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ئاساسقا ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 2. مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى كۆنسايىن نامايان قىلماقتا. مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشنىڭ يېڭى پەللىسى ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان بەزى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى. مەسىلەن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورنى، رولىغا بولغان تونۇش مەسىلىسى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى قاتتىق دېتال، ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى مەسىلىسى، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ مەخسۇس خادىملىرى، يېزىلاردىكى كىنو قويغۇچىلارنىڭ شتاتى، كۆرسەتكۈچى ۋە تەمىنات مەسىلىسى قاتارلىقلار. بۇ خىزمەتلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات كۈچىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى يەنىمۇ جانلاندۇردى ۋە بېيىتتى.

مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى قۇرۇلۇشى ئاساسىي لېنىيە قىلىنغان بولسىمۇ، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى «مىكرو مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئىقىم مەسىلىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرى، مەدەنىيەت بازارلىرى، رادىئو، كىنو-تېلېۋىزىيە، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ، پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاممىۋى تەنتەربىيە قاتارلىقلارنى بىر گەۋدە قىلغان «ماكرو مەدەنىيەت» بويىچە ھەر تەرەپلىمە بەرپا قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، رادىئو-تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە شەھەرلەرنىڭ

مەركىزىي رايونى ۋە زاۋۇت-كان رايونلىرىدا نەتىجە قازىنىلىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ داغدۇغىسى زورايتىلدى. قاراماي شەھىرى، مايتاغ كان رايونى، كۇرۇمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتى شۇنى چۈشەندۈردۇكى، شەھەرلەرنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە مۇھىم زاۋۇت-كان رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ باش پەللىسى يۇقىرى، سالمىقى زور، قارىشى يېڭى، تەرەققىياتى تېز بولسا، شەھەر ۋە كارخانىنىڭ مەدەنىيلىك ئوبرازىنى تىكلەشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن بەلكى ئەتراپىدىكى رايونلار ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئۈلگىلىك يېتەكچىلىك تەسىر كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى تېخىمۇ داغدۇغىلىق بولىدۇ. مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە نامرات رايونلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلدى. مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساس قىلىش كېرەك. لېكىن مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن مۇۋاپىق ھالدا ئېشىپ چۈشسە ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پائالىيەتچانلىق بىلەن تەسىر كۆرسەتسە بولىدۇ. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات رايونلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

### 3. مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش يولىنى بويلاپ تەرەققىي قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى دەسلەپتە باشلانغاندا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكىرىدىكى ئىلغار ئۆلكە - شەھەرلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆرنەك قىلىپ، بۇ پائالىيەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا سېلىپ، تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتۇق.

**بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مەخسۇس «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ پائالىيەتكە ماكرو جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشىنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە مۇناسىپ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ئۆز رايونىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىشنى كۈچەيتتى.

**ئىككىنچىدىن، ئۆلچەم بېكىتىلدى.** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە، بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تەستىقلاپ تارقاتقاندا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى بىلەن چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ئۆلچىمىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇنى خېلى كۈچلۈك مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىر قەدەر تەپسىلىي بولغان مىقدارلاشتۇرۇپ نومۇر قويۇش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى ئورۇنلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندا ھەم سىياسەت ئاساسىغا، ھەم مىقدارلاشقان ئۆلچەمگە ئىگە قىلىپ، يۆنىلىش ۋە ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

**ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.** مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىدىغان جايلاردىن ئەمەلىي بەرپا قىلىش پىلانى بولۇش، كونكرېت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پۇختا ئىلىپ بېرىش، بۇ پائالىيەتتە ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي نەتىجىگە ئېرىشىش، كۆرۈنەرلىك، گەۋدىلىك تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش تەلەپ قىلىنىدى. بۇ، نەزەر دائىرىسىنى قۇرۇشقا قارىتىش، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈردى.

**تۆتىنچى، باھالاش چىڭىتىلدى.** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش باھالاش تۈزۈمى ۋە خىزمەت تەرتىپى ئورنىتىلىپ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم باھالاش، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆزى باھالاش، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار قايتا باھالاش ۋە ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارار چىقىرىدىغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نام بېرىپ تەقدىرلەيدىغان بولدى.

بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشتە ئىجابىي، تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## 2. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرى

تۆت يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى جانلىق، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇۇپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ياخشى چارە-ئۇسۇللار بارلىققا كەلدى. بۇ ياخشى چارە-ئۇسۇللارنى مەركەزلەشتۈرۈش، يىغىنچاقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىكى بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك يولى ۋە ئاساسىي تەجرىبىلىرى شەكىللەندى. ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بۇ ئاساسىي تەجرىبىلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قىممەتلىك بايلىقتۇر.

**1. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» تا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇردى.**

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، فونكسىيىلىك تارماق ھەرىكىتىدىن پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى بىر ناھىيە، بىر شەھەر ۋە بىر رايوننىڭ ئورتاق نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىكى مۇھىم ۋاستىسىنى گەۋدىلەندۈردى. مەسىلەن، شىخو شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ ۋە ياخشى تۇتۇپ، «شىخو روھى» نى يېتەكچى قىلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى يېزىلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانى ۋە كادىرلارنى سىناش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى «يۇمشاق» ۋەزىپىدىن قاتتىق ۋەزىپىگە ئايلاندۇردى.

**2. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىپ، مۇھىم نۇقتىنى قۇرۇشقا قارىتىپ، سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۇردى.**

ھەر قايسى جايلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بەرپا قىلىش ئۆلچىمى بويىچە، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش» دېگەن يېتەكچى فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى قۇرۇشقا قارىتىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنما سېلىشتىن ئايانماي، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا مۇستەھكەم سوتسىيالىستىك ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. مەسىلەن، جىڭ ناھىيىسى مەدەنىيەتكە دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى سېلىنمىسىنى يىلدىن يىلغا كۆپەيتىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى مۇكاپات فوندىنى ناھىيە بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە تەسىس قىلدى. ناھىيە مالىيىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بويان 9 مىليون 100 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا-بازارلارنىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت پونكىتى قۇردى. كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100% كە يەتتى ھەمدە ئۇلار يۇقىرى ئۆلچەملىك، زامانىۋىلاشقان، كۆپ ئىقتىدارلىق قىسمەن يېزا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. يېقىنقى ئىككى يىلدىلا ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇشى سېلىنمىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 .57 خىلغا يېتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتتى.

**3. راستچىللىق بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېزا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىككى جەھەتتىكى قېيىنچىلىقىنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى.**

ھەر قايسى جايلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتى داۋامىدا پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» دىكى «مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن، ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم» دېگەن تەلەپنى ئەستايىدىل ئورۇنداپ، يېزا-قىشلاقلاردىكى ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىشقا ئېھتىياجلىق كونكرېت شارائىتنى چۆرىدىگەن ھالدا شەھەر-يېزا مەدەنىيەت خىزمىتىگە دائىر شتات، ئەسلىھە، خىراجەت قىيىنچىلىقى ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئامما، بولۇپمۇ يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاممىنىڭ كىتاب، ئويۇن-تىياتىر، كىنو كۆرۈشى تەس بولۇشتەك مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىشتەك پۇختا خىزمەت ئۇسلۇبىنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى يەتتە مەھەللىدە مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇپ، مەخسۇس خادىمدىن 12 نى قويدى ھەمدە ئۇلارنىڭ شتات ۋە تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. رايونلۇق ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىدىكى كىتاب زاپىسى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئۈچ يىل جەريانىدا نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق يېڭىشەھەر رايونىدىكى بارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

**4. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى بىرلىكتە تۇتۇپ، ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، مول ۋە ساغلام مەدەنىيەت-سەنئەت بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.**

ھەر قايسى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت-بىر قانچە مەدەنىيەت ئەسلىھەسىنى قۇرۇشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇميلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەريانىغا ئائىتلىق سىڭدۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ

ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە زور مەدەنىيەت مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مەدەنىيەت تارمىقىغىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ئورتاق بەرپا قىلىش، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش يولىغا مېڭىشىمىز لازىم. مەسىلەن، قورغاس ناھىيىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، «ئالتىنى بىرلەشتۈرۈش» نى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. مىچۈەن شەھىرى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى جەمئىيەت باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېما قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىپ، كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ، بىرلىشىپ ئورتاق بەرپا قىلىپ، مەدەنىيەتنى جەمئىيەت باشقۇرۇش ئۇستۇنلۇكىنى شەكىللەندۈردى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق چوڭ سىستېمىلار، ئىدارە-ئورگانلار ۋە يېزا-كەنتلەردە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت-سەنئەت تايانچ قوشۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۆزگىچە بولۇشنى تۇتۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ، قاتنىشىش نىسبىتى يۇقىرى، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولۇش نىشانىغا يېتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ياخشى مۇھىتىنى ياراتتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە ئىككى تۈركۈمدە نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز، ساغلام بولماقتا. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياكى مەلۇم بىر ۋىلايەت، ئوبلاست بويىچە ئېيتقاندا، بۇ پائالىيەتنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا دېگەندەك تەكشى بولمايۋاتىدۇ، بەزى جايلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ بۇ نۇقتىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ خىزمەتنى دېگەندەك تۇتمايۋاتىدۇ. يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۇل ئەسلىھەلىرى بىر قەدەر ناچار بولۇش، مەبلەغ يېتىشمەسلىك، تور مۇكەممەل بولماسلىق، قوشۇن نىسبىي ھالدا مۇقىم بولماسلىق مەسىلىلىرى يەنىلا خېلى ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلىق ۋە قىيىن مەسىلىلەر ئەنە شۇ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى باشقۇرۇش يەنى قائىدە بويىچە ئېلىپ بېرىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ۋە بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، مەسىلەن، رەھبەرلىك مېخانىزمى، خىزمەت مېخانىزمى، مەبلەغ بىلەن يۆلەش مېخانىزمى، قانۇنچىلىق نازارەتچىلىكى مېخانىزمى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىش ئالدىمىزدىكى يېڭى تېما بولۇپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، پائال چارە تېپىپ ھەل قىلىپ، بۇ پائالىيەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك، سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## 3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ۋەزىپىسى

پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پارتىيىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. بۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، تەكشى، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ، نەزەرىيە جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مەنىسىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىدە ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئەسىر ھالقىيدىغان تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش -ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بەش جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم:

### 1. يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۈلگار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پىلانلاش، تەشكىللەش، يېتەكلەش ۋە قانات يايدۇرۇشتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ پائالىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن توغرا تونۇشى ۋە ئىگىلىشى لازىم: بىرىنچىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان رايون ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، مەركەزنىڭ تەلىپىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر-يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يولىغا مېڭىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىلاردا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ۋە شەھەرلەردە مەدەنىيەتلىك مەھەللىلەرنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاساس قىلىپ، يېزا-قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى بىردەك ماسلاشتۇرۇپ، شەھەرلەردە، مەھەللىلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مەدەنىيەتلىك مەھەللىلەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسى نىسپىي ھالدا ئاجىز ۋە بۇ جەھەتتە ھەل بولمىغان مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇشتەك ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، نەزەر دائىرىمىزنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىشقا قارىتىپ، تۈرگە ئايرىپ، ئاپپارات ۋە ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاش بىلەن ھازىر بار ئەسلىھەلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ئۈنۈمىنى ئۈنۈمىيۈزلۈك ئۈستۈرۈش لازىم. ئۈتىنچىدىن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىگىلەش لازىم.

## 2. بىر ئومۇمىي تەسەۋۋۇر بولۇش

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى بويىچە ئىشلەنگەن تۆت يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىنى «ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى پروگرامما، بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش، قاتلامغا بۆلۈپ يۈكسەلدۈرۈش، قۇرۇلۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» دەپ يېكىتىشكە بولىدۇ.

«ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشنى پروگرامما قىلىش» دېگەندە، يېزا-قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھاللىق مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى پۈتكۈل مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشنىڭ پروگراممىسى، شۇنداقلا يېزا-قىشلاق مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى قىلىپ، مەدەنىيەت ئۇچۇنلا مەدەنىيەتنى تۇتۇشتەك تار ئىدىيىنى تۈگىتىپ، يېزا-قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېزا-قىشلاقلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمى بىلەن بىردەك ماسلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى ھاللىق ناھىيە، يېزا، كەنت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىش» دېگەندە، مەركەزنىڭ «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بەرپا قىلىشتا» دېگەن يېتەكچى قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ئىشتا بەرپا قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى، مەدەنىيەت قوشۇنى، مەدەنىيەت پائالىيىتى، مەدەنىيەت بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەندە، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەدەنىيەت مەمۇرىي ئارماقلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكچىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ پائالىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش ئۆلچىمى ۋە باھالاش چارىسىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، بۇ پائالىيەتنى قاتلام ۋە تۈرگە ئايرىپ يېتەكلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«قاتلامغا بۆلۈپ يۈكسەلدۈرۈش» دېگەندە، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۈتىدىغان، دەرىجىمۇ دەرىجە تۈرتكە بولىدىغان، دەرىجىمۇ دەرىجە ئىلگىرى سۈرىدىغان خىزمەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«قۇرۇلۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش» دېگەندە، «كۆلىمى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى مۇكەممەل، ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشكەن، كەسپى قېلىپلىق، رولى كۆرۈنەرلىك بولۇشى» تەلىپى بويىچە، كەسپىي خىزمەتنىڭ سىناش ئۆلچىمى، باھالاپ دەرىجە بېكىتىش ئۆلچىمى، ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەدەنىيەت كەسپىي ئاپپاراتلىرىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش، ئىلغارلارنى باھالاش پائالىيىتىنى كەڭ ھەم پۇختا قانات يايدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش» دېگەندە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە(شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتا، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش» دېگەندە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقىي تۈردە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت جەھەتتە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، مەبلەغ جەھەتتە سېلىنمىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش پىلانىغا، كادىرلارنى ۋەزىپە نىشانى بويىچە باشقۇرۇش ۋە سىناش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

«ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» دېگەندە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، باشتىن-ئاخىر راستچىل ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇش پرىنسىپى، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش پرىنسىپى، سىجىل تەرەققىيات مۇمكىنلىكى پرىنسىپى ۋە ئۈنۈم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتمەسلىك، شەكىلۋازلىق، سۆلەتۋازلىق قىلماسلىق، قىسقا مۇددەتتىلا كۆزلىمەسلىك كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 3. بىر ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش

خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش - مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە باشتىن ئاخىر جەزمەن چىڭ تۇرۇشىمىزغا

تېگىشلىك بولغان بىر ئاساسىي پرىنسىپتۇر. ھازىر ئايرىم جايلاردا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتى غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى «ئۈچ قىيىن» مەسىلە ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى «ئۈچ قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بۇ بازىنى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىگىلەپ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇشنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ، بىر-بىرلەپ ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك.

يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى «ئۈچ قىيىن» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ، ھۆكۈمەتلەر بىرىنچىدىن، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش» توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەتكە دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، مەدەنىيەت خىراجىتىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشى ھەمدە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، زۆرۈر بولغان جامائەت پاراۋانلىقىغا دائىر مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، سېلىنمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ياخشى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ شتات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىز گوۋۇيۈەننىڭ [1984] 21-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بۇ مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىپ، مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى «ئۈچ قىيىن بولۇش» مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە مەدەنىيەت تارماقلىرى بىرىنچىدىن، «بىلىم قۇرۇلۇشى» ۋە «10 مىڭ كىتابلىق كۇتۇپخانىسى بار كەنت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى» نى ياخشى تۇتۇپ، كۇتۇپخانا ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت پونكىتلىرى (مەدەنىيەت ئۆيلىرى) نىڭ يىلمۇ يىل مەلۇم ساندا يېڭى كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللارنى تولۇقلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى يېڭى، ياخشى، ئاممىباب كىتابلارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ھەر يىلى ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنى ئاساسىي قاتلام دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئورۇندىشى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك كۇتۇپخانىلار دائىم كىتاب-ژۇرناللارنى يېزىلارغا ئاپىرىپ ، سەييارە مۇلازىمەت قىلىشى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە مەدەنىيەت يۇرتلىرى ئاساسىي قاتلامغا بولغان كونسۇلتاتسىيىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل تۈردىكى ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنلىرىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، مول مەزمۇنغا ئىگە خىلمۇخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ بىلىم ئېلىشقا، بېيىشقا، كۆڭۈل ئېچىشقا ئىنتىلىش

جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. تۆتىنچىدىن، يېزىلارنىڭ كىنو قويۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، يېزىلاردىكى دۆلەت باشقۇرغان ۋە يېزا باشقۇرغان كىنو ئەترەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېزىلاردا كىنو قويۇش ھەققى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، يېزىلاردا قويۇلىدىغان 16 مىللىمېتىرلىق كىنو لېنتىسىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق يېزىلارنىڭ كىنو بازىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى چۈشىنىشلىك ھەم ياقتۇرىدىغان ياخشى كىنو فىلىملىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

## 4. بىر تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر پەيدىنپەي ئاشكارىلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىش مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، شۇنداقلا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

بىز پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئىسلاھات داۋامىدا، ھەم ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدا چىڭ تۇرۇش ھەم بازارغا پائال يۈزلىنىش، بازارغا ئارىلىشىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكو ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» تىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، ئىسلاھاتنى يۆنىلىش خاراكتېرلىك ۋە تۈپ خاراكتېرلىك خىزمەت قاتارىدا تۇتۇشى، يۈرەكلىك بولۇپ پىكىر يولىنى كېڭەيتىپ، قەدەمنى تېزلىتىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئىسلاھات داۋامىدا قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىشى ۋە ئىزدىنىش داۋامىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك.

مەدەنىيەت بايلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ ۋە پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاشۇرۇش - ئىسلاھات داۋامىدا ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم تېما. شۇنى تولۇق تونۇش كېرەككى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىشلىرىمۇ مەدەنىيەت كەسپىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى چوڭ ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىپ يېپىق راۋاجلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىمۇ كەسپلەشكەن تىجارەت يولىغا مېڭىش كېرەك. دۆلەت ياردەم پۇل بېرىش بىلەن ئۆزى كىرىم قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال ئاتلىنىپ، تەرەققىيات داۋامىدا يېڭى ھەرىكەت مېخانىزمى، باشقۇرۇش چارىسى ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئورنىتىپ، سىجىل تەرەققىيات مۇمكىنلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بىلەن تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى كەسىپ خاراكتېرى بويىچە پەرقلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت كەسپىي ئورۇنلىرىغا ئادەتتىكى كەسپىي تارماقلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش خاھىشىدىن ساقلىنىپ، كەسىپ خاراكتېرى بىلەن پاراۋانلىق خاراكتېرىنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ئۇسۇلنى تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىكىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

### 5. بىر يۇرۇش باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئۇزاققىچە، پائال، ساغلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە سۇپەتتىنى ئۆستۇرۇشكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر يۇرۇش ئىلمىي باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن، ھەرىكەتچان باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش لازىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆت يىلدىن بۇيانقى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلدى: بىرىنچىسى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيىلەرنى باھالاش نومۇر ئۆلچىمى» نى تېزدىن تۈزىتىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، تېخىمۇ كۈچلۈك مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئۈچ دەرىجە بويىچە تەستىقلىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويۇش؛ ئۈچىنچىسى، قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئورۇنلاردا ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، يەنى تۆت يىلدا بىر قېتىم قايتا تەكشۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش.

يولداشلار:

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا گۈللەنگەن ئىقتىساد بولۇپلا قالماستىن، گۈللەنگەن مەدەنىيەتمۇ بولۇشى لازىم. يېڭى ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر ئەسىر ھالقىيدىغان ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ئۆز زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، زېھ ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرەيلى.

1998-يىل 6-ئۆكتەبر

## مەدەنىيەت نازىرى زۇنۇن قۇتلۇقنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» نىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

رەھبەرلەر، ۋەكىللەر:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئالدىن بېكىتىلگەن ۋەزىپىلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، بۈگۈن ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئىككى يېرىم كۈن داۋام قىلدى. بۇ يىغىننى «داغدۇغىلىق، قىزغىن، ئىخچام، ئەستايىدىل، ئەمەلىي» ئېچىلغان يىغىن بولدى، دېيىشكە بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالاقىدار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ يىغىنغا قاتناشتى. بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. يىغىن مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش مەتتىمىن زاكىر مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان تۆت يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي ئەھۋال ۋە تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق يەكۈنلىدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ۋە خىزمەتلەر ئۈستىدە ئېنىق ھەم كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزبويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرگە نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورىنى ئورتاق بەرپا قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چېگرا رايون مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە 1997-يىللىق ئىلغار رايون ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلىدى. ئىككىنچى تۈركۈمدە تەقدىرلەشكە ئېرىشكەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى توققۇز ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) چوڭ يىغىندا ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ يىغىن مەزگىلدە يىغىن قاتناشقۇچىلىرى شىخو يېزا مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي رايون مەدەنىيىتى، مەكتەپ مەدەنىيىتى بويىچە 10 ئىلغار تىپنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر شىخو شەھىرىنىڭ «ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش» ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتەك قىزغىن كەيپىياتىنى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 110 نەپەر ۋەكىل بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاڭلاش، كۆرۈش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنى ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش

توغرىسىدىكى روھىنى يەنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئۇل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى غايەت زور رولىنى كۆرۈۋالدى. يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن يىغىن بولدى.

تۆۋەندە مەن يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا بىر نەچچە نۇقتىلىق پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىرنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

مۇئاۋىن رەئىس مەتىمىن زاكىر بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىدا: «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئىگىلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئەسىر ھالقىيدىغان تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئومۇمىي پىكىر قىلىش يولىنى بېكىتىش، ئاساسىي پرىنسىپتا، تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، باشقۇرۇش چارىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بەش جەھەتتىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈستىدە كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر قايسى جايلار بۇ سۆزنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى بەرپا قىلىش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

## 2. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇ پائالىيەت دۇچ كەلگەن نۇقتىلىق ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىدە، ئىشنى ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر-يېزىلار مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى شتات، ئەسلىھە، خىراجەتتىن ئىبارەت «ئۈچ قىيىن بولۇش» ۋە ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاممىنىڭ بولۇپمۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ كىتاب كۆرۈشى، ئويۇن كۆرۈشى، كىنو كۆرۈشى قىيىن بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ قىيىن بولۇش» مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش، بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدىكى ئاساسىي نىشانىمىزدۇر. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر نۇقتىلىق ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى تۇتۇش ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشى، كۆپرەك چارە-تەدبىرلەرنى تېپىشى، نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەردىن بىر-ئىككىنى تۇتۇپ ھەقىقىي ھەل قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، شەھەر-يېزىلار ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئۇزاققىچە، پۇختا راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## 3. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش كۆرۈش، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

ھەر بىر ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر ئۈستۈنلۈككىمۇ، چەكلىمىلىككىمۇ ئىگە. بۇ ھال بىزدىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، كەم جايلارنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. خىزمەت ئاساسى ياخشىراق بولغان جايلار ئاۋۋال بۆسۈش ھاسىل قىلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، مەۋقەنى ئالاھىدىلىكنى تۇتۇش، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشى بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭدا ئەمەلىي ئېھتىياج ئاساس قىلىنىشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇش يېتەكچى قىلىنىشى لازىم. يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى تېخىمۇ مۇھىم، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ئەمەلىي ئىشلەپ، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە كۇتۇپخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى باشقۇرۇش، مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە ئۆيلىرىنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق مەدەنىيەت پونكىتى ۋە ئۆيى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. شەھەر - يېزىلاردىكى ئۈچ دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، ئومۇمىي خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردىكى ئۆزگىچە مۇھىم رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## 4. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

مۇئاۋىن رەئىس مەتىمىن زاكىر ئۆز سۆزىدە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش

پائالىيىتىدە قىلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن، ھەرىكەتلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش نەتىجىلىرىنى تولۇقلاش، مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. تەقدىرلەنگەن ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، قاتتىق تەلەپ بويىچە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىرى قاتلام بويىچە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز كېلەر يىلى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى باھالاپ تاللاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇنجى تۈركۈمدە تەقدىرلەنگەن ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئىلغارلارنىڭ نەمۇنىلىك تەجرىبىلىرىنى داۋاملىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى.

بۇنىڭدىن باشقا، مەن تۆۋەندە نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مەدەنىيەت خىزمىتى ئۈستىدە ئۈچ تۈرلۈك پىكرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

**1. ئېسىل ئەسەر ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، سەنئەت ئىجادىيىتىنى ياخشى تۇتۇش لازىم.**

كېلەر يىلى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ...رۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، ئاۋمېنىنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا ...يتىپ كېلىشى ۋە ئەسىر ھالقىشتىن ئىبارەت ئۈچ زور پائالىيەتنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بۇ يىل جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا سەنئەت ئىجادىيىتى يىغىنى ئاچتى. ھەر قايسى مەدەنىيەت-سەنئەت تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىجادىيەت يىغىنى روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. ئىجادىيەت پىلانىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈپ چىقىشى، قابىلىيەتلىك ئىجادىيەت كوللېكتىپىنى تەشكىللىشى، زۆرۈر بولغان ماددىي شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئىجادىيەت پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. سەنئەت ئىجادىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئاساسىدا ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەر ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك.

**2. مەدەنىيەت بازارلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇش لازىم.**

«بىر قولدا گۈللەندۈرۈش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت بازارلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ ئۆيۈن قويۇش بازارلىرى ۋە ئۈن-سىن بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت بازارلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە زىيانلىق، سەنئەت جەھەتتە پايدىسىز نەرسىلەرنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلەپ، باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام ۋە تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

**3. مەدەنىيەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.**

مەدەنىيەت كەسپىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش تەلىپى بويىچە، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە پايدىلىق بولغان، مەدەنىيەت-سەنئەت ئاساسىي كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا پائال ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا بازارغا يۈزلەندۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ ھەم بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشقان، ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىرلەشكەن ياخشى ھەرىكەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت ئورۇنلىرىنى كەسىپلىشىش تەرەققىياتىدا ئۆز-ئۆزىنى زورايتىش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش لازىم.

يولداشلار:

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ تەييارلىق خىزمىتى باشتىن ئاخىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە شىخو شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ياخشى ئېچىلىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، قىزغىن، ئەترابلىق مۇلازىمەت قىلىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ يەردە مەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا ۋاكالىتەن ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ۋە تەشەككۈر ئېيتىمەن! شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن، يىغىننى قىزغىن تەشۋىق قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، شىخو شەھىرىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

ۋەكىللەرگە ئاق يول تىلەيمەن!

(M2)1998-يىل 7-ئۆكتەبىر

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچىك رىسالەت مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

# يانغان ئېقىن

(ھېكايە)

جالالىددىن بەھرام



– كىمگە تېلېفون بەردىڭىز؟
– قاسىم سوپىغا.
– قاسىم سوپى؟

چوغقا دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتكەن كامالىددىننىڭ قولىدىكى قەلەم تاراققىدە قىلىپ ئۈستەلگە چۈشتى.

– ھە، چىرايىڭىز كەكرى يەۋالغاندەك تۈرۈلۈپ كەتتىغۇ، ئۇ كەلسە بولمامدىكەن؟

– ئۇ. . . ئۇنى چا. . . چاقىرىپ نىمە قىلاتتىڭىز؟– كامالىددىننىڭ ئاچچىقى كەلسە دۇدۇقلاپ قالاتتى،– ئۇ. . . ئۇدېگەن بىر توي بىدىكى. . .، قاسىم سوپى قول تىققان تويلاردىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ.

– ئەمىسە ئوغۇل تەرەپكە قىز مېلى توغرىلىق سۆزلەشكىلى كىم باردۇ؟

– بۇنىڭغا سۆزلىشىش كەتمەيدۇ، ئادەتتە 10مىڭ سوم بولىۋاتىدىغۇ؟

– 10مىڭ سوم، ھې،– زاھىدە دىمىقىنى قاقتى،– سىز قىزىمىز ساھىبەنى مۇشۇ يەردىكى پايتىمىسنى سۆرەپ يۈرگەن

ئەدەبىيات گۈلزارى

قىزلارغا ئوخشىتىۋاتامسىز؟ مېنىڭ قىزىم دېگەن ياپونىيىدە ئىشلەۋاتقان ئالىي زىيالىي. . .

– ئەمىسە ئالىمجانچۇ؟ ئۇمۇ ياپونىيىدە ئىشلەيدىغۇ؟ ساھىبە بىلەن ئىككىسى بىر شىركەتتە.

– ھەببەللى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككىسىنىڭ تويى داغدۇغىلىق – ھەشەمەتلىك بولۇشى كېرەك.

– ئۇنداقتا سىز ساھىبەنى ساتماقچىكەنسىز-دە؟

– بۇ، سېتىش ئەمەس، بەلكى يۈز-ئابروي مەسىلىسى، جىگىنىڭمۇ دەستىسىگە بېقىپ تېشى بولىدۇ.

– شۇنداقتىمۇ باشقا ئادەم تېپىلمىدىمۇ؟

– قاسىم سوپىدىن باشقىسى بىكار!

ئىككى كۈندىن بېرى شەھىرى ئەزىمنى تاسقاپ مېھمان ئىسىملىرىنى تىزىملاۋاتقان كامالىددىن قاسىم سوپىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن خوتۇنىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك زاھىدەگە مىقتەك قادىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، قارىچۇقى ئاق قەغەزگە چۈشكەن ئىككى تامچە قارا سىياھتەك قېتىپ قالغانىدى. مۈرىلىرى بولسا سۇس تىترەۋاتاتتى.

قاسىم سوپى ئىلگىرى سودا ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى ئىدى. دۆلەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن نەچچە يىل ئىلگىرى خىزمەتتىن قوغلانغان. يېقىندىن بۇيان ئۇ دەسمي كەتمەيدىغان، جاپاسى يوق، تاپاۋىتى ياخشى توي-مەرىكە دەللالى بولىۋالدى. قىز مېلى تاپشۇرۇش ئىشلىرىدا ئىككى ئوتتۇرىدا

قاترايتتى، رېستورانلار بىلەن سۆزلىشىپ ھەر ئۇستەلدىن 10-20سوم نەپ ئالاتتى. قەيەرلەردىندۇر ئەرزان ھاراقلارنى تېپىپ كېلىپ توي ئىگىلىرىنى خۇش قىلاتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ «پايدا ئالدۇق» دەپ خۇشال بولىدىغان بۇنداق «غوجام مىننەتدار»، «خېنىم مىننەتدار» سودىدا پايدا ئالىدىغىنى يەنىلا قاسىم سوپى ئىدى. ئەمەلىيەتتە زاھىدەنىڭ مۇشۇ ھىيلىگەر دەللالنى قىزىنىڭ توي ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇۋاتقانلىقىغا كامالىددىنىنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى.

- زاھىدە، ئويلاپ بېقىڭ،- كامالىددىن ئايالىغا مۇراجىئەت قىلدى،- ساھىبە ئۆيۈقتىن كېلىپ بولغىچە، بۇياقتىن توي قىلىمەن دېدىڭىز، «ماقۇل» دېدىم، ياپونىيىدىن ئالىمجاننى ئەكەلدۈرىمەن، دەپ تۇرۇۋالدىڭىز، قوشۇلدۇم. مەۋلانوف ئاكام ئەلچى بولۇپ كىرمىسە بولمايدۇ، دېگەندەك قامالاشمىغان تەلەپنى قويدىڭىز، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم. ئەمدى قاسىم سوپىدەك ئوغرىنى دەللاللىققا سېلىپ، قولىلاردىن نېمە ئوندۇرۇۋالماقچى؟

- ئۇلار بىزگە قىز مېلى ئۈچۈن 50مىڭ سوم بېرىشى كېرەك،- زاھىدە قىزىل بويىغان شالاڭ چاچلىرىنى پاخپايتىپ قەددىنى رۇسلىدى،- بۇنىڭغا قاسىم سوپىدەك توي-تۆكۈن ئىشلىرىغا پىشقان ئادەم بولمىسا قامالاشتۇرالمايدۇ.

- 50مىڭ سوم؟!- كامالىددىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى،- ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئىسلاموف بىلەن رازىيە بىزگە ئوخشاشلا پېنسىيە مائاشى ئېلىۋاتسا، ئۇلار شۇنچە پۇلنى نەدىن جايلاپ بېرىدۇ؟

- ئۇ دېۋانلاردىن ئۇنچىلىك پۇل چىقمىقى تەس،- دېدى زاھىدە كۆزلىرىنى ئالايتىپ،- شۇڭا ئوغلى ئالىمجان دېگەن مۆرىمەس بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ ياپونىيىدە تاپقان پۇلى ئاز ئەمەس.

- نومۇس قىلىڭ، زاھىدە،- كامالىددىن ئۇستەلنى مۇشتىلىدى،- ئالىمجان ئۆتكەن يىلى كېلىپ بىزگە بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بەردى ھەم زىننەتلەشكىمۇ ئۈچ-تۆت تۈمەن خەجلىدى. بىز ياپونىيىگە بارغىنىمىزدا شۇنچىلىك ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ، سوۋغا-سالاملار بىلەن يولغا سالدى. سېلىقنى يەنە مۇنداق ئېغىر سالساق، ئۇلار نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟

- ئۆينى ئۇ بىكار ئېلىپ بەرگىنى يوق،- زاھىدە قايىل بولمىغان قىياپەتتە ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى،- ئەگەر ساھىبە ياپونىيىدە يول مېڭىپ ئالاقە ئەۋەتمىگەن بولسا، ئالىمجان ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارالامتى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈنى بولارمىدى؟ ئۇ قانچە قىلسا قىزىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرالمايدۇ.

- شۇنداقتىمۇ...

- بولدى قىلىڭ، تېنەپ قالغان بۆدۈنىدەك سايراۋەرمەڭ.

كامالىددىن ئەمدىلا گەپ باشلىشىغا ئىشىك چېكىلدى، زاھىدە ئېرىگە چېقىر كۆزلىرىنى بىر ئالايتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

كامالىددىن بىلەن زاھىدە ئالىي مەكتەپنىڭ پېنسىيىگە چىققان پروفېسسورلىرى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلۇق قىزى ساھىبە بىلەن بولغۇسى كۈيئوغلى ئالىمجان ياپونىيىدە خەلقئارا ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىنى ئوقۇپ، ياپونىيە-ئامېرىكا ھەسسىدارلىقىدىكى چوڭ بىر شىركەتنىڭ توكيودا تۇرۇشلۇق كەسپىي خادىملىرى بولۇپ قالغانىدى. ئالىمجان بۇ شىركەتنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە سودا ئىشلىرى بىلەن دۆلەتلەر ئارا قاتنايتتى ۋە جۇڭگوغىمۇ پات-پات كېلىپ تۇراتتى. ئۆتكەن يىل شىنجاڭدىكى مەلۇم شىركەتكە مەبلەغ سېلىش يۈزىسىدىن كەلگەندە، كەلگۈسى قېيىناتا-قېيىنانىسىغا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان «روشەنباغ» دىكى ئاۋار بىنالاردىن 20نەچچە تۈمەنگە بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بەردى ۋە ھەشەمەتلىك زىننەتلىدى. ئۇ، قايتىدىغان چېغىدا ئۇلارنى ياپونىيىگە بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئالىمجان كېتىپ بېرىم يىلدىن كېيىن كامالىددىن بىلەن زاھىدە ياپونىيىگە باردى. ساھىبە، ئالىمجان ئىككىسى ئۇلارنى سەيلە-ساياھەت قىلدۇردى. ئاپارمىغان باغچا، پورت، كۆرگەزمىخانىلار قالمىدى. بىر كۈنى زاھىدە ئالىمجاننىڭ ياتىقىدىكى ئىشكاپنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بېزەلگەن بىر بۇيۇمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قاپارتما گۈللەر جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىسىدا «ئاقساراي» نىڭ سۈرىتى بولۇپ، چەمبەرسىمان زەڭگەر ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ھاۋارەڭ، ھال، يېشىل، سېرىق جىمىرلاپ، گويا راستتەك كۆزنى چاقاتتى. زاھىدە ئالتۇن رەڭلىك قاپارتما گۈللەرنى، ئاستى تەرەپتىكى ئېگىلىزچە خەتلەرنى سىلىدى. بولۇپمۇ ئۇ، ئۆزلۈكسىز جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ: «ئۆيگە تىزىپ قويغىدەك نەفىس بۇيۇمكەن» دېۋىدى، ساھىبە كۈلۈپ كېتىپ چۈشەندۈردى. ئەسلىدە ئۇ ئالىمجاننىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 20مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا مۇكاپات بېرىلگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئىدى.

زاھىدەگە ياپونىيىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، مەدەنىي ھاياتى، شەھەر تەرەققىياتى قاتارلىق ھەممە نېمىسى ياقتى، بىراق ئىككىلا نەرسە كۆڭلىگە ياقمىدى: بىرى، ئىش تۈزۈمى، يەنە بىرى، ئۆي ياساش ئادىتى ئىدى. ئۇلار ئىش ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى، خىزمەت ۋاقتىدا بىر-بىرى بىلەن پاراڭلىشىش تۈگۈل، ھەتتا ئاتا-ئانىسى كىرىپ قالسىمۇ، يات ئادەمدەك تونۇمايتتى. ياپونلار ئۆينى ئاددىيلا جابدۇپ قوياتتى. ھەر ئۆيدە تاماق يەيدىغان شىرە، ئولتۇرىدىغان كۆرپە، ياستۇق، كىيىم-كېچەك سالىدىغان تامجاھازلىرى، بىر نەچچە تەشتەك گۈل دېگەندەكلەر بىلەن ئۆي ئازادە-كەڭتاشا تۇراتتى.

- «پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ» دېگەن سۆز گەرچە كونا ئىبارە بولسىمۇ، لېكىن بۇ پاكىت،- دېدى كامالىددىن ئايروپىلاندا قايتىپ كېلىۋېتىپ،- ياپونىيىلىكلەر ئۆزلىرىگە ئەنە شۇنداق قاتتىق تەلەپ قويغاچقا، دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى.

- قۇرۇق گەپ، ھەممىسى كىتابىي سۆزلەر،- زاھىدە كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئېرىگە قارىدى،- ئۇلارنىڭ ئىش تۈزۈمىنىڭ تۈرمىدىكى مەھبۇسنىڭ مەھكۇملۇقىدىن پەرقى يوقكەن. ئازراقمۇ ئەركىنلىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمىغان خىزمەتنىڭ رېجىم ئاستىدىكى ئەمگەكتىن نېمە پەرقى؟ مانا بىز خىزمەت ۋاقتىدا ئوتياش، گۆش، تۇخۇم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغىلى چىقىپ كېتىمىز، ھەتتا، بېشىم ئاغرىپ قالدى، دەپلا كۆڭلەپ بارمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ... مائاشىمىزدىن بىر تىيىن كېمەيدۇ، يەنە...

كامالىددىن زاھىدەنىڭ ئاغزى ئېچىلدىمۇ، خۇددى قازاندىكى قوماچتەك توختىماي چاراسلاپ ئېتىلىدىغان مىجەزىگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ئايالىنىڭ ۋالاقلاشلىرىنىڭ بېلىگە تېپىپ، گەپنى ئەپقاچتى.

- ئالىمجان ئۆزىنى توختاتقان، ئىقتىدارلىق ئادەم بوپتۇ،- كامالىددىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زاھىدەگە قاراپ قويدى،- بۇمۇ قىزىمىز ساھىبەنىڭ بەخت-تەلىيى.

- ئۇ، كىچىكىدىنمۇ شۇنداق مۇرتەمستى، - دېدى زاھىدە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ. - پېچاندا ۋاقىرىسا، تورپاندا «ھە» دەيدىغان، تاغالڭ بارمۇ دېسە، ئۇخلاپ قوپۇپ ئەتىسى: «تاغار يوق» دەپ جاۋاب بېرىدىغان مىجەزى ھازىرمۇ قالماپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى پاقىغا چۈشۈپتۇ، دېگەندەك، ساھىبەنىڭ ئۇنىڭغا ئامراقلىقىچۇ تېخى...

- ھەي، ھەي زاھىدە، بىر گوبدان بالىغا قارا سانىماڭ.

- كامالىددىنىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندى. - كەمسۆز يىگىت - ساز يىگىت، مەدداھ يىگىت ماز يىگىت، دېگەن دېگەن ھېكمەتلىك سۆزمۇ بارغۇ... ئاغزىم بار دەپ سۆزلەۋېرىدىكەنسىز.

- ھۆيت، ياپونىيىگە بېرىپلا تىلىمىز چىقىپ قاپتىغۇ، - زاھىدە ئېرىگە قايرىلىپ ئالقانلىرىغا ئۇردى، - قاراساناپ - سانىماي ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش غولجىلىق پوچىلارنىڭ كۆچىكىغۇ؟ ۋاي قوۋزرغام، ئۇچۇ...

ئەتراپتا مۆگىدىشىپ ئولتۇرۇشقان يولۇچىلار ئۇلارغا قاراشقا باشلىدى. كامالىددىن نومۇس قىلغىنىدىن يېرىلىپ كەتكىدەك بولدى - دە، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئايالىنىڭ ئاغزىنى جىمىقتۇردى ۋە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئۇخلىمىغاندەك بولىۋالدى.

كامالىددىن بىلەن زاھىدەنىڭ توي قىلغىنىغا 33 يىل بولدى. مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش ھەر كۆڭۈلدە ھەر خىل ئەكس ئېتىدىكەن. تومۇز ئىسسىقتا ئادەملەر قاچىدىغان ئوت، قەھرىتان سوغۇقتا تەننى شۈركەندۈرىدىغان مۇز نۆۋىتى كەلگەندە ئادەم ۋۇجۇدىنى يايرىتىۋېتىدۇ. گۈلدەك چىراي ئەمما سورلۇك تەلەت، مۇز ئۈستىدىكى چوغدەك سوغۇق ئۈچقۇن چاچراتقان كۆزلەر، كۆڭۈلگە ئوغىدەك ئورناپ قالىدىغان ئاچچىق سۆزلەر غەلىتە - ياۋا، ئۆركۆگەك نازلار ئۆز زامانىسىدا كامالىددىنىنى مەھلىيا قىلىپ قويغانىدى. خەيرىيەت، ئۇلار توي قىلدى، بىر قىز، بىر ئوغۇللۇق بولدى، لېكىن زاھىدەنىڭ ئاشۇ زەھەردەك مىجەزى زادىلا ئۆزگەرمىدى. زاھىدە ئارازلىشىپ قالغان كۈشەندىلىرىنىڭكىلا ئەمەس، ھەتتا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق، مەرىكە سورۇنلىرىدا كۆزىگە سىغمىغان ھەر قانداق كىشىگە تونۇسۇن - تونۇمىسۇن بىر ئاماللاپ نەشتىرىنى سانچىيتتى. شۇڭا زاھىدە بارىبەردە ئاياللار مەسچىتتە ئولتۇرغاندەك شۈكلەپ كېتەتتى.

كامالىددىن بارا - بارا كۆندى. ئۇ، تاكاللىشىپ، سوقۇشۇپ، ماي تارتىشىپ زاھىدەگە تەڭ كېلەلمىدى. ئاخىرى: «ئەلھۇكمۇلىللا» دېدى - دە، «سېنىڭ راست» قا تۇردى.

بۇغۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار، ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. كامالىددىنىنىڭ بايا قاسىم سوپىنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئاچچىقلاپ قېلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بىر ئاي ئىلگىرى ساھىبە ياپونىيىدىن دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلدى. قىزىنىڭ هاردۇقى چىقار - چىقمايلا قارا باسقاندەك بىر سەھەرلىكىلا زاھىدەگە توي قىلىش جىنى چاپلاشتى. ساھىبەنىڭ: «ئالىمجاننىڭ مۇھىم يىغىنى بار، يىغىندىن كېيىن سودا كېلىشىمى تۈزۈش ئۈچۈن كاناداغا بارىدۇ. بولمىسا مەن بىلەن بىللە كەلمەكچى ئىدى» دېگىنىگە قارىماي قىزىنىڭ نامىدا: «ئاپام ئېغىر كېسەل، تېز كېلىڭ» دېگەن تېلېگراممىنى سېلىۋەتتى. خەير، ئارىدىن ئۈزۈن ئۆتمەيلا ئالىمجانمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ، ھەقىقەتى ئەھۋالنى ئۇقۇپ راستتىنلا تېرىكىپ قالدى. بىراق ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتى، زاھىدەنىڭ بېسىمى، ساھىبەنىڭ تەڭقىسلىقتا قېلىشى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولدى.

زاھىدە ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن قاسىم سوپى: «تويلار مۇبارەك» دېگىنىچە كىرىپ كەلدى - دە، كامالىددىن بىلەن كۆرۈشۈپ، تەكەللۇپسىزلا ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. ئۇ، ئۈچىسىغا كۆزلۈك كۆلرەڭ پەلتۇ، بېشىغا تىۋىتلىرى ئۆرلەپ تۇرغان قارا مۆۋۈت شلەپە كىيگەنىدى. ئۆپكىرەڭ سوزۇنچاق يۈزىدىن مۇغەمبەرلىك، تەلۋىلىك چىقىپ تۇراتتى. كامالىددىن ئۇنىڭ چالا قىرىلغان ساقىلىغا، بويىنىنىڭ سوغۇقتا تۈگۈپ ئۇششاق مودۇرچاق باسقان كۆكۈمتۈل تېرىسىگە قاراپ، قارا بۇ كاززاپنى، ئۇياقتىن تېلېفون بېرىپ بولغىچە بۇياقتىن شاپاشلاپ يېتىپ كەلگىنىنى، دەپ ئىچىدە غىجىنىدى. قاسىم سوپى كامالىددىن بىلەن زاھىدەنىڭ «چوڭ» ئىشلارغا تۇتۇش قىلغانلىقى، ساھىبەنىڭ «كاتتاخانىم» بولۇپ كەتكەنلىكى، بۇ ئائىلىنىڭ شەھىرى ئەزىمدە نامۇ - نىشانى بار ئىكەنلىكى، شۇڭا توينى ئەلنى تاڭ قالدۇرغىدەك قىلمىغاندا خەقنىڭ سۆز - چۆچەككە قالىدىغانلىقى ھەققىدە باش - ئايىغى يوقلا سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى شىرەدىكى تىزىملىككە چۈشۈشى بىلەن چاقىرىدىغان مېھمانلارنىڭ قانچىگە يەتكەنلىكىنى سورىدى. كامالىددىن جاۋاب بېرىش بىلەن قاسىم سوپىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى چەكچەيدى:

- بولماپتۇ، كامىلوف ئەپەندى، ئۇزلىرى كىم، زاھىدە خانىم كىم؟! - دېدى قاسىم سوپى قوللىرىنى قىلىچ كەسكەندەك ئوينىتىپ، - ھەر قايسىلىرى ئۆتسا سېپىي، قىچقارسا ئېتى بار مۆھتەرەملەر، پۈتكۈل شەھىرى ئەزىمنى چاقىرسىلىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساھىبە جاھاندا بىر گۈل! ھى - ھى - ھى... قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويدۇممۇ نېمە!

- ئىككى كۈندىن بېرى كاللامدا كەزمىگەن يەر قالمىدى، - دېدى كامالىددىن ئېغىر تىنىپ، - بىر كۆرۈشكەن تونۇشلارنىمۇ يازدىم. شۇنداقتىمۇ ئاران 400 دىن ئېشىپتۇ.

- مىڭدىن ئاشمىغان سانىنى سان دېگىلى بولامدۇ، - قاسىم سوپى مەنسىتمىگەندەك كۈلدى، - ئۇنداقتا پايدا ئېلىش ئەمەس چىقىمىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ. ھەر قايسىلىرى توي - تۆكۈن، مەرىكە، ئولتۇرۇشلاردىن قالمىغان، ئادىمەتچىلىكىنىمۇ كۆڭۈل تىنىغىدەك قىلغان. مانا ئەمدى ھوسۇل يىغىۋېلىش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەندە مىكى - مىكى دەپ سۇسلۇق قىلىپ ئولتۇرۇشىلا بولمىغىنى...

- شۇ ئەمەسمۇ، - دېدى زاھىدە جانلىنىپ، - قاسىم سوپى تويلارغا ئارىلاشقاچقا، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ.

- مۇنداق بولسۇن، - قاسىم سوپى قىزىل كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، - ئېرىقىنىڭ نېمىدەك تونۇش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا 20 - 30 باغاقنى بېرىمىز، ئۇلار يېقىن تونۇشىمىز ياكى تۇغقىنىمىزنىڭ توي، دەپ ھەقەمسايىلىرىغا تارقىتىۋېتىدۇ. سىلىنىڭ قىلىۋاتقان مەرىكىلىرىگە كەلمەي قويمايدۇ، كەلگەندىمۇ ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ كەلمەيدۇ - دە...

- تونۇمىغانلارنىمۇ چاقىرىمىزما؟ - كامالىددىنىنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

- ھەي ئادەم، - دېدى زاھىدە ۋارقىراپ، - بىزگىمۇ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن نەدىكى بىر ئادەملەردىن باغاق كەلدىغۇ، بۇمۇ شۇنداق ئىش...

قاسىم سوپى ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ دەللال ئىدى. توينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش مەسلىھەتى باشلىنىش بىلەن ئۇ، شەھەر بويىچە ئەڭ داڭلىق «زۇمرەت» ياكى «ئاققۇ» رېستورانلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەتتا تويدا مۇلازىملار ئالدىغا تارتىدىغان پەرتۇق، مەيدىسىگە تاقايدىغان گۈل، ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئەرلەرگە گالستۇك، ئاياللارغا بولسا

رومال، شارپا ئارتىپ قويۇش لازىملىقى، بۇلارنى ئۇزى ئەرزان ئېلىپ بېرىدىغانلىقىغا قەدەر توينىڭ ئەڭ ئۇششاق مىزانلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. قاسىم سوپى قىز مېلى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 50مىڭ سومنىڭ گېپى چىققاندا دەسلەپتە سەل چۆچۈگەندەك بولدىيۇ، لېكىن ئارقىدىن: «ھېچقانچە ئەمەسكەن» دەپ قويدى. چۈنكى بۇنداق كۆپ پۇلنى ھەل قىلغىنىدا ئۆزىگىمۇ ئاز ھەق قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ، چەت ئەلدە ئىشلەۋاتقان بۇ «بەگزادە»، «خېنىم»لارنىڭ تويىدىن خېلى نەپ تېگىدىغانلىقىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، خۇشلىقىدا تويدا ئىشلىتىدىغان ھىيلە-مىكىرلەرنىمۇ ئاشكارىلىدى:

- زاھىدە، بىر ئىشنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي،- دېدى قاسىم سوپى سىرلىق ئاھاڭدا،- تويدا پۇل يىغىدىغان ئاياللار ئۈچتىن كەم بولمىسۇن، ئۇلارنى يۈز-ئابرويلۇق، نامۇ-شەرىپى يوللۇقلاردىن تاللاڭ، ئادەمدەك تومۇرچى، يوغانچى بىر نېمە يوق، پۇلنىمۇ يۈزگە قاراپ بېرىدۇ. . .

قاسىم سوپى يېقىندا ئۆزىنىڭ پىلان كۆرستىشى بىلەن بولغان بىر تويىنى ماختىنىپ سۆزلىدى. ئۇ، توي ئىگىلىرىنىڭ رېستورانغا 10مىڭ سوم خەجلىگەنلىكى، لېكىن چۈشكەن نەرسىلەردىن باشقا 20نەچچە مىڭ سوم نەق پۇل كىرىم قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭمۇ بىر پەلتولۇق سارجا، ئىككى مىڭ سوم ئادىمەتچىلىككە ئېرىشكەنلىكىنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

- قاراڭ زاھىدە ، ئادەتتە ئەرلەر يەپ-ئىچىپ كېتىدۇ، ادىمەتچىلىكنى كۆپىنچە ئاياللار قىلىدۇ،- دېدى قاسىم سوپى ئولۇپ تۇرۇپ،- يېقىندا مۇنداق بىر ئىش چىقتى. پۇل ىغىدىغانلارغا بېرىلىدىغان خاتىرىنىڭ باش بېتىگە يالغان ىسىملارنى پۈتۈپ، 200 سومدىن 1000سومغىچە سان يېزىلىدۇ. پۇل بېرىدىغانلار باشقىلار قانچىدىن تاپشۇردىكىن، دەپ خاتىرىگە قارايدىغان ئىش بار. ئۇلار بۇ سانلارنى كۆرگەندە ئىزا تارتقىنىدىن 50سوم پىلانلاپ كەلگەن بولسا 100 سوم، 100 سوم كۆڭلىگە پۈككەن بولسا 200 سوم قويىدۇ. . .

- پاھ، ئۇلارنىڭ ئۇستاتلىقىنى قارا،-دېدى زاھىدە كۈلۈپ،-شۇ ئەمەسمۇ كۈندە توي قىلمىغاندىكىن. . .

- بولسىغۇ ھەر بىر شىرەگە پۇلدار ھەم ئەڭ يېقىن تۇغقانلارنى سەپلەپ ئولتۇرغۇزساق تېخىمۇ ياخشى،- قاسىم سوپى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلۈپ كەتتى،- خوتۇنلار ئابروي قوغلىشىدىغان مەنمەنچى خەق، سىنىڭدىن مەن قالامتىم، دەپ يۈرىكىنى. سۇغارغاندەك قىلىپ يانچۇقىنى تەتۈر ئۆرۈشىدۇ.

كامالىددىن قاسىم سوپى بىلەن زاھىدەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گاراڭلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساخاۋەتلىك، ساۋابلىق، ھىممەتلىك توي ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭ سودا ئۈستىدە كېلىشىم بولۇۋاتقاندەك، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى ئوڭدا قويۇشتا ھەرخىل چارە-تەدبىر، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ يانپاشقا ئېلىشۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ قاسىم سوپىنىڭ پىلانلىرى گويا بىركىم ئۇنىڭ يۈزىگە يۇندا چېچىپ، غورۇرىنى دەپسەندە قىلىشۋاتقاندەك، بازاردىكى خېرىدارلار قىزى ساھىبەنى مالدەك باھالاپ خورلاۋاتقاندەك ئازابلاندى. تۇرمۇش دېگەندە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى ئۆمۈر بويى «خېنىم»، «غوجام» دەپ ئۆتكىلى بولامدۇ؟! ئاريدا بىرەر غىڭ-غاڭ بولۇپ قالسا: «ھەي، نېمىڭگە يوغانلىق قىلىسەن، مەن سېنى مۇنچە مىڭ سومغا سېتىۋالغان» دېسە، قىز بالا دېگەن ئاجىز بولىدۇ، ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر؟!

- سىلەرنىڭ گېپىڭلاردىن مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن،- دېدى كامالىددىن بېشىنى چايقاپ،- «بۇقا بويىنىغا يىغار، ئابدال قويىنىغا» دەپ، بىز بۇ تويىنى مال-دۇنيا يىغىۋالىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرىدىكەنمىز-دە. . . ھۆكۈمەت مەركىلەرنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈڭلار دەۋاتسا، گېزىت-ژۇرنال، تېلېۋىزىيىدە تەشۋىق قىلىنىۋاتسا، بىز ئەكسىچە ئىش قىلساق، «بېگىمز قاپتا ياتماس، ئۆلۈك تاغاردا» دېگەندەك، تويدىن كېيىن ناغرا چالىدىغانلارچىقماسمۇ. . . يەنە. . .

- چالسا چالامدۇ، مېنى دېسە ئۆگزىگە چىقىپ چالسۇن،

- زاھىدە ئېرىنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى،- بۇنداق چوڭ توي قىلىۋاتقانلار بىزلىمىتۇق.

- ھەممىدىن ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنى 50 مىڭ سوم، بىلەمسىز،- كامالىددىن ئۇستەلگە پاقىلدىتىپ ئۇردى،- قايسى يۈزىمىز بىلەن ئەركەك قۇدا، چىشى قۇدىلارغا دېيەلەيمىز ، سەت ئەمەسمۇ، نومۇس قىلايلى، چېغىدا بولسا بولارمىكىن.

- كامىلوق ئەپەندى،- دېدى قاسىم سوپى ھىجىيىپ،- «قوشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دېگەن گەپ بار، مەن ئەپلەپ-سەپلەپ ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىمەن. ھەرقايسىلىرى قولاقلىرىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەرسىلە. . . ھازىر جاھاننىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەن چاغ، تويلارمۇ تاۋارلىشىپ كەتتى.

ئۇلار يەنە بىر ھازا تالاش -تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن زاھىدە قاسىم سوپىنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. لېكىن ئۇ ئىشكتىن كىرگەنچە كۆرۈك توخۇدەك ھۈرپىيىپ، كامالىددىنغا ھۇجۇمنى باشلىۋەتتى:

- ھەي، سىز بىر ئوبدان مەسلىھەتنى تەتۈرىسىگە بۇراپ، نېماندىغ تىلىڭىزدا تىكەن ئېرىپ يۈرۈيسىز؟ ئاچ نېمە يېمەيدۇ، ئەل نېمە دېمەيدۇ، قورقۇپ ئولتۇرساق توي قىلىمساق بولىدۇشۇ. . .- زاھىدە قوللىرىنى بېقىنىغا تىرەپ، ئۆي ئوتتۇرىسىدا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇراتتى،- قىز بالا دېگەنچۇ ئەنجۈرگە ئوخشايدۇ، ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالسىلا سېسىيدۇ، كۆڭلىنىڭمۇ ئېچىلمىقى بار، سولمىقى بار. گەپ قىلمىسام بىردەم ئالىمجان ئۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلغان دەۋاتقان، تۇرۇپلا نەدىكى تەشۋىقلارنى سۆزلىگەن. . . بۇ غۇلجىلىق دېگەنغۇ چىرايلىق گەپ قىلىشنى بىلمەيدىغان خەق. «ئەركەك قۇدا، چىشى قۇدا» ، شۇمۇ گەپ بوپتىمۇ! . . .

- ئەمىسە نېمە دەيدۇ؟- يۈرتىنىڭ گېپى چىقىش بىلەن كامالىددىنمۇ بۆرە تېرىسىنى كىيىپ قوپتى،- «دادىكا، ئانىكا» دەمدۇيە؟. . . سىز تولا چىشىمغا تەگمەڭ. . .

- بىزنىڭ يۇرتتىچۇ بىر چىرايلىق «قۇداغىي» ، «قۇداشا» دەيدۇ. . .- زاھىدە ئېرىنىڭ كۆزىگە مىختەك قادالدى،- ھايۋاننى ئاتىغاندەك «ئەركەك» ، «چىشى» دېمەيدۇ.

- بۇ. . . بۇ. . . قازاقچە گەپقۇ،- كامالىددىن ئاچچىقىدا دۇدۇقلاپ كەتتى،- ئۇلار ساغلىقنى «ئۇرغاشا» دەيدۇ. «قۇداشا» دېگىنى ئوخشاشلا چىشى قۇدا دېگەنلىكقۇ. . .

- تېخى بۇ خەقنىڭ «ئەتكەنچاي» دەپ بىرنېمىسى بار،- گەپتە تۇتۇلۇپ قالغان زاھىدە ھۇجۇمنى باشقا ياققا قاراتتى،- كوركىرىتىپ قۇيۇپ بېرىۋاتقان. . . شامىسىنى نەچچە كۈن چايناۋاتقان. . .

- مەن سېنىڭ چىغنى يېرىپ قالايدىغان بۆكۈمدەك يۇرتۇڭنىمۇ ئوبدان بىلىمەن،- ئاچچىق تۇتۇۋالغان كامالىددىن بىردىنلا سەنلەشكە ئۆتتى،- ئۇ تەرەپكە ئون قەدەم، بۇ تەرەپكە بەش قەدەم ماڭسا ئايدالاغا چىقىپ قالىدىغان ئىسمى جىسمىغا لايىق چۆچەكتەكلا يەرغۇ. . . ، تېخى قاراچاينى، تۇزنى، سۈتنى سوغۇق سۇغا قويۇپ، ۋارتاقشىتىپ قاينىتىپ ئاداپتەك ئىچىدىغان چېيىنىمۇ كۆرگەنمەن. . . ئەتكەنچاينىچۇ قارا، بىر مەھەللىدە ، بىر كوچىدا بىر-ئىككى موماي ئېتەلەيدۇ. . . خام

قايماق، پىشىق قايماقلارنى ئېزىپ، قاراچاينى ئايرىم دەملەپ، تۇزىنى تەڭشەپ، سورۇپ خۇددى تاماق ئەتكەندەك مەخسۇس ئىشلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى «ئەتكەنچاي» دەيدۇ...

— ۋايىيەي، ماسەتنىڭ دەپكەتكەن گەپلىرىنى كۆرەيمۇ... مەن خۇددى ئىچىپ باقمىغاندەك...

— شامىسىمۇ مەززىلىك بولۇپ كېتىدىكەن دەپ چاينىڭ ئىسىگىدىدۇ، — كامالىددىن كۈلۈپ سالدى-دە، پەسكارىغا چۈشتى، — قاراڭ زاھىدە، ئىككى زىيالىينىڭ مۇشۇنداق يۇرتۋازلىق قىلىۋاتقىنىنى باشقىلار كۆرسە نېمىمۇ دەر؟... ھەممە يۇرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى بار. سىز بارغانلا سورۇندا ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىۋەرگەندىكىن سىرتتا: «زاھىدەنىڭ ئوغلى غۇلجىلىقتىن قىز ئالدى، قىزى غۇلجىلىققا تەگمەكچى، ئۆزىنىڭ ئىرىمۇ غۇلجىلىق، شۇڭا غۇلجىلىققا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلسا كېرەك» دېگەن گەپ چىقىپتۇ...

— ۋاي بېشىنى يەيدىغانلار، يەنە شۇ غۇلجىلىقلارنىڭ تاپقان گېپىدۇ، بۇ، — زاھىدە ئالمان-تالمان ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

* * *

كەڭ-ئازادە مېھمانخانا ھەرخىل ئۆي جاھازلىرىسىز ئاددىيلا جابدۇلغان. دېرىزىلەرگە تارتىلغان ھاۋارەڭ تور پەردىلەر ئالدىدىكى ياپراقلىرى ياپيېشىل پارقىراپ تۇرغان چوڭ تەشتەكلىك پىكوس، دېرىزە تەكچىسىدىكى رەڭگا رەڭ گۈللەر، قارشى تامغا سەل قىيپاش ئېسىلغان شىشكىنىڭ «يامغۇردىن كېيىن» دېگەن مەنزىرە رەسىمى، رېپىنىنىڭ «ۋولگا دەرياسىدىكى كېمە سۆرىگۈچىلەر» ناملىق ماي بوياق رەسىمى مېھمانخانىنى بۆلەكچىلا ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ رەسىملەر كۆچۈرۈلمە نۇسخا بولسىمۇ، ھەرھالدا ياخشى سىزىلغانىدى.

مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا-تام ياقىلىتىپ تىزىلغان خورۇم دىۋاندا 65 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم دىۋان يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ چىرايى موم يالاتقاندەك پارقىراق، قورۇقسىز بولسىمۇ، قويۇق، يىرىك چاچلىرى، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى سۇۋارى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بۇ بەستلىك، تۇرقىدىن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەم ئالىمجاننىڭ دادىسى ئىسلامجان ئىدى. ئۇ گەرچە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇخلىمىغان بولۇپ، بىر-بىرىدىن چېگىش خىياللار ئىلكىدە ئۆزۈپ يۈرەتتى. ھەتتا ئۇ ئايالى رازىيە سوۋۇپ قالغان چاينى يەڭگۈشلەپ ئالدىدىكى ئەينەك شىرەگە قويۇپ كىرىپ كەتكىنىچىمۇ كۆزىنى ئاچمىدى.

تۈنۈگۈن قاسىم سوپى كەلدى. ئۇلار باھادا كېلىشەلمىدى. بىرسى: «30 مىڭ» دېسە. يەنە بىرسى: «كەم بولار» دېدى. ئاخىرى قىزمىلى 35 مىڭغا چىقتى. بىراق قاسىم سوپى يەنىلا: «كەم بولار» دەپ تاش چىشلەپ تۇرۇۋالدى.

ئۇ بۈگۈن ئاخىرقى «سودىلىشىش» قا كەلمەكچى، ئالىمجان بۇ سودىدىن تېخى بىخەۋەر. ئۇنى دوستلىرى بىر تويغا ئېلىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىلا كەلدى. ئۇھازىرغىچە ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئىسلامجان، كامالىددىن، زاھىدەلەر ئەسلىدە ياشلىقى چېگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن كونا ساۋاقداشلار، ھازىر بولسا دەم ئېلىشقا چىققانلار ئىدى. ئۇلار 1952-يىلى ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كەلدى. ئىسلامجان بىلەن رازىيە فىزمات (فىزىكا-ماتېماتىكا) كەسپىدە، كامالىددىن، زاھىدەلەر خىمىيە كەسپىدە ئوقۇدى.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىنستىتۇت ئۇلارنى مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىپ، كۆپ ئۆتمەي بېيجىڭگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ تۆت دوستنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشتە كۆپ كۈچ چىقارغان فاكۇلتېت مۇدىرى مەۋلانوف ئىدى. ھازىر ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك چوڭ رەھبەر بولۇپ، دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، كامالىددىن، ئىسلامجانلار ھېلىھەم ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

ئۇلار بېيجىڭدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەۋلانوف ئۆزى ئاتىدارچىلىق قىلىپ ئىككى جۈپ ياشنىڭ تويلىرىنى قىلىپ قويدى. ئۇلار بالا-چاقىلىق بولدى. ئالىمجان بىلەن ساھىبە بىر قورۇدا چوڭ بولدى. زاھىدەنىڭ بىر كۈنى بوران، بىر كۈنى يامغۇردەك مىجەزى بۇ ئىككى ئائىلىنى پات-پاتلا ئارازلاشتۇرۇپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ غىش-غاشلىرى بۇ غۇبارسىز نارەسىدىلەرنىڭ ئىجىللىقىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى. ئەمما زاھىدەنىڭ زەھەر-زۇقۇم تەنىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن رازىيە ئاخىرى بېشىم پاتقىدەك توخو كاتىكى بولسىمۇ مەيلى، دېدى-دە، ئالىمجان، ساھىبەلەر 10 ياشقا كىرگەن يىلى باشقا بىناغا كۆچۈپ كەتتى. بىراق بۇ ئىككى بالىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىمۇ، ئويۇنلىرىمۇ رازىيەنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. «ئۈچ بولماڭ، گىرىپتار بولارسىز» دېگەن گەپنى راست ئېيتىپتىكەن. تەقدىرنىڭ كۆرسىتىدىغىنى كۆپ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەنلا ئۆتەمدىغاندۇ؟ مانا ئەمدى زاھىدەلەر بىلەن قۇدا بولۇشماقچى!

ئىسلامجان ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر ئوتلىدى-دە، ئۇھ دېگىنىچە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، دىۋان يۆلەنچۈكىگە باش قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى كامالىددىن، زاھىدەلەرنىڭ ئەلچى يەنە قاماللىدى.

ئالىمجاننى ھېيلە ئىشلىتىپ چاقىرتىپ كېلىش تويۇقسىز توي قىلىشقا ئالدىرىتىشلارغا ئىسلامجان ئانچە خاپا بولۇپ كەتمىدى، پەقەت مەۋلانوفكام ئەلچى بولۇپ كىرسۇن، دېگەن تەلەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۇيان ئويلا-بۇيان ئويلا ئاخىرى ئوغلىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ئالىمجانغا ئوقتۇرماي مەۋلانوفنىڭ ئۆيىگە باردى. 70 تىن ئاشقان بۇ ئادەم ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۆزۈنغىچە دىمىقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۇ يىپەكتەك ئاپئاق شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئىسلامجان! بۇ ھازازۇل خوتۇن لەۋزىمىزنى ئالسىغۇ ياخشى، بىراق ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىققىلى تۇرسا، لەت بولۇپ قالىمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

مەۋلانوف شۇنداق دېگەن بولسىمۇ ئەلچىلىككە باردى. ئۇ، سۆزگە چېۋەر ئادەم بولغاچقا، ئىشلار ھېچقانداق كۆڭۈل ئاغرىقسىز ئاياغلاشتى. مانا ئەمدىلىكتە نومۇس قىلماي قىز مېلى ئۈچۈن 50 مىڭ سوم تەلەپ قىلىۋاتسا، يەنە كېلىپ بۇ ئىشقا قاسىم سوپىدەك ئادەمنى ئارىلاشتۇرۇپ، تويىنى ھايانكەش-مەككارلارنىڭ قارا ئىغۋا بازىرىغا ئايلاندۇرۇۋاتسا، كىمنىڭ قورسىقى كۆپمەيدۇ. ئىسلامجاندەك چەت ئەلدە تاپاۋەتلىك ئوغلى بارلارغۇ بىر ئاماللاپ تۆلە، باشقىلارچۇ؟! ھازىر توي قىلغىنىغا بىر-ئىككى يىل بولمىغان ياشلارنىڭ كۆپلىرى ئاجرىشىۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يىگىت تەرەپ قىز مېلى ئۈچۈن يىغىپ-تۆشەپ قويغانلىرى يەتمەي قەرز ئالىدۇ. تويدىن كېيىن قەرز تۆلىنىشىدۇ. بەك قىستاپ كەتكەنلىرىگە مائاشلىرىنى سېلىپ بېرىدۇ. ئاخىرى تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ يەنە ئۆتنە-يېرىم قىلىشىدۇ. نەتىجىدە، پۇلى يوق يىگىت ئەمەن

پۇرايدۇ، دېگەندەك قىز خېتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلامجان مۇشۇ ئولتۇرۇشىدا كەچ قىلىشقا ۋەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن رازىيە ئۇنىڭ مۇرىسىدىن يېنىككىنە تۇرتۇپ: «هوي ئادەم، قاسىم سوپى كەپتۇ، ئۇ سىزنى ئوخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ دالان ئۆيدە ئولتۇرىدۇ» دېدى. ئىسلامجان ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ: «باشلاپ كىرىڭ» دەپ ئاستا غۇدۇڭشۇپ قويدى.

ئىسلامجان بىلەن قاسىم سوپى ئوتتۇرىسىدىكى «باها تالىشىش» بىر پەس داۋاملاشتى. ئىسلامجان 35مىڭدىن يۇقىرى ئۆرلىمىدى، قاسىم سوپى 40مىڭدىن چۈشمىدى. ئۇلار راسا تالىشىۋاتقان پەيتتە مېھمانخانا بوسۇغىسىدا ئالىمجان پەيدا بولدى. ئۇ، دادىسىغا ئوخشاش ئېگىز بوي، ئاتيۇزلۇك، كۆزلىرى مۇلايىم، قاشلىرى قاپقارا يىگىت ئىدى. ئالىمجان مېھمانخانىدا بولىۋاتقان ئۇنلۇك ئاۋازلارغا بىر ئاز قۇلاق سالغاندىن كېيىن، دىمىقىدا سوغۇققىنا كۈلدى. چۈنكى ئۇخەلقئارالىق چوڭ سودا كېلىشىملىرىدىمۇ مۇنداق ۋارقىراش-جارقىراش، تالاش-تارتىشنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاپىسىدىن توي سودىسىنىڭ ھەممە ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئۇقتى. شۇڭا ئاچچىقىدا مېھمانخانىغا ئۇسسۇپلا كىرگەنىدى.

- بۇ، نېمانچە تۈگىمەيدىغان تالاش-تارتىش، - ئالىمجان ادىسىغا ھۆرمەتسىزلىك بولۇشىنىمۇ ئۇنتۇپ، قاسىم سوپىغا ادىلىپ تۇرۇپ دېدى، - بىز توي قىلىۋاتىمىزمۇ ياكى سودىمۇ؟ !

- ئەمدى ئالىمجان ئىنى، - بۇركۈتتەك تىكىلىپ تۇرغان ئالىمجاندىن تېنى شۈركەنگەن قاسىم سوپى ئېڭىكىنى سىلىدى، - توي دېگەننىڭ تاماشىسىدىن تالىشىشى تولا بولىدىغان گەپكەن. . . ھى - ھى - ھى. . .

- كەچۈرۈڭ دادا، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، - دېدى ئالىمجان دادىسىنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ، - بۇنداق بىمەنە ئىشلار بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، بۇ ئادەم بىلەن ئۆزۈم كېلىشىۋالىمەن. قېنى، يۈرۈڭ. . .

ئالىمجان قاسىم سوپىنى باشلاپ مەكتەپنىڭ ئاكاتسىيىلىك بېغىغا چىقتى. كەچكۈز ۋاقتى بولغاچقا، سارغايغان ئاخىرقى ياپراقلار تۆكۈلىۋاتاتتى. قاسىم سوپى ئالىمجاندىن ئىككى قەدەم ئارقىدا پەلتۇسىنىڭ يەڭلىرىگە قوللىرىنى كەپلەپ تىقىپ، تاتلىق خىياللارغا چۆمگەن ھالدا كېلىۋاتاتتى.

- مەن سىزگە بىر گەپنى دەيمۇ-دېمەيمۇ دەپ قىينىلىۋاتىمەن، - ئالىمجان ئارقىغا قايرىلدى، - قانداق، دېسەم بولارمۇ؟

- دەۋېرىڭ، ئەندىشە قىلماڭ. . . باشقىلارنىڭ سىرىنى ساقلاشتا مېنىڭ ئاغزىمنى سادا چىقمايدىغان قەبرە دېسىمۇ بولىدۇ. . . ھى - ھى - ھى. . .

- ياخشىغۇ! - ئالىمجان ئاچچىق كۈلدى، - ساھىبەدىن ئىبارەت بۇ مال سىز دېگەن باھاغا يارايدۇ. مەن ئۇنى 40 مىڭغا سېتىۋالدىم. بۇ گېپىمنى ساھىبەگە ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

- بەلەن گەپ بولدى، - قاسىم سوپىنىڭ كۆزلىرى ياغ سالغان چايدەك پارقىراپ كەتتى، - ھەي ، ھەي. . . كۆزىڭىز بار ئىكەن جۇمۇڭ، مال تونۇيدىكەنسىز. . . خۇدايىم ئەقىلنى كىمگە بېرىشنى بىلگەن، بەرگەندىمۇ بىلىپ بەرگەن-دە. . . بۇنىڭغۇ كېلىشتۇق ، بىراق. . .

- قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

- كامىلوف ئەپەندى، زاھىدە خانىملار ناھايىتى كۆزى ئاچ ئادەملەركەن. قىزىنىڭ ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلىرى قىز مېلىنىڭ سىرتىدا بولسۇن دېۋىدى. . .

- ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل.

- پاھ، پاھ ، ئەجەب مەرد يىگىت بوپسىز! ھەي. . . ي . . . جاھان كۆرگەن -دە، جاھان.

قاسىم سوپى ئىرغىتسا تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخقە ئۇچراپ قالغاندەك خۇشاللىقىدا ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆپكۆك كالپۇكلىرى پىپىلدايلا قالدى. چۈنكى بۇ ئىشنى جايىدا بىجىرەلىسە زاھىدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئۇ، تازىمۇ موللا پوك-پوكقا يولۇقتۇم، نېمە دېسەم «ماقۇل» دەۋېرىدىكەن، دەپ ئويلىدى-دە، ئالىمجاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى

- ئەمدى. . . ئەمدى. . . ئالىمجان ئىنىم. . .

- نېمانداق تۈگىمەيدىغان گەپ بۇ؟

- يا، ياق، بۇ ھەرگىز پۇلغا تاقالمايدۇ.

قاسىم سوپىنىڭ ئاخىرقى شەرتى ئالىمجاننىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغاندەك بولدى. يىگىت ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى جايدۇغان ئۆيگە قىزنى كۆچۈرۈپ كەلمەي، قېيناتا-قېينانىسى تەييارلىغان ھۇجرىغا ئۆزى بارغان نەدە بار؟ ! بۇنداقتا ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ ئۇلار ھېلىتىنلا ئۇنى ئاتا-ئانىسىدىن يۈز ئۆردۈرۈپ ئىچ كۆيئوغۇل قىلىپ، ئالقىنىغا ئالماقچى ئىكەن-دە. . . ئالىمجاننىڭ ئىچىدىكى غەزەپ تېشىغا تەپتى، ئەزايى-بەدىنىنى تىترەك بېسىپ، قاسىم سوپىغا نەپرەتلىك نەزەر تاشلىدى.

- سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ مېنى ئانام «ئوغۇلبالا» دەپ تۇغقان. مەن ئاتا-ئانامنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، - ئالىمجان قولىنى شىلتىدى، -مەن ساھىبەنى ئالىمەنمۇ ياكى ئۇنىڭغا تېگىمەنمۇ؟ ! ئۆز گېپىڭىز بويىچە ئېيتقاندا، «مال»نى ئالغۇچى ئۇنى نەگە ئاپىرىپ، قەيەرگە قويۇشنى ئۆزى بىلىدۇ. بۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق.

ئالىمجان كېتىپ قالدى. ئۇ، ئۆيگە كىرگەندە ئىسلامجان بىلەن رازىيە غەمگە پاتقان ھالدا دىۋانغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئوغلىنىڭ جىددىيلەشكەن چىرايىغا قاراپ تەڭلا سوراشتى.

- قانداق بولدى؟

ئالىمجان ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى، لېكىن ئاخىرقى گەپنى دېمىدى. چۈنكى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىمىدى.

- پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ئاچكۆزلۈك بۇ، - دېدى رازىيە بېشىنى چايقاپ، - تازغا تارغاق بەرسەڭ يىلىم تىلەيدۇ، دەپ ئەمدى ئالتۇن جابدۇقلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى. . .

- شۇ ئەمەسمۇ، - ئىسلامجانمۇ ئېغىر خۇرسىندى، - پىلە قۇرتىدەك ئاغزىنى ئېچىپلا تۇرىدىغان خەقكەن. . .

- ئۇلار كۆزلىگەن نىشانى 50مىڭغا يەتكۈزدى، - دېدى ئالىمجان غەلىتىلا كۈلۈپ، -بۇ، توي ئەمەس، چوڭ بىر سودا بولدى. مەن ۋەتىنىمگە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، توي-مەرىكە، ھەرخىل ئولتۇرۇش، رەسىم-قائىدە-لەرنى كەشىپ قىلىپ، خەلققە ئېغىرچىلىق سېلىۋاتقانلار ئۆرۈمچىنىڭ چوڭ زىيالىيلىرى ئىكەن!

- مۇشۇ توينى كۆزۈمنى يۇمۇپلا بۇزغۇم كېلىۋاتىدۇ، - دېدى رازىيە تەتۈر قاراپ، - ئاشۇ قارا يۈز زاھىدە بىلەن قانداقمۇ تۇغقانچىلىق قىلارمەن دېگەننى ئويلىسىلا مەن بۇ دۇنيادا بىر بار، بىر يوق بولۇپ كېتىمەن.

— مېنىڭمۇ نەچچە كۈندىن بېرى كاللامغا كىرىۋالغىنى شۇ بىر خىيال، — ئىسلامجان ئوغلىغا قاراپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا نىيىتى توغرا ئەمەس.

— دادا، ئاپا، ئېيتقىنىڭلار يوللۇق، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى ئالىمجان پەس ئاۋازدا، — ئەمما ساھىبە ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى پۈتۈن شەھەر بىلىپ كەتتى. ئۇ قىز ياۋاش، يۈزى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتا-ئانىسىنىڭ يولسىزلىقلىرىغا چىداپ كېلىۋاتىدۇ. توينى بۇزغاندا ساھىبە بۇ ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟! بۇنداق دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭلار، بۇ پەقەت ساھىبەنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىنلا بېرىۋاتقان قۇربانلىق!

— باركاللا ئوغلۇم، ھەقىقىي ئوغۇلبالا ئەنە شۇنداق بولىدۇ، — ئىسلامجان ئوغلىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى، — ئاپاڭ ئىككىمىز سېنىڭ تارتىۋاتقان چىقىملىرىڭغا، ئۇلارنىڭ بېسىملىرىغا قاراپ شۇنداق ئويغا كەلگىنىمىز راست. بىراق سېنىڭ گەپلىرىڭ مېنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويدى.

— بىزمۇ شۇ ساڭا ياخشى بولسىكەن، دەيمىز، — دېدى رازىيە كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشنى بارمىقىدا سۈرتۈپ، — ئۇنى دېمىسىمۇ ساھىبە ئىككىڭلار كىشىلەرنىڭ زوقى كەلگىدەك قوشماق چوڭ بولدۇڭلار.

* * *

ئالىمجان بۇ كېچە تولىمۇ چېكىش، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن خىياللار ئىلكىدە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بالىلىق كەچۈرمىشلەر، چەت ئەلدىكى ئوقۇش خاتىرىلىرى، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى ئاچچىق-چۈچۈك كەچۈرمىشلەر ئۇنى خىيال دېڭىزىغا سۆرەپ كىردى...

ئالىمجان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا تەقسىم قىلىنغان يىلى ساھىبە ياپونىيىگە ئوقۇشقا كەتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتەر-ئۆتمەي ئالىمجانغا ياپونىيىدىن بىر چاقىرىق قەغىزى كېلىپ قالدى. بۇ، ساھىبە كۆپ يول مېڭىپ ھەل قىلغان خەلقئارا ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇش تەكلىپ رەسمىيىتى ئىدى.

خەلقئارا ئىقتىسادشۇناسلىق سىنىپىدا كەسپىتىن سىرت ھەرخىل تىل ئۆگىنىشمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئالىمجان ئېنگلىز، ئەرەب، ياپون تىللىرىنى بىرلىكتە ئۆگەندى. ئالىمجاننىڭ نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولمىسىمۇ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى بىلىشتىكى ئارتۇقچىلىقى باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى. بولۇپمۇ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئېنگلىز تىلىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان «ئىقتىسادشۇناسلىق» ۋە «ستاتىستىكا بىلىملىرى» دېگەن ئىككى كىتابى، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسى ئۇنى ھەممىگە تونۇتتى. كېيىن ئەدەبىياتقا ئائىت بىر كىتابنى ياپون تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ساھىبە ئىشلەۋاتقان ياپونىيە-ئامېرىكا ھەمسىدارلىقىدىكى بىر شىركەتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ دەسلەپ شىركەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ، بىرقانچە دۆلەتتە بولدى. چوڭ-چوڭ سودا كېلىشىملىرى، مەبلەغ سېلىش مۇراسىملىرىغا قاتناشتى. ئۈچ يىل ئۆتكەندە رەسمىي كەسىپ ئەھلى بولۇپ، شىركەتنىڭ توكيودا تۇرۇشلۇق مۇھىم خادىملىرىدىن بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئىشلەۋاتقان شىركەت قارمىقىدا قۇرۇلۇش-بىنا-كارلىق ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېلمە توقۇلما، يېنىك سانائەتكە ئوخشاش بىرقانچە تۈر بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئالىمجان كۆپ تىللىق بولغاچقا، ئۇنى ھەرقانداق سودا كېلىشىملىرىگە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتەتتى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ پاختا سودىسى بىلەن شىنجاڭغا كەلدى. ئالىمجان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغىچە ئايلىنىپ، پاختا چىقىدىغان ئەڭ چەت يېزىلارغىچە باردى. قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. بەزى دېھقانلار مايسىلىرى يەردىن بىرغېرىچ كۆتۈرۈلۈپ بولغىچە كۆكىنى سېتىۋېتىپ، بېيىغانلارغا ياللىنىپ ئىشلەيتتى. ئالىمجان ياشانغان بىر دېھقاندىن خوجايىن قانچە ھەق بېرىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ، رەندە سالغان تاختىدەك قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان تۈكلۈك مەيدىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ: «قورسىقىمىزنى باقتۇ، خۇشى تۇتۇپ قالسا خىراجى قىل دەپ بىرەر كوي پۇلمۇ بېرىپتۇ» دېدى. بىراق بۇ ساددا، مۇلايىم دېھقان ئاشۇ تۇرمۇشىدىن خۇش ھەم رازى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرىغا قارىغىلى بولمايتتى. بىر كۈنى ئۇ يېزا باشلىقى بىلەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدى. ئۇ، ئۆرۈلگەن، دەز كەتكەن تاملىرىغا تىرەكلەر قويۇلغان ۋەيرانە سىنىپلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەكتەپ ئىچى جىمجىت بولۇپ، بىرمۇ ئوقۇغۇچى كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ سىنىپلار بەك ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئالىمجان ئېچىنغان ھالدا.

— تېخى يەرتەۋرىگەن، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەرلەردىكى ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، — يېزا باشلىقى چوڭقۇر تىنىدى، — دېھقانلار بورا كەپىلەرنى تىكىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار بولسا ئايدالادا ئوقۇيدۇ.

يېزا باشلىقى سىنىپ سېلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر ياز كېسەك قويغانلىقى، لېكىن ياغاچ-تاش، بورا-سامان ئېلىش، ھۈنەرۋەن سېلىش ئۈچۈن 10مىڭ يۈەن تاپالمىغاچقا، بۇ مەكتەپنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئېچىنىپ سۆزلەپ بەردى.

— ئەمىسە، بالىلار نەدە ئوقۇيدۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئالىمجان.

— ئارقىدا، — يېزا باشلىقى خارابە سىنىپنىڭ ئارقىسىنى ئىما قىلدى.

ئالىمجان ئانچە چوڭ بولمىغان مەيداندا 15-20دىن توپ-توپ بولۇپ دەرس ئوقۇۋاتقان يېرىم يالىڭاچ بالىلارنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. قازان قارىسىدا بويالغان ئىشىك، ئەمبەل تاختىلارغا مۇئەللىملەر چالمىدا خەت يېزىپ دەرس ئۆتۈۋاتاتتى، بەزى ئوقۇغۇچىلار بارمىقىدا توپىغا جىجىپ ھېساب ئىشلەيتتى.

— ئەگەر بۇ سىنىپلارنى خىشتا سالسا قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟ — ئالىمجان كۆڭلىدە دەڭسەپ بولغان بولسىمۇ، قەستەن سورىدى.

— بۇ... بۇ... — يېزا باشلىقى گەدىنىنى قاشلىدى، — ئەمگەك كۈچى ئۆزىمىزدىن، ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچى، دېھقانلار خالىسانە ئىشلىشىدۇ... شۇنداقتا 30-40مىڭ يۈەن كېتەرمىكىن، بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ كەتمەس.

يېزا باشلىقىنىڭ ھېسابى ئالىمجاننىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن ئىدى.

— ئۇنداقتا مەن 50مىڭنى بېرەي، — دېدى ئالىمجان كېسىپلا، — شۇ باھانىدا پارتا-ئورۇندۇقلارنىمۇ يېڭىلىۋېلىڭلار. ئەمما مەن 2-قېتىم كەلگەندە پۈتۈن ھېسابىنى ئۆزۈم

تەكشۈرۈمەن.

- نېمە؟!- يېزا باشلىقى ئالىمجاننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى-دە، ھاياجان بىلەن مەيداندىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا ۋارقىرىدى،- ھەممىڭلار يىغىلىڭلار... شاپ بولۇڭلار...

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا يىغىلدى. ئالىمجان شۇ نەرسىگە ھەيران بولدىكى، باللارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرى ئۆزلىرىگە زادىلا خوپ كەلمىگەن، ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ، كونا كاستۇم، ياقىلىرى قىرچىلغان كۆڭلەكلەر ئىدى. بەزىلىرىنىڭ كىندىكلىرى ئېچىلىپ قالغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئۇشۇقىدا سۆرۈلۈپ تۇراتتى. ھەتتا ئىچىدە مايكىمۇ يوق يالىڭلا كاستۇم كىيىۋالغانلارمۇ بار ئىدى. ئالىمجان 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنىڭ تىزىنىڭ ئاستىغا يېپىلىپ تۇرغان گۆشرەڭ پۇپايكىسىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى. بالا يەڭلىرىنى نەچچە قات تۈرۈۋالغانىدى.

- سەن داداڭنىڭ پۇپايكىسىنى كىيىپ كەلدىڭمۇ نېمە؟

- سورىدى ئالىمجان.

- ياق، بۇ پۇپايكىنى ئۈرۈمچىدىكى داداشلار ئەۋەتىپتىكەن،

- دېدى بالا چاڭىلداپ سۆزلەپ،-بۇنى ماڭا بەرگەندە، مەن: ياشىسۇن ئۈرۈمچىدىكى داداش-ئاناشلار! دەپ توۋلىدىم. تاغا سىزمۇ ئۈرۈمچىدىن كەلدىڭىزمۇ؟

شۇنداق!- ئالىمجاننىڭ ئىچىدە بىر يېرى پىژژىدە ۋىگەندەك بولۇپ ئېچىشىپ كەتتى.

- نامرات رايونلارغا ئىئانە توپلاشتا،- دېدى يېزا باشلىقى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىرماشىنا كونا ئاياغ، كونا كىيىملەرنى بىزنىمىزغا تەقسىم قىپتىكەن، بىز بۇلارنى تارقىتىپ بەرگەندۇق.

يېزا باشلىقى ئالىمجاننىڭ مەكتەپنى قايتىدىن سېلىش، پارتىلارنى يېڭىلاش، ئۈچۈن 50مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن مەيداندا قىقاس-چۇقانلار ياڭراپ، ياغاچتەك ئورۇق قوللار ئېگىز كۆتۈرۈلدى.

- ياشىسۇن ئۈرۈمچىلىكلەر! سەمىمىي، پاك بۇ نارەسىدىلەرنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرغان ئالىمجاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىنى لىپمۇلىپ سۈزۈك ياشلار قاپلىۋالدى.

خىيال قاينامىلىرى ئالىمجاننى ئېقىتىپ، بىردىنلا ئۈرۈمچىدىكى ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارغا، ئۇ يەردىكى بەزمە-تاماشا سورۇنلىرىغا ئېلىپ كەتتى. چىرايلىق ئىسىم قويۇلغان ھەرخىل زىياپەتلەر، تاپاۋەت تۇسىنى ئالغان توي-مەرىكىلەر، رېستوران-ئاشخانىلاردىكى ھەددى-ھېسابسىز ئىسراپخورلۇق، بوزۇپ-چېچىش، مەنمەنلىك تالىشىپ «ئىجاد» قىلىنىۋاتقان غەلىتە رەسمىيەتلەر، شان-شۆھرەت قوغلىشىپ بىر-بىرىگە ئۇرا كولاشلار ئاشۇ يوقسۇل باللار: «ياشىسۇن!» دېگەن ئۈرۈمچىلىكلەر، يەنە كېلىپ يىرىك زىيالىيلار تەبىقىسى ئىچىدە بىخ سۈرۈپ ئايىنىۋاتاتتى. ئۇلار نەزىر-چىراق، توي-مەرىكە، ئۆي بېزەشلەردە بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ تۈمەنلەپ خەجلەيتتى. بۇنىڭغا روشەن سېلىشتۇرما بولغان دېھقانلارنىڭ غورىگىل تۇرمۇشى، 10مىڭ يۈەن تاپالماي مەكتەپسىز قېلىپ توپلاڭدا ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ سولغۇن چىرايلىرى ئالىمجاننىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىر تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئالىمجاننى ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى، ئەل ئىچىدە خېلى نامى بار بەزى يازغۇچىلار قىسمەن ھاكىم، يېزا باشلىقلىرى بىلەن سودىلىشىپ، بەش-ئونمىڭ يۈەن ھېسابىغا ئۇلارنى ماختاپ ئەسەر يازىدىكەن. قانداقتۇ تاغ-دەريالارنى گۇۋاھ قىلىپ مەدھىيىلەيدىكەن. ئالىمجان جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگەن يىلى بىر ئۆچېركنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغىنى ئەلا نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرسىنىڭ ھاكىمى ئىدى. بۇ خۇددى ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ مەڭزىنى ئىششىتىۋېلىپ: «مەن سېمىز» دېگەندەكلا ئىش ئەمەسمۇ! ھەتتا خەلق ئىچىدە ئاتالغان بەزى زىيالىيلار قەلەملىرىنى تاشلاپ سودىگەر، رېستوران-ئاشخانىلاردا كاسسىر، مەسلىھەتچى بولىۋالغان. بۇ ئۇلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگىنىمۇ؟!

ئالىمجان بىركېچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇ، ئويلىمايا، دەپ كۆزىنى قانچە يۇمۇپ باققان بولسىمۇ، خىياللار ئۇنى زادىلا ئۇخلاتمىدى. تاڭمۇ ئېتىپ قالغانىدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ سوغۇق سۇدا يۇيۇنغاندىن كېيىن ناشتا قىلدى. گەرچە ساھىبە بىلەن ياشلار باغچىسىدا سائەت 10دا ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويغان بولسىمۇ، بالدۇرلا ئۆيدىن چىقتى.

* * *

ياشلار باغچىسى. كەچكۈز شامىلى يۈزلەرنى چىقىپ دەممۇ دەم ئۇچقىتىپ ئۆتمەكتە... پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئالىمجان يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر ئارىسىدىكى شادا ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ، سارغايغان غازاڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەن يوللارغا ، سولاشقان چىملىقلارغا، قۇرۇغان گۈللەرگە قارىغانسېرى نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى غەش بولماقتا ئىدى. سوغۇققا چىدامىلىق ياۋا ئۈرۈكنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاۋاتقان قىپقىزىل شالاڭ ياپراقلىرى بەرگىدىن ۋىدالىشىشقا كۆزى قىيمىغاندەك ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە ، ئاياغ ئاستىغا شىلدىرلاپ چۈشەتتى... ساھىبەنىڭ كېلىشىگە يەنە بىرسائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى.

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن. ئالىمجاننىڭ كەلگىنىگىمۇ ئۈچ ھەپتە بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى زاھىدە يالغان ئېيتىپ چاقىرتىپ كەلگىنىگە خىجىل بولدىمۇ ياكى چەت ئەلدە نام قازانغان بولغۇسى كۈيئوغلىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلغۇسى كەلدىمۇ ، ئىشقىلىپ، ئالىمجان بىلەن ساھىبەنىڭ بۇرۇنقى ئوغۇل-قىز ساۋاقداشلىرىنى چاقىرىپ كۈتۈۋېلىش چېيى ئۆتكۈزۈپ بەردى. زىياپەت بەكمۇ مول بولدى. بولۇپمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ئىچىملىكلەر بىردەمدىلا ھەممەيلەننىڭ يۈزلىرىنى قىزىلگۈلدەك ئېچىلدۇرۇۋەتتى. ئاشخانىدا ئۇنى-بۇنى تەييار قىلىپ بېرىۋاتقان زاھىدە ئارىلاپ-ئارىلاپ كىرىپ : «ئېلىڭلار، بېقىڭلار» دېگەچ ساھىبە بىلەن ئالىمجاننى راست-يالغاننى قوشۇپ ماختايتتى. كىچىكىدىن تارتىپ بۇ ئۆيگە كىرىشكە قورقىدىغان قىز-يىگىتلەر ھېلىھەم زاھىدەنىڭ مۇز چىرايىدىن ئەيمىنىپ تۇراتتى.

- ئالىمجان ھازىر ياپونىيە-ئامېرىكا ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ خارجى ئىشلار دېرىكتورى بولدى،- زاھىدە «مۇئاۋىن»نى قەستەن تاشلاپ سۆزلىدى،- ئۇ، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا تۆت خىل تىل بىلىدۇ. ياپون، ئىنگلىز تىللىرىدا بىر نەچچە كىتابمۇ يازدى، «ئاقساراي» مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشتى.

- يوقسۇ، يوقسۇ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ،- ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئالىمجان زاھىدەنىڭ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ جۆيلۈۋاتقانلىقىدىن غىجىندى، - ئىنگلىز، ياپون تىللىرىدىن بىر-ئىككى كىتابنى تەرجىمە قىلىپ باقتىم. ئۇنى قانداقمۇ «يازدى» دېگىلى بولسۇن.

- تولا كەمتەرلىك قىلماڭ،- باشقىلارنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قېلىشنى خالىمىغان زاھىدە گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، - يازغان كىتابلىرىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام ... يەنە كېلىپ، ھېلىقى 20مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بەرگەن ھەيۋەتلىك گۇۋاھنامىڭىزچۇ تېخى. ئالىمجان بىلمىگە تولدى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بەك تۇۋەن تۇتىدۇ.

- زاھىدە ھەدە، مېنى خىجىل قىلماڭ، - ئالىمجان باشقىدىلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، - تەرجىمىنى قانداق قىلىپ ئىجادىيەت دېگىلى بولسۇن... مۇكاپات بولسا سودا ئىشىغا تەئەللۇق نەرسە.

- ئالىمجاننىڭ بۇ سۆزى، - دېدى ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن مەرھابا، - قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ:

«كىشى بولدۇم دېسە بولغان ئەمەستۇر،
بولغان كىشى ھەرگىز بولدۇم دېمەستۇر»

دېگەن شېئىرىنى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، زاھىدە ھەدەم دېگەندەك راستىنلا كەمتەر ئىكەنسىز...

- راست دەيسىز، - دېدى ئوسال ئورنىغا چۈشۈپ قالغان زاھىدە جانلىنىپ، - تولىمۇ كەمتەرلىك ئۆزىگە توغرا باھا بەرمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

- ياپونىيەدە نەچچە يىل بىلىم ئالدىڭ، نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ بولدۇڭ، جەمئىيەتكە ئارىلاشتىڭ، بىرنەچچە كىتابمۇ تەرجىمە قىپسەن، - دېدى ئالىمجاننىڭ يېقىن دوستى ئېرشات، - مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىتابىي بىلىم ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئىگىلىدىڭ، ئەمدى ئىجادىيەتكە ئۆتۈپ باقساڭ بولىدۇ.

- ئېرشات، چاقچاق قىلىۋاتامدىغانسەن، - ئالىمجان كۈلۈۋەتتى، - تەرجىمە بىراۋنىڭ تەييار ئەسىرىنى ئىككىنچى بىر تىلغا ئۆرۈيدۇ. ئىجادىيەت دېگەن تالانتقا باغلىق نەرسە. تىلنى ئوقۇپ ئۆگەنگىلى بولىدۇ، يازغۇچىلىقنى ئوقۇپ ئۆگەنگىلى بولامدۇ؟!

شۇ كۈنى كۈتۈۋېلىش چېيى ئاياغلىشىپ، كەچتە ئالىمجان بىلەن ساھىبە كوچا ئايلىنىپ ياشلار باغچىسىغا كەلدى ۋە مۇشۇ شادا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. چىرايى تۇتۇلۇپ قالغان ساھىبە پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ جىمىپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئادەتتىمۇ ئۇشۇق سۆزلىمەيدىغان جىمغۇر قىز ئىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىدىن چىقمايتتى. بولۇپمۇ ئاپىسى نېمە دېسە «ماقۇل»لا دەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن بىرەر ئىش كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

- نېمە بولدىڭىز، ساھىبە؟ - ئالىمجان ئۇنىڭغا ئېگىلدى،

- ئولتۇرۇشتا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن؟

- ئاپامنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى، - دېدى ساھىبە يەردىن كۆز ئۈزمەي، - «ھەئە»، «راست»، «شۇنداق» دەپ قويسىڭىز ئاغزىڭىزنىڭ يېلى، بىچارە ئاپامنى باشقىلار ئالدىدا لەت قىلىپ.

..

- قىزىقكەنسىز. «بىلىمگە تولدى»، «كىتاب يازدى» دېسە، باش لىڭشىتىپ ئولتۇرسام بولىدىكەن-دە؟ ئۇنداقتا مەن نېمە بولۇپ قالىمەن؟ نام-شۆھرەت ئۈچۈن يۈزىنى يەر قىلىدىغان تەلۋىگە، كىشىلەر ماختىسا پەيدەك ئۈچۈپ، نەگە قونارىنى بىلمەيدىغان ئەخمەققە ئايلىنىپ قالمامدىمەن!

- ئاپامنىغۇ ئوسال قىلدىڭىز، ئەگەر بولمىسا ئاغىنىڭىز ئېرشاتنىڭ يۈزىنى قىلسىڭىز بولمامدۇ! - دېدى ساھىبە خاپا بولۇپ، - ئىجادىيەتكە ئۆتۈشنى ئويلاۋاتىمەن، ياكى زېھنىمنى ئىككىگە بۆلۈشنى خالىمىدىم، دەپ قويسىڭىزمۇ بولىدىغۇ.

- بۇنداق گەپنى ساۋاتسىز نادانلارلا دەيدۇ...

دەرۋەقە، ئۇ كۈنى ساھىبەنىڭ خۇيى تۇتۇپ، چىرايى ئېچىلمىغان بولسا، بۈگۈن ئالىمجاننىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ يولسىز تەلەپلىرىدە ساھىبەنىڭ ماقۇللۇقى بار، ھېچ بولمىغاندا ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەنگە سېلىپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغان دەپ چۈشىنەتتى.

ئارقىدا ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئالىمجان قايرىلىپ قېلىن غازاڭلارنى دەسسەپ كېلىۋاتقان ساھىبەنى كۆردى. ئۇ، ئۈچىسىغا يىلىڭ پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، تۇخۇمسىياق ئاق يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

- قاچان كەلگەنتىڭىز؟ - سورىدى ساھىبە شادا ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، - مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، چىرايىڭىز تاتىرىپ قاپتۇ.

- ماڭا ھېچ ئىش بولغىنى يوق، - ئالىمجاننىڭ ھۇجرا مەسىلىسىدىكى قورساق كۆپكى تېخى يانمىغانىدى، - ساھىبە، قىزنى بىز جابدۇغان ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىش كېرەك دېگەن گەپ راستمۇ؟

- ۋاي خۇدايىم، شۇ ئىشمىدى؟ «ھە»لا دەپ قويمامسىز، - ساھىبە يۈزىنى قاچۇردى، - ناھايىتى بىرەر-ئىككى ھەپتە ئولتۇرۇپ ياپونىيىگە كېتىمىزغۇ...

- چۈشىنىشلىك، سىزنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن، - ئالىمجان راستىنلا تېرىكتى، - مەن «ھۇجرا» مەسىلىسىدە: «ھە»لا دەپ قويالمايمەن. چەت ئەللەردە يۈرۈپ قائىدە-يوسۇننى ئۇنتۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق! خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن!

- ئەمدى ئاپام بىلەن دادامنىڭ ياخشى كۆڭلى...

- قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ياخشى كۆڭۈل. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ئەلمىساقتىن تارتىپ يىگىتنى قىزنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپارغان نەدە بار؟ - ئاچچىقىدا تىترەۋاتقان ئالىمجان تاماكا تۇتاشتۇردى، - يالغان ئېيتىپ چاقىرتىپ كېلىش قانداقتۇر دەللالنى ئەۋەتىپ سودىلىشىشمۇ ياخشى كۆڭۈلكەن-دە؟! سىز مېنى مىننەت قىلدى، دەپ ئويلا قالماڭ، سىزنىڭ ماڭا ياپونىيىدىن چاقىرىق ئەۋەتكەر ياخشىلىقىڭىزنى ھەسسىلەپ قايتۇردۇم دەپ ئويلايمەن. بىراق ئاپىڭىز بۇنى دەستەك قىلىپ ئەقلىغە سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. مەن سىز ئۈچۈن، پەقەت سىزنىڭ ساپ كۆڭلىڭىز ئۈچۈنلا ئىرادەمگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن! بۇ ماڭا ئاسانمۇ؟!

- رەھمەت سىزگە، مېنى كەچۈرۈڭ، خاپا بولماڭ، - خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ساھىبە يىغلىۋەتتى، - مېنى بۇ ئىشلاردىن خۇشال بولىۋاتىدۇ، دەمسىز؟ مەنمۇ جاق تويدۇم. نېمە ئۈچۈن بىر دېھقاننىڭ قىزى بولۇپ قالمىغاندىمەن، دەپ ئارمان قىلىمەن. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇنداق ھەشەم - دەرەممۇ بولمىغان بولاتتى. توي تۈگىسە چاپسانراق كەتسەك، كۆزۈممۇ كۆرمىسە، نېمىدېگەن كۆپ رەسمىيەت، نېمانداق تۈگىمەيدىغان قائىدە-يوسۇن!

- شۇ ئەمەسمۇ، - ئالىمجان ئۆزىنى بېسىۋالدى، - ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورلىرى بولغان ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلارمۇ مۇشۇنداق نادانلىق يولىغا قايتسا، ئەمدى كىمدىن ئۈمىد كۈتكۈلۈك!

ئالىمجان بىلەن ساھىبە يەنە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باغچىنىڭ غازاڭلىق يوللىرىدا ئۈن-تىنسىز ئايلىنىپ يۈردى. ئايىغى چىققاندىن تارتىپ بىللە ئۆتكەن بۇ قىز-يىگىت خۇددى قېرىنداشتەك بىر-بىرىگە ئىچەكىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بەزى مەسىلىلەردە تالاش-تارتىش قىلىپ، بىرلىككە كېلەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا ئىناق ئۆتەتتى. ساھىبە كۆپ ھاللاردا ئالىمجاننىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئالىمجان بولسا، ئۇنىڭغا يول قوياتتى. باياتىن بېرى قورساق

كۆپكىدە ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋەتكەن قاتتىق-يىرىك گەپلىرىدىن خىجىل بولۇپ قالغان ئالىمجان ئۆزىنى قولتۇقلاپ، بېشىنى مۇرىسىگە قويۇپ كېتىۋاتقان ساھىبەنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىگە قاراپ ئىنچى ئېچىشقاندەك بولدى.

- بايىقى گەپلىرىمگە خاپا بولدىڭىزمۇ؟- سورىدى ئالىمجان.

- نېمىشقا خاپا بولاي ، ھەممىسى ھەقىقەت تۇرسا. . .

- ئەتە ئىككىمىز بازارغا چىقىپ ئالتۇن بۇيۇملارنى سېتىۋالايلى، بولامدۇ؟

- مۇشۇ ئاپامنىڭ غەۋغاسى تۈگىمەيدۇ زادى. بىرنېمە دېسە، ئاللا-كاللا، دەپ ئۆينى بېشىغا كىيگەن.

- دەۋېرىڭ، يەنە نېمە تەلىپى بار ئىكەن؟

ساھىبە يانچۇقىدىن. قاتلاقلىق بىر قەغەزنى چىقىرىپ ئالىمجانغا بەردى. بۇ، ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ ئۆرنەك سۈرەتلىرى بېسىلغان ئېلان قەغىزى ئىدى. ئۇنىڭدا چەت ئەل پاسونىدىكى ھەرخىل بىلەيزۈك، زەنجىر، بولاپكا، ھالقا ۋە ئۈزۈكلەرنىڭ فوتو سۈرىتى بولۇپ، غەيرىيلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. زاھىدە ئۆزىگە يارىغان ئۆرنەك سۈرەتلەرنىڭ ئاستىغا بەلگە قويۇپ قويغانىدى.

- ئەگەر بۇ پاسونلار تېپىلماي قالسا قانداق قىلىمىز؟- دېدى ئالىمجان سۈرەتلەرگە قاراپ.

-زەرگەرلەرگە سۈرىتىنى كۆرسىتىپ ياساتسىلار ، بولىدۇ. ئەسلى سىزگە كۆرسەتمەي دېۋىدىم، ئاپامنىڭ تويدا غەۋغا چىقىرىشىدىن قورقتۇم.

- تويغا ئۈلگۈرەرمۇ؟

- تاڭ، بىلمىدىم.

- يۈرۈڭ، ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ، ھازىرلا زەرگەرخانىغا بارايلى.

* * *

تويىنىڭ ھارپا كۈنى ئەتىگەندىلا ئېرشات چىرايلىرى ئۆمسۈرۈن ھاسىراپ-ھۆمىدەپ ئالىمجاننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ مەڭدەپ قالغاندەك تۇرقىغا، چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن ئالىمجانمۇ ئەندىكىپ قالدى.

- چاتاق چىقىدىغان بولدى ئاداش، چاتاق،- ھودۇقۇپ قالغان ئېرشاتنىڭ گەپلىرى تاققا-تۇققۇ ئىدى،- ئەتە تويدا چوقۇم جېدەل چىقىدۇ.

- گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، ئالدىرىماي دېمەمسەن.

قىز تەرەپ تونۇگۈن تويىنىڭ مەسلىھەت چېيىنى ئۆتكۈزگەنىدى. قاسىم سوپى شەھەرنىڭ داڭلىق لۈكچەكلىرىدىن بىر نەچچىسىنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار «توي باشقۇرغۇچى» ، «مېھمان كۈتىۋالغۇچى» ، «پۇل يىغقۇچى» ، «ھاراق باشقۇرغۇچى» دېگەندەك مۇلازىملارنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچىسى قېلىپ ھوجرا مەسلىسى ئۈستىدە مەخپىي پىلان تۈزگەن. قىز-يىگىتنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرغان پىكاپقا سېلىپ شەھەر ئايلاندۇرۇش ۋە زاھىدە جابدۇغان ئۆيگە ئۇستىلىق بىلەن ئەپقېچىپ ئېلىپ كېلىش، ئەگەر يىگىت تەرەپتىن كەلگەنلەر قارشىلىق قىلسا ، قوغدىغۇچىلار ئۇلارنى زورلۇق بىلەن ھەيدىۋېتىش، چىڭىغا چىقسا قول سېلىش پىلانلانغانىدى. ئالىمجان كۆڭلىدە، ئۇلارنىڭ ھوجرا مەسىلىسىدە سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلمىز دېگىنى ئالدامچىلىق ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى.

- قاسىم سوپى، زاھىدەلەر مەسلىھەت چېيىدىن بۇرۇنلا بىرلىككە كېلىۋالغانىكەن-دە، -دېدى ئالىمجان ئويغا پاتقان ھالدا،- ئېرشات، بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

- نېمە، توي پاراكەندىچىلىكى بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپ قويدىمۇ نېمە؟ بۈگۈن جۈمە، ئەتە شەنبە-توي!- ئېرشات ئالقانلىرىغا ئۇردى، -چاپسانراق بىرنېمە دېمەمسەن؟

-خاتىرجەم بول، -دېدى ئالىمجان غەلىتىلا كۈلۈپ،- باغاقلارنى تارقىتىۋەتتۇق، يىگىت تەرەپ تويى «ئاققۇ» رېستورانىدا، قىز تەرەپ تويى «زۇمرەت» رېستورانىدا بولىۋېرىدۇ.

- نېمانداق جۆيلىگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىزمۇ ئادەم توپلىمدۇق؟

- ھاجىتى يوق، مەن بۇنداق ياۋايىلىقنى خالىمايمەن. جېدەل-ماجرا چىقمايدىغان بىر ئامالىنى قىلىمەن، ھەرگىز ئەنسىرىمە. ھەممە ئىشلار جايىدا بولىدۇ. خەير، مەن ھازىر جىددىي بىر يەرگە بارماقچى، رەنجىمىگىن .

كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئوينى پۈككەن ئالىمجان ئالدىراپ ھوجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

«زۇمرەت» رېستورانىدىكى قىز تويى گويا ئوت كەتكەندەك قىزىماقتا ئىدى. بالدۇرلا تەكلىپ قىلىنىۋالغان سازەندىلەر بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ، كانايلىرى بوغۇلغان، يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلگەن ھالدا چىڭقىلىپ ناخشا توۋلايتتى. ياڭرانقۇنىڭ قۇلاقلارنى يېرىۋەتكۈدەك ئاۋازى رېستوراندا پانا قاققاندەك ئولتۇرۇشقان نەچچە يۈزلىگەن مېھماننىڭ ۋاڭ-چۇڭىنى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى. بىرخىل فورما كىيگەن رېستوران مۇلازىملىرى ھاشار چۈمۈلىسىدەك قاتناپ، بىلەكلىرىگە تىزىلغان تاۋاق-تەخسىلەرنى جوزا ئۈستىدىكى پېتى بۇزۇلمىغان نېمەتلەر ئۈستىگە قەۋەتلەپ قوياتتى. ئېگىز-پەس قويۇلغان قورۇما، قورداقلارنىڭ سۈيى ساقىپ، داستىخان ئۈستىگە يېيىلماقتا ئىدى. قۇۋۋەتلىك تائاملار ھوزۇرىدىن خۇمارى تۇتقان بەڭگىلەر كۆلدان، سەرەڭگىلەرنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي ئەتراپىغا قارىشاتتى. ئاياللارنىڭ شىرەلىرىدىكى قىزىل ھاراقلارنىڭ پۇرىقى ئەرلەر سۈدەك ئىچىۋاتقان ئاق ھاراق ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ رېستوران زالىنى بىر ئالغانىدى. باشلىرى سۇۋارى ئاقارغان، چىرايىدىن نۇر يىغىپ تۇرغان سالاپەتلىك زىيالىيلار ئالدىغا كەلگەن رومكىنى «خوش»مۇ دەپ قويماي كوملا قوياتتى. چاچلىرىنى قىزىل، سېرىق بوياۋالغان خانىملارمۇ شامپان قىرتاقكەن، گۈڭگۈينىڭ تەمى بىر قانداق تۇرىدۇ، قىزىلگۈل ھارىقى يوقمىكەن؟ دەپ سورىشاتتى. مېھمانلار ئارا پىرقىراپ، قاتراپ يۈرگەن پۇل يىغقۇچىلار بىرىگە ئېگىلىپ، بىرىگە ھىجىيىپ تەبەسسۇم قىلىشاتتى.

سۈتتەك كۆڭلەك كىيىۋالغان زاھىدە يالت-يۇلت چاقناپ، نام-نىشانى يوقىرىراق ئاياللارنى كۆرگەن ھامان يۈگرەپ باراتتى-دە، ئۇلارنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ بۆلەكچىلا ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. ئۇ، سۇررەڭ كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ سالاپەتلىك تۇس ئالغان كامالىددىن بىلەن شىرەلەرنى ئارىلاپ: «ئېلىڭلار، بېقىڭلار» دېيىشكە باشلىدى. قاسىم سوپىمۇ توي باشقۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ھەر بىر شىرەدىن بىر-ئىككى رومكا ئىچىپ يۈرۈپ خېلىلا كەيپ بولۇپ قالدى.

رېستوراندىكى ۋاڭ-چۇڭ، شاد-خۇراملىقتا چۆمگەن زىياپەت داۋاملاشماقتا. قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە توي تارتىپ كېلىدىغان يىگىتلەر سائەت ئۈچتە قىزنى كۆچۈرۈپ كەتسە بولاتتى. بىراق ئۇلاردىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى. رېستوراننىڭ ئىچكەركى مەخسۇس خانىسىدا توي كىيىمى كىيگەن ساھىبەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ

ئولتۇرۇشقان قىزلارمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. تېخى ئۇلار يىگىتلەردىن سۆيۈنچە ئالىمىز، دەپ ئىشكىنىمۇ تاقىۋالغانىدى.

ئىككى سائەت ئۆتتى. تاقەتسىزلەنگەن قىزلار بىر-بىرىگە قاراپ پىچىرلىشاتتى، قۇلاق يېقىپ خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. ھەتتا بەزى بۇلۇڭلاردىن ئاچچىق تەنىلەرمۇ ئاڭلاندى. سەۋر-تاقىتى قالمىغان قىز قولدىشى سىرتقا چىقىش باھانىسى بىلەن يۈزى يېپىلغان ساھىبەنى باشلاپ رېستوران زالىغا چىقتى. ۋاقىتنى سوزلىشىپ ئېلىپ كەلگەن ناخشىچى-سازەندىلەر باشقا مەرىكىدە تاپاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن دېيىشىپ قويغان يېرىگە كېتىشكەنىدى. شىرەلەردە تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار بىر-بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي جاۋۇلدىشاتتى. بەزى مەستلەر: «مەن ساڭا ئېيتسام»غا چۈشۈپ كەتكەنىدى. قىز قولدىشى زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا غۇجمەك بولۇشۇپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقان كامالىددىن، زاھىدە، قاسىم سوپىلارنى كۆرۈپ قالدى-دە، ساھىبەنى باشلاپ باردى. ئۇلارمۇ يۈزلىرىدە قان دىدارى يوق، جىلى بولغان ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىشاتتى.

- كامالىددىنكا، نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، -دېدى قىز قولدىشى تاقەتسىزلىنىپ، -ۋاي خۇدايىم نېمانداق سەت ئىش بۇ!

- شۇنى دېمەمسىز، -كامالىددىننىڭ يۈزى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەۋاتاتتى، -«ئاققۇ» رېستورانىغا تېلېفون بەرسەك ئالىمجان ئۇ يەردىمۇ يوقمىش...

- نېمە؟ !- ساھىبە يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى.

- قاراڭلار، ئېبرىشات كېلىۋاتىدۇ، -دېدى قىز قولدىشى ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ، -ئۇ بەلكىم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ.

- ئالىمجان بۇيەرگە كەلدىمۇ؟- سورىدى ئېبرىشات ھاسىرىغىنىچە يۈگرۈپ كېلىپ، -ئۇ، ھېچيەردە يوق، ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى.

- ئۇ، توي باشلانغاندا رېستوراندا بارمىدى زادى؟ -سورىدى كامالىددىن.

سائىتىگە پات-پات قاراپ ئولتۇرغان ئالىمجان يىگىتلەر بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇ، سائەت ئىككى بولغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ زەرگەر دۇكىنىغا بېرىپ ياساتقان بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يىگىت قولدىشى ئېبرىشات بىرگە بارايمۇ دېگەندە، ئۇ: «يوقلۇقىمنى چاندۇرما، تاكسىدا 10 مىنۇتتا بېرىپ كېلىمەن» دەپلا چىقىپ كەتكەنىدى. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ۋاقتى يېتىپ كېلىش بىلەن ئېبرىشات تۇيدۇرماي چىقتى-دە، موتسىكلىتقا مىنىپ زەرگەر دۇكىنىغا باردى. ئۇستام: «ئالىمجان كەلدى، لېكىن بۇ نەرسىلەرنى ئېبرىشاتقا بەرسىڭىز ئۇ جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەپلا كېتىپ قالدى» دېدى. ئېبرىشات زىبۇ-زىننەتلەرنى يانچۇقىغا سالدى-دە، قايتىپ «ئاققۇ» رېستورانىغا كەلدى. بۇ يەردىمۇ «ئالىمجان يوق» دېيىشىپ، ھەر خىل پەرەزلەر بولىۋاتاتتى. ھېچ نەرسىنى بىلەلمىگەن ئېبرىشات «زۇمرەت» رېستورانىغا كەلگەنىدى.

- مانا بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، -ئېبرىشات ياغلىققا ئورالغان ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنى زاھىدەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، -ئەمدىغۇ كۆڭلىڭىز تىنغاندۇ؟

- تويدىن بۇرۇن ئۈلگۈرمىگەن بۇنداق نەرسىنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى، -ۋارقىرىدى زاھىدە.

- نېمانداق ئاغزىڭىزنى بۇزۇسىز، - ئېبرىشاتمۇ ياشلىق قىزىققانلىقىغا ئالدى، - سىز ئۆرنەك ئېلاننى بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئالىمجان ئىككىمىز كۈنىگە ئىككى-ئۈچ نۆۋەت زەرگەرگە قاتىرىدۇق. بۇرۇن بۇنداق چەت ئەلچە نەرسىلەرنى ياساپ باقمىغاچقا، ئاۋۋال قېلىپىنى ئايرىم-ئايرىم ياسايدىكەن، ئاندىن قۇيۇپ، پەردازلايدىكەن. جەمى ئۇيغۇر قىزلىرىغا يارىغان پاسون سىزگە يارىمسا، ئەمدى چوڭچىلىقىڭىزدىن كۆرمەي يەنە ئالىمجاننى ئەيىبلەيسىزغۇ!

- ئەيىبلىمەي ئۇ قانچىلىك بىر نېمىتى؟- زاھىدەنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولۇپ پولتىيىپ كەتتى، - ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ توي كۈنى قاچامدۇ؟ ! زادى غولجىلىق دېگەن قاشقار - خوتەنلىكنىڭ خىلى.

- ئاپا، - ساھىبە يىغلىۋەتتى.

- زاھىدە، بۇ، توي سورۇنى، ئاغزىڭىزنى يىغىڭ، -كامالىددىن ئۇنى سىلكىدى، -ساھىبەنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلىڭ.

- بىر پروفېسسور تۇرۇپ غولجىلىق، قەشقەرلىق، خوتەنلىك دەپ يۇرتبازلىق قىلىشتىن نومۇس قىلمىسىڭىز بولامدۇ، -ئېبرىشات راستىنلا ئۆكدى، -ئالىمجان سىزگە نېمە قىلغان، «قىزىمنى 40 مىڭغا ساتىمەن» دېدىڭىز، پۇل ساندى. قىز مېلىدىن باشقا ئالتۇن بۇيۇملارنى سېلىق سالدىڭىز، ماقۇل دېدى. يەنە نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى. ئاۋۋال، ئۆزۈم قانداق ئادەم دەپ پېشانىڭىزنى بىر سىلاپ كۆرۈڭ!

- سەن؟ !

- ھە، مەن!- مىجەزى چۇس ئېبرىشات ئالدىغا بىر قەدەم دېۋەيلەپ كەلدى، -سىزگە دەپ قوياي، ساھىبەنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ قىلغان يولسىزلىقلىرىڭىزنى ماۋۇ جامائەتكە يايمىغىنىمنى ئەمدى كۆرۈڭ!...

- بولدى ئېبرىشات، خاپا بولما، -دېدى كامالىددىن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، -سەن بايا، ئالىمجان قىز ھۇجرىسى توغرىلىق سۆزلەشكىلى كەلدىمىكىن دەپ كېلىشىم، دېدىڭ. بىز ئوغۇل تەرەپ جابدۇغان ئۆيگە قوشۇلغانىدۇققۇ.

- نېمە، خەۋىرىڭىز يوقما؟ ئۇنداقتا ماۋۇ خوتۇنىڭىزدىن سوراڭ...

كامالىددىن زاھىدەگە نەشتەردەك قادالدى، زاھىدە لاپىلا قىلىپ قاسىم سوپىغا قارىدى. قاسىم سوپى كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ قېچىشنى بىلمەي يەرگە تىكىلدى.

- بۇ زادى نېمە ئىش؟ ! -كامالىددىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

- بۇنى بىلمەكچى بولسىڭىز، -دېدى ئېبرىشات، - زاھىدە ھەدەم قىز-يىگىتكە تەييارلىغان ئۆيگە بېرىڭ. ئۇ يەردە 20 دەك قۇلاق كەستى لوكچەك توي كۆچۈرگۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار يىگىتلەرنى ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىپ، قىز-يىگىتنى مەجبۇرىي ھۇجرىغا سولىماقچى! ئالىمجان ياپونىيەدىن كېلىپ جېدەل-ماجىراغا سەۋەبچى بولۇشنى، دوستلىرىنىڭ قانغا بويۇلۇشنى، ئەل-جامائەت، قانۇن ئالدىدا يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالامدۇ؟ !- ئېبرىشاتنىڭ ئوتتەك يانغان كۆزلىرى زاھىدەگە قادالدى، - مانا بۇ سىزنىڭ قاسىم سوپىدەك ئوغرى بىلەن بىرلىشىپ پىلانلىغان سۇيىقەستىڭىز!

- سەن... ئەستاغپۇرۇللا...- كامالىددىن ئېڭەكلىرىنى يۇلدى.

- ئاپا، سىز! سىز نېمىدېگەن ئىپلاس! -ساھىبە يىغلىغانچە يۈگرۈپ قىزلار ئولتۇرغان بۆلمىگە كىرىپ كەتتى.

كامالىددىن ئېتىلىپ كېلىپ قاسىم سوپىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. بىراق بۇ چاغدا ئۈنئالغۇدىن تۇيۇقسىز ياڭرىغان ئۈنلۈك ئاۋاز رېستوران ئىچىنى بىردىنلا گۇرۇستان جىمجىتلىقىغا چۆمدۈردى.

- مۆھتەرەم، ھۆرمەتكە سازاۋەر زىيالىيلار! ئەڭ ئالدى

بىلەن بۈگۈنكى ئەدەبسىزلىكىم ئۈچۈن سىلەردىن يېنىش-يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورايمەن. مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياپونىيىگە قايتتىم. روھى سۇنغان، دىلى رەنجىگەن ۋە چەكسىز ئېچىنىش ئىچىدە قالغان ئادەمنىڭ نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى قويۇدىغانلىقى سىلەرگە ئايانغۇ! مېنى ئەپۇ قىلىڭلار! سىلەردىن رايىم يېنىپ كەتتى! كۆڭلۈم قالدى! سىلەر دەۋر چاقى ئىدىڭلار، لېكىن بۇ چاقنى دات باسقان! سىلەر ئاۋامنىڭ كۆزىنى يورۇتقۇچى مەشئەل ئىدىڭلار، بىراق بۇ مەشئەل ئىسلىشىپ نۇر ئاتا قىلالمايدۇ! سىلەر ئازغانلارغا يول كۆرسىتىدىغان ماياك ئىدىڭلار! ئەمما ئۇنىڭ نۇرى خۇنۈكلەشكەن! ئەدناسى سىلەر ئۆم-ئىناقمۇ ئەمەس، قومدەك چېچىلىپ بىر-بىرىڭلارنىڭ ئازغىنە ئۇتۇق-نەتىجىلىرىنى كۆرەلمەيسىلەر. بىرەرسى سەللا باش كۆتۈرۈپ چىقتىمۇ، تا ئۇنى يىقىتىپ يوقاتمىغىچە، ئەڭ بولمىسا مىزىنى تىتىپ، سىبىستىمىغىچە ئارام تاپمايسىلەر. غەيۋەت-شىكايەت، ھەسەتخورلۇق سىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك قوراللىرى بولۇپ قالغان!

زالنىڭ ئىچى تىمتاسچىلىق ئىدى. ھېلىلا تىرىكتىن ئۆلۈككىچە غاجاشقانلار بىر-بىرىگە قارىشىپ تەلۋىلەرچە ھىجىيىپ قويۇشتى.

— ئاۋام خەلققە بېسىم پەيدا قىلىۋاتقانلار ئىشچى، دېھقان، شەھەر ئاھالىلىرى ئەمەس، بەلكى قول ئىلكىدە بار ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلار. ئۇلار ئاڭلىق ھەم بىلىملىك تۇرۇقلۇق ھەشەمخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، نام-ئابروي قوغلىشىش ئارقىلىق ئاددىي-ساددا تۇرمۇش رېتىمىنى بۇزۇپ، ھەرخىل مىزان، رەسىم-قائىدە، تۈزۈملەرنى كەشپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ «ئىجادىيەتلىرى» بىلەن «ئۆلگە» كۆرسىتىپ ، توي قىلىش ھارپىسىدا تۇرغان قىز-يىگىتلەرگە ئېغىر يۈك ئارتىپ قويىدى. بەزى ئائىلىلەر تويدىن كېيىن ئۇزۇنغىچە قەددىنى رۇسلىيالماي ۋەيران بولۇپ كەتتى، ھەتتا بەزى يىگىتلەر «قىز مېلى» زەربىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئەسلىدە تويلىرىمىز ساخاۋەتلىك، ساۋابلىق پائالىيەت ئىدى. بىراق ئۇ ھازىر تەڭ-باراۋەر ئادىمىيلىكنى پايخان قىلىپ، بىرىنى بازاردا كەم سۇندۇرۇپ سېتىلىدىغان مالغا، قۇللۇق جەمئىيەتتىكى قۇلغا، يەنە بىرىنى قۇلدارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ تويلار قىز-يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنىڭ ئورنىغا چوڭقۇر ھاڭ پەيدا قىلىدىغان قورقۇنچلۇق قىياغا ئايلىنىپ قالغان.

نۇتۇق داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۈنئالغۇغا لېنتىنى كىمنىڭ سالغانلىقى بۇ بىر سىر ئىدى، شۇنداقلا ئۇنى ئېلىۋېتىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

— مەن ئەرەب تىلىنى ئۆگەنگەن. رىۋايەتتە شۇنداق زىكرى قىلىنىدىكەن. ئاللا ئەرشتىن «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «زەبۇر»، ئاخىرىدا «قۇرئان كەرىم» دىن ئىبارەت تۆت مۇقەددەس كىتاب چۈشۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەر قايسىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەندىلەرنىمۇ ياراتقان. ئەجىبا، ئىيسا، بۈۋى مەريەم، ساكيامۇنىغا چوقۇنغۇچىلار توي-مەرىكە، بايرام-ھېيتلىرىنى شۇنچە رەتلىك، پاكىز، بۇزۇپ-چاچماي، نام-ئابروي قوغلاشماي ئۆتكۈزىدۇ. ياكى قۇرئاندا مەئىشەتلەرنى ئىسراپ قىلىڭلار، قىزلىرىڭلارنى سېتىڭلار، تويىنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىڭلار، دەپ ئېيتىلغانمۇ؟! ياق! ئەكسىچە، «ئىسراپخور ئادەم ئاللانىڭ دۈشمىنى» دەپ بىز مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرغان! . . . قەدىمدىن قالغان مۇنۇ رىۋايەت ئادەمنى ئويغا سالىدۇ:

«مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز سەپەر ئۈستىدە قۇرۇق نان يەپ كېتىۋېتىپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان ئۇۋۇقىنى توپىدىن تاپالماي، ئادەملەر دەسسىۋەتمىسۇن دەپ ئەتراپىغا تام سالدۇرۇۋەتكەن» . بۇ بەلكىم مۇبالىغىدۇر. لېكىن مەئىشەتنى ئەزىزلەش، ئىسراپ قىلماسلىق ھەققىدە ئېيتىلغان ئاجايىپ ھەقىقەتتۇر . . .

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن مېھمانلار يەردە دەسسىلىپ ياتقان يوتازا، قىيمىسىنى يەۋېلىپ تاشلىۋەتكەن مانتىنىڭ جىلتىلىرى ، چالا غاجىلانغان سۆڭەك، ئازراقلا ئېغىز تەگكەن پولو، تۆكۈلگەن، چېچىلغان ناز-نېمەتلەرگە كۆز تاشلاپ بىر-بىرىگە قارىيالماي قېلىشتى.

— مەن ھەر قېتىم ۋەتىنىمگە كەلگىنىمدە نۇرغۇن توي-مەرىكىگە داخىل بولدۇم. شىرەلەردىكى ئۈستى ئۈستىلەپ تىزىلغان چىنە تاۋاقلار، قول تەگمىگەن مەئىشەتلەر — ئاخىرى بېرىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكۈلىۋاتقان بۇ ناز-نېمەتلەر — ئاچچىق تەر دۇردانىلىرى ئىدى! خەلقىمىز شۇنچە باي بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ دەپ ئويلايمەن. ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس! مەن شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنى ئايلاندىم. بىزگە يەردىن ھاياتلىق ۋە جان تېپىپ بېرىۋاتقان دېھقانلىرىمىز قورسىقى تويغىدەك زاغرىغا، ئۇچىسىنى ياپقىدەك كىيىمگە زار! يەر تەۋرىگەن، كەلكۈن ياكى قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىگە ئۇچرىغان يەرلەردىكى ۋەيران بولغان كەنت-يېزىلار، ئۇستىباشلىرىنى توپا باسقان ھەسرەتلىك چىرايلار، يەكتەكلىرى شور ۋە تەردىن سۇنۇپ دولىسىدىن چۈشۈپ قالاي دېگەن يوقسۇللار، كۆكسىلىرىنى ياپالمىغان خام كۆڭلەكلىك ئانىلار، يېرىم يالىڭاچ بالىلار. . . بىزگە بويۇن قىسىپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆرۈلگەن سىنىپلىرىنى سېلىش ئۈچۈن ئازغىنە پۇل تاپالماي ئايدالادا بويۇن قىسىپ ئوقۇۋاتقان مىسكىن چىراي نارەسىدىلەر، بورا كەپە تىكلەپ، بوران-يامغۇردا يەرگە ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن سىلەر ئىئانە قىلغان كونا چاپان، ئەسكى كۆڭلەك، يىرتىق ئاياغلار گوياكى بىر تۇتىيا! خۇددى ئەنقانىڭ تۇخۇمىنى تېپىۋالغاندەك كۆزلىرىگە سۈرتۈشىدۇ. ئېتەكلىرى ئۇشۇقلىرىدا سۆرۈلۈپ تۇرغان كونا پوپايكىغا ئېرىشكەن ئون ياشلىق بىر بالىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاڭلار! ئۇ، ئورۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ياشىسۇن ئۈرۈمچىلىكلەر! . . . » دەپ توۋلىدى. سىلەر ياشاڭلار! سىلەر ياشىماي كىم ياشىسۇن! قاراڭلار، ئالدىڭلاردىكى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان ناز-نېمەتلەرگە!

ئاتا-ئانىلىرىمىز، قەۋم — قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالى ئاشۇنداق. 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان ئىنسانلار ئىلىم-پەن ئارقىلىق يېڭى دۇنيا يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئىزدىنىۋاتىدۇ. بىراق بىزچۇ؟! ئەدناسى تېلېۋىزورلاردا تەكرارلىنىۋاتقان : «كىتابنى چاڭ باستى، قەلەملەرنى دات» ، «باشقىلار ئۇچتى ئايغا - يۇلتۇزغا، بىزدىكى غەم بۈگۈن توي بىلەن داستىخان » دېگەن ناخشا-غەزەللەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپمۇ تېگىگە يەتمىسەك، بۇ نېمىدېگەن غاپىللىق! بىزدىكى بۈگۈنكى غەم توي-مەرىكە، داستىخان، زىياپەت، ھەشەمەتچىلىك، يوغانچىلىق، نام-ئابروي قوغلىشىش بولۇپ قالدى.

رېستوران زالى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغىدەك سۈكۈتكە چۆمدى. پەقەت ئېغىر تىنغان، خورسىنغان، ئاھ ئۇرغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گاھىدا ئاچچىق پۇشۇلدىغان، دىمىقىنى قاققان شەپىلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— . . . تارىختا ئاجايىپ نەمۇنىلىك ئىزلارنى قالدۇرغان، ھەر بىر تارىخىي خاراكتېرلىك مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قېرىنداش خەلقلەرگە بەخت ۋە تەرەققىيات ئالامىتى ھېسابلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە شۇنچىۋالامۇ چېكىنىپ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى ھالاك قىلىش گىرداۋىغا بېرىپ

قالارمۇ؟! مەن ھەسرەت، ئېچىنىشقا تولۇپ ئۇنىڭغۇ بىلەن مۇڭدىشىۋاتقىنىمدا ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن-نىڭ مۇنۇ ئەقىل دۇردانىلىرى ئېسىمدىن كەچتى:

«ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا شىمال-جەنۇب ۋە شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بەلبېغىدىكى ئوينىغان پەۋقۇلئاددە مەدەنىيەت رولىنى جاھان ئالىملىرى بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئولتۇراقلىشىش، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، تەرەققىياتى، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە شەھەرھاياتى، سودا-سېتىق، دىنىي ياكى پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيە يېڭىلاش، يېزىق ئىسلاھاتى، يازما ئەدەبىيات، ھەرخىل سەنئەت ژانىرلىرى ھەتتا ئېتنىك مەدەنىيەتتە يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، پەن ۋە مائارىپ يېڭىلىقلىرى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە تەدرىجىي ئۆزلەشكەن. . . »

ئاڭلاپ ئولتۇرۇپسىلەر، زادى بىز كىم ئىدۇق؟! شۇنداق! فارابى، مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئامانىسا قاتارلىق ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدۇق. ئۇلار بىزگە ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئېرپان يولىنى ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇ يول ئۇلۇغ ئېقىن بولۇپ ئەسىرلەر بويى ئاقتى. . . قاغجىرىغان دالالارنى، چاڭقاق چۆل-جەزىرىلەرنى، سۇغا تەشنا گىياھلارنى قاندۇردى! ئەمدىلىكتە بۇ ئېقىن ئارقىغا ياندى! دەريا كەينىگە يانامايتتىغۇ! ئۇنى ئارقىغا ياندۇرۇۋاتقانلار كىملەر؟! نەق ئۆزىمىز — 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى.

. . . ئۇنىڭغۇدىن كېلىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى خىتابلار ئاڭلانماي قالدى. زالدا نەچچە يۈزلىگەن ئادەم دۈررىدە تۇرۇشۇپ، پاتپاراقچىلىق، ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى. تويلۇق كىيىملىرىنى قولتۇقلىغان ساھىبەنى بىر نەچچە قىز قوچاقلاپ ئوتتۇۋالغانىدى، ئۇ ۋارقىرايتتى، سىلكىنىپ يۇلقۇناتتى. ئادەملەر ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تاماشا يوق ئىدى. ئۇلار گۆركىرىشىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ئاقتى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! قويۇۋېتىش دەيمەن، قويۇۋەت!

بۇ پاجىئەنى كۆرگەن كامالىددىن، زاھىدەلەر قىزىغا قاراپ يۈگۈردى. قاسىم سوپى ھودۇققان ھالدا ئارقا ئىشىكتىن تىكىۋەتتى،

— قىزىم، ساھىبە،— زاھىدە توپ ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ قىزىغا ئېسىلدى، —ساڭا نېمە بولدى؟!

— نېرى تۇر!

چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ساھىبە زاھىدەنى زەرب بىلەن ئىتتىرىۋەتتى:

—ماڭا، ماڭا قول تەگكۈزگۈچى بولما. سېنىڭ ئازابلىرىڭغا چىدىمىغان ئاكام خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. دادامنى بولسا يۈرىكالدى قىلىۋەتتىڭ. . . ھەر قانداق ئادەمگە نەشتىرىڭنى تىقىسەن. كىچىكىمدىن تارتىپ ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرۇم سېنىڭدىن قورقۇپ ئۆيىمىزگە كىرەلمەيتتى. مەن نومۇستىن ئۆزگۆشۈمنى يېگۇدەك بولاتتىم. سەن زادى ئادەممۇ ياكى نېمە؟! —سەۋر قاچىسى تولغان ساھىبە ھاسىرىغىنىچە دېۋەيلەپ كەلدى، —بىلەمسەن، ئالىمجان مېنى دەپلا سېنىڭ ئەسكىلىكلىرىڭگە چىداپ كەلدى. مېنى ساتقانىنى ئاز دەپ قاسىم سوپىدەك ئوغرىلارنى ئەتراپىڭغا توپلاپ، ئالىمجاننى ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى قانغا بويىماقچى بولدۇڭ. مەن ساڭا بۇنداق قاتتىق تېگىش ئەمەس، قاپاق كۆتۈرۈپ قاراپ باقتانمۇ؟! ياق، ئەكسىچە سېنىڭ سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمىغان، بىراق مەن ھازىر نېمىگە ئېرىشتىم؟ ھېچنېمىگە. . . بەلكىم رەسۋايى ئالەم بولدۇم!

ساھىبە قىزلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى-دە، سورۇننى بۇسۇپ ئۆتۈپ، ئوتتۇر كەلگەن بىر شىرەنىڭ داستىخىنىنى غەزەپ بىلەن يۇلۇپ يەرگە ئاتتى. تەخسە، تاۋاق، چىنە-ئىستاكان، رومكا، بوتۇلكىلار جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ، قورۇما، تاماقلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ساھىبە بىرلا سەكرەپ شىرە ئۈستىگە چىقتى ۋە ئۈستىدىكى تويلۇق كىيىمنى دەسسەپ تارتىپ پارچە-پارچە قىلىپ يەرگە تاشلىدى.

— سىلەر. . . سىلەرنىڭ ئادەملەرنى خانىۋەيران قىلىدىغان، قىز-يىگىتلەرنى تەڭلىكتە قالدۇرۇپ، ئىسكەنجىدە قىسىدىغان قائىدە-يوسۇن، توي ھەشەمەتلىرىڭلاردىن سەسكەندىم، مەن سىلەردىن بىزارمەن!— ھاسىرىغىنىچە سۆزلەۋاتقان ساھىبە بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە قاتتىق ۋارقىرىدى،— ئۇقۇپ قويۇڭلار، مەن تويۇمنى ئېيىنىڭ چىركاۋلىرىدا، ساكيامۇنىنىڭ بۇتخانىلىرىدا ئۆتكۈزىمەن! مېنىڭ نىكاھىم ئەنە شۇ يەرلەردە بولىدۇ! ھا — ھا — ھا. . .

شىرەدىن شىددەت بىلەن سەكرەپ چۈشكەن ساھىبە يۈگۈرگىنىچە ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، رېستوران ئىشىكىدىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. زاھىدە كۆكسىگە قولىنى قويغىنىچە، ئاھ، خۇدايىم، بۇ نېمە رەسۋاچىلىق، دېگىنىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھەممە ئىش ئۆز خۇي-پەيلىڭىزدىن، —دېدى ئېرشات ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا ،— ئەگەر سىزنىڭ خۇي-پەيلىڭىز شۇلا بولىدىكەن، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر دىشۋارچىلىقلارغا قالىسىز. . .

ئادەملەر ۋەيرانچىلىققا تولغان رېستوراننى تاشلاپ ماڭماق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ بۇ پاجىئەگە باھا بېرىشەتتى:

— بۇ قىز ئەر خاپىلىقىدا ساراڭ بولدىمۇ نېمە؟

— قىپقىزىل ساراڭ بولدى!

— ھېلىقى ئالىمجان دېگەنمۇ ئۆزى زىيالىي ئەمەستەك، دەپكەتكەن گەپلىرىنى كۆرمەمدىغان. . .

— ئۇ، شۇنچە ۋىجدانلىق نەرسە بولسا ، ياپون پاكارلىرى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ئىشلەمتى؟

— شۇ. . . شۇ. . . ئىككى يۈرەك بىر نېمە. . . مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپلا بىلگەن. ھە راست، تويغا نەچچە پۇل قويدۇڭ؟

— يۈرىكىمنى سۇغۇرغاندەك 100 سومنى ئالدى. . . دەپتىرىدە ساپلا 200دىن 1000غىچە يېزىقلىق ئىكەن، ئىزا تارتقىنىمدىن بېرىۋەتتىم. ئەمدى ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن بالامغا 50 سومنى نەدىن تاپارمەن ياكى سەن بېرىپ تۇرامسەن؟

ئادەملەر ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە بۇ تويغا باھا بېرىشمەكتە ئىدى.

1988-يىل 25-مارت، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى
(M2)

# بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى



(قىسقا مۇلاھىزە)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

1

ئاياللىق ـ تەبىئەتنىڭ شاھ ئەسىرى.
ئاياللىق ـ گۈزەللىك قەسىرىنىڭ مەلىكىسى.
ئاياللىق ـ جەمئىيەت توقۇلمىلىرىنىڭ ئۆرۈش يىپى ۋە ئائىلە ئۇيۇشمىسىنىڭ چارق قازىنى.
ئاياللىق ـ ئەجداد ۋە ئەۋلاد مەرۋايىتلىرىنى تىزغۇچى رىشتە، تەربىيە پائالىيىتىنىڭ مۇقەددەس ساھىبى.
ئاياللىق ـ ئىلھام چەشمىسى، ئارزۇ يەلكىنى، ئۈمىد چولپىنى، بەدىئىي ئەسەردىكى يالقۇنلۇق يۈرەك.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تۇنجى ئىلاھىيەت ئوبرازىنى ئايال سىماسىدا ياسىغان. كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئالەم بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرى ئاياللىق توقۇلمىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى فولكلور ژانىرلىرى ۋە جاھانشۇمۇل داڭ قازانغان خەلق داستانلىرى ئاياللىقنى ھادىس مەنبەسى ۋە تەسۋىرلەش گەۋدىسى قىلىشقان. جۇڭگونىڭ «ناخشىلار كىتابى»، ھىندىستاننىڭ «رامايانا»، «ماخاپخاراتا» ئېپوسى، گرېكلارنىڭ «ئىللىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرى، ئەرەبلەردىكى «مىڭبىر كېچە» تىزما ھېكايەتلىرى، تۈركىي خەلقلەردىكى «خەمسە» داستانلىرى، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىن تاكى ھازىرغىچە مەيدانغا كەلگەن يېقىنقى زامان ۋە يېڭى زامان سەنئەت مۆجىزىلىرىنىڭ ھېچبىرىمۇ بۇ مەپتۇنكار رېئال گۈزەللىك ۋە بۇ ئەپسۇنكار بەدىئىي كاتېگورىيىدىن ئايرىلغان، ھەتتا سەلگىنە يىراقلاشقان ئەمەس.

2

ئەمما، ئاياللىق يالغۇز ئىجتىمائىي ھاياتتا تەربىيە، ئائىلە، خىزمەت، تۇرمۇش ساھەسىدە يەنىلا مەسىلە بولۇپ تۇرماستىن، بەدىئىي ئىجادىيەتتىمۇ مۇئەممالىق تۇمان پەردىسىدىن خالاس بولغان ئەمەس.

بىز رېئال تۇرمۇشتا ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاياللىقنىڭ ئالىيجاناب ۋە پەسكەش ئۇلگىلىرىنى دائىم ئۇچرىتىمىز. ئاياللىق ـ بەزىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەربىيە ۋاستىسى، بەزىدە تاۋار ـ ماركا ۋاستىسى، بەزىدە ھىيلە-نەيرەڭ ۋاستىسى، بەزىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ رەڭ ۋە تەم قوشقۇچى ۋاستىسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزغا چىلىقىدۇ. رېئال تۇرمۇش ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە گەۋدىلەنگەن بۇ ئالاھىدە خىلدىكى سېھىرلىك «ۋاستە» ھەممىدىن ئىلگىرى كىشىلەر (جۈملىدىن بىر قىسىم ئاياللار) ئاڭ ـ ئېتىبارىدىكى «ئاياللىق ـ ۋاستە» قىممەت قارىشىنىڭ تارماقلانغان ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە كىشىلىرىمىزدە ھەتتا ئۆز قىزى ۋە ئۆز ئانىسىنى، ئۆز مەھبۇبىنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان مېھر-شەپقەتلىك كىشىلەردىن تاكى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈزۈلمە تەپەككۇرىغا سىڭىپ كىرگەن تەپەككۇر

ساھىبى – مۇتەپەككۇرلىرىمىزگىچە، ئومۇمىيلىق جەھەتتە، كىشىلىك قاراشلىرى جەھەتتە، مۇنداق ئومۇمىيلىقنى ھەر بىر جانلىق كونكرېتلىقتا گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە مەسىلىنىڭ تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىغانلىقىدىن سىگنال بېرىدۇ.

«ئاياللىق زادى نېمە؟»، بۇ، «ئادەم زادى نېمە؟» دېگەن مەسىلىنىڭ مۇھىمراق بىر قاتلىمىدىن ئىبارەت.

## 3

19-ئەسىردىكى فرانسۇز يازغۇچىسى ئېرنىست لېگۇۋې «ئانا – زېمىندىكى يېگانە تەڭرىدۇر» دېگەنىدى. دەر ھەقىقەت، كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلار ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت-سائادىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاياللىقتىن باشلاش، ئاياللىقنى كىشىلىك ۋە ئۇنىڭ ماددىي، مەنىۋى ساپاسىنى تۈزەشنىڭ يولى قىلىشنى ئويلاشتى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل تەشەببۇسلارنىڭ بىر قىسمى ئىجتىمائىي – سىياسىي شوئار قاپچۇقىدىن ھالقىپ چىقماي، بۇلۇڭتا سىڭىپ كەتكەن سادا بولۇپ قالدى.

ئايال – پۈتكۈل ئاياللار-قىزلارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي ئىبارە. ئاياللىق – مەدەنىيەت ئېتنوگرافىيىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئومۇمەن ئىنساننىڭ يېرىمىنى ھاسىل قىلغان مۇھىم تەركىب، خۇسۇسەن، پۈتكۈل ئىنسان تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم تەركىبتىن ئىبارەت. تارىخ ئومۇمىيلىق جەھەتتە، بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئاياللاردىن چىققان تارىخىي شەخسلەرنىڭ تولىمۇ ئازلىقى بىلەن ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللارنىڭ تارىخىي شەخسلەرنى ۋە پۈتكۈل بىر دەۋرى يەنە بىر دەۋر كىشىلىرىنى قانداق يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن ئۆز سەھىپىلىرىنى بېزىگەن. بالزاك توغرا ئېيتقان: «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا!» چۈنكى «ھەممە ئادەم قايسىدۇر ئاياللىقنىڭ پەرزەنتىدىن ئىبارەت» (پېيىربومارشى). ۋەھالەنكى، ئانىلىق مەلەكىسى بىر قىزنىڭ بويىغا يېتىش ۋە پەرزەنت تۇغۇش ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئومۇم ھايۋاناتقا خاس بۇ ئىقتىداردىن ھالقىغان، كەلگۈسى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇقەددەس خىزمەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

## 4

ئالدىنقى ئاڭ تېپىدىكى پەۋقۇلئاددە ھېسسىياتچانلىق ئاياللىق روھىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى بولۇپ، بۇ، ئاياللاردىكى بىر قاتار مەنىۋى گۈزەللىكلەرنى، جۈملىدىن بىر قاتار زەئىپلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۆزىنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلغۇچى تەپەككۇر بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان ھېسسىيات ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، ئەرلەرنى باشقۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئەرلەرگە يۆلىنىش خاھىشى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، گۈزەللىككە چەكسىز تەلپۈنۈش بىلەن گۈزەللىكتىن قىزغىنىش روھىيىتى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، پەرزەنتكە بولغان ئانىلىق مېھرىبانلىقى بىلەن پەرزەنتكە بولغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت پائالىيىتى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى، ئۆز ئېرىنى كىشىلەر ئارىسىدا كۆتۈرۈش غۇرۇرى بىلەن ئۆز ئېرىنى ئۆزى ئالدىدا چۆكۈرۈش ئىپتىخارى ئارىسىدىكى ئىككى ھالەت كەيپىياتى قاتارلىق روھىي زىددىيەتلەر زەنجىرى ئاياللىقتا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان بولىدۇ. بۇنداق ئىككى ھالەت كەيپىياتىدىن بىر قاتار گۈزەللىكلەر – ئۆزىنى تۇتۇش، ئىپپەت-نومۇس قارىشى، ئائىلە باشقۇرۇش سەنئىتى، ئانىلىق مېھرى، دائىمىي گۈزەللىك بىلەن ھەپىلىشىش، ئەرلەرنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىجابىي ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش قاتارلىقلار، بىر قاتار خۇنۇكلۇكلەر – ئۆز-ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئىززەت-نومۇسنى ھەر دەرىجىدە ئاياغئاستى قىلىش، ئائىلىدە زوراۋانلىق تىكلەش («تۆمۈر خوتۇن»، رەھىمسىز قېينانا، زېرىكەرلىك خوجىدار بولۇپ قېلىش)، پەرزەنتلىرىگە يامان ئۈلگە ۋە ناچار تەسىر كۆرسىتىش، غەيۋەت، رەشك، پىتنە-ئىغۋا بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تراگېدىك ھېكايىلەر، پاجىئەلىك ۋەقەلەر كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ. ئەمدى سىز بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلار قولىدا!» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن يۇقىرىدا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تىلغا ئېلىنغان خۇنۇكلۇكلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈڭچۇ؟ سەسكىنىشتىن تەبىئىي ھالدا ئەنسىرەش ساراسىمىغا چۈشۈسىز!


## 5

بەدىئىي ئىجادىيەت ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيىنىڭ ئالاھىدە تۈرى، مىللىي مائارىپنىڭ خاس ساھەسى. سەنئەتكار ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئىنژېنېرى، كەلگۈسى ۋە يېڭى ئەۋلاد مودېلىنىڭ بىۋاستە لايىھىلىگۈچىسى، ئوبرازلىق غايىۋى تەپەككۇر مۇتەپەككۇرى. شۇنداق ئىكەن، يازغۇچى، شائىر، ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەتكارلار ئۈچۈن ئاياللىق غايەت كاتتا، ئىنتايىن مۇھىم ۋە پەۋقۇلئاددە ھالقىلىق قىممەتتىكى تېماتىكا ھېسابلىنىشى لازىم. ئاياللىق – بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ھېكايە مەنبەسى، ۋەقەلىك تۈگۈنى، قىزىقتۇرغۇچى تەسۋىرىي ۋاستە بولۇش قاتلىمىدىن ئۆزلۈكنى بىلىش، ئۆز تەقدىرىنىڭ پۈتكۈل مىللەت كېلەچىكى بىلەن بولغان سەۋەبىيەتلىك مۇناسىۋىتىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ئالدىغا پەداز ئەينىكىدىن سىرت يەنە مىللەتنىڭ كېلەچىكى مودېلى ئەينىكىنى قويۇش، ئاياللىق تەسۋىرلەنگەن ئېپىزوتلارغا سەنئەتكارلار غايىۋى قاراشلىرى لىرىكىلىرىنى كۈچەيتىپ بېرىش قاتارلىق ئىجادىيەت مەقسەتدارلىقى قاتلىمىغا كۆتۈرۈلۈشى لازىم.

ئاياللاردىكى كىيىنىش، تارىنىش، ئىشلىتىدىغان تىل، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىغا بولغان تاللاپ قىزىقىش، تۇرمۇش قائىدە-يوسۇنلىرى ھەر قانچە زامانىۋىلاشسىمۇ يەنىلا ئۆز مىللىتىگە، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە، ئۆز ئېتنوگرافىيىسىگە خاس ئەنئەنىۋى ئىنچىكىلىك رېلىسىدىن چەتنىمەسلىكى لازىم. بۇ جەھەتتە «ياشلىقىدا ئالىقانات، قېرىغاندا ئارخات» (روھانىي – بۇۋىم) بولۇۋېلىش پايدىسىز. شۇ چاغدىلا ئانا ئۆز پەرزەنتلىرى نەزەرىدىكى، دىلىدىكى، تىلىدىكى ئۇلۇغۋار سىماغا، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە ئۆز پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ئۇل تىزغۇچى بىناكارغا، تۇرمۇش گۈلشىنىنىڭ ھەقىقىي باغۋەنىگە ئايلىنالايدۇ.

سەنئەتكار قانچە ئەسەر يازغانلىقى ۋە قانداق دەرىجىدىكى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى بىلەن غورۇرلىنىش ئورنىغا ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ ياخشى ئاياللار تۈركۈمى يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

1992-يىل ئۈرۈمچى (M1)



# شېئىرلار

ئابلىجان ھېيت

## كۆز ياش ۋە كۈلكە

1

ياش بىلەن كۈلكىنىڭ ئىچىدە زېمىن،
يۇيۇنار قۇياش ھەم ئۇندا تولۇن ئاي.
بەندىلەر سېتىلار ياش ياكۈلكىگە،
ئىنسانىي تەبىئىيلىك مەڭگۈ غالىب ھال.
سورىساڭ دوستلۇرۇم قىسمەتلىرىمدىن،
قايسىنى سۆيەرسەن دەپ قالسا زامان؛
كۈلكە ئىچىدىكى ياشتىن قەدىرلىك،
مەنچۇن ياش ئىچىدىكى كۈلكە ھامان.

2

ئىشقى يوق دۇنيادا ئىشەنچ بولارمۇ،
ئىشەنچسىز ھاياتنىڭ سۆيگۈ-ۋاپاسى .
جەننەتتىن مىڭ ياخشى ئىشەنچلىك دوزاق،
سېنى كۈل قىلسىمۇ ئاتەش بالاسى.
بۇ ئىخلاس ئەزەلدىن ماڭا يار ئىدى،
نەكى يار، جان ئىدى ۋەسلىمگە يولباش.
ئىشەنچتىن شاد ئىدى مىسكىن چاغلىرىم،
ھەسرەتلىك كۈنلەرنىڭ كۆڭلىدە قۇياش.
شۇڭا مەن ھەر زامان مەغرۇر ياشايتتىم،
ئىشەنچتىن ھەقىقىي ھايات كۆكلەر دەپ.
مەندە بولمىسىمۇ بارچە ئىختىيار،
بۇ نۇسرەت ھەرقاچان ماڭا يېتەر دەپ.
ياشايتتىم شۇڭا مەن ئەركىن-ئازادە،
سەممىي يۈرەكتىن ئەلگە باش ئۇرۇپ.
ئۆزۈمدىن ئۆزگىگە ئىشىنەتتىم بەك،
ئىشەنچتىن تۇغۇلار ئىشەنچ دەپ تۇرۇپ.
بىرىنىڭ بۆكىگە سالمايتتىم جىگدە،
بىرىنىڭ دېيىشىغا ئوينىماي ئۇسسۇل.
ھەممىگە ئۆز يولى ياقاتتىم چىراغ،
دان بەرسەم بېرەتتىم، يىغمايتتىم ھوسۇل.
كىم بىلدى، ئىشەنچنى يوقاتقان زامان
ھەركىمنى سالاركەن ھەر ئويغا ھەر ئان.
قارىغا بويىركەن سەن بولساڭمۇ ئاق،
بۇلغانغان يوللاردا قالغانكەن ئارمان.
بۇ شۇنداق ھاياتمۇ ياكى بىز شۇنداق،
ئادىمىي پەرقىدىن بولغانمۇ جۇدا؟
بەرىنى ئالغاندەك ئالساڭمۇ مەندىن،
ئىشەنچنى بەر، ھە، خار قىلساڭمۇ خۇدا!
چۈنكى جان نەكېرەك بولمىسا ئىشەنچ،
نە كېرەك ئىشەنچسىز سۆيگۈ -مۇھەببەت.
بىلسەڭ ئۇ بىر ۋەتەن ئىنسان روھىغا،
گۈللەيدۇ ئىشەنچتە ھايات تائەبەد.

3

ئۆزۈمنىڭ باغرىمنى ئۆزۈم يەپ بولدۇم،
يا تاتلىق كۈلەلمەي يا ياش تۆكەلمەي.
بۇ قانداق كۈنلەردۇر دەيمەن بەزىدە،
چىن، ساختا پەرقىنى تېخى بىلەلمەي.
ئەسلىدە ئىنساننىڭ يولى بىر ئىدى،
رىشتىلەر تۇتاشقان مېھر-ۋاپاغا.
مەيلى سەن ئالىم بول ۋە ياكى زالىم،
قىلمىشى چېتىلغان ساۋاب، گۇناھقا.
شۇ دەملىك بولغىچە ھەقتىن سۆيۈندۈم،
ناھەقتىن قىلمىدىم ھاياتقا تاپا.
ھە، ئۇنىڭ بەرگىنى بولسىمۇ بەك كۆپ،
ياشىدىم مەن ئاڭا بولماي بىۋاپا.
ياخشىدىن سۆيۈندۈم، چىن دىلدىن سۆيدۈم،
بۇ دۇنيا ياخشىغا ئاشىق مەڭگۈ دەپ.
يامانىنى كۆرگەندە ئوتىدا كۆيدۈم،
يامانىنى ياخشىلار پەقەت سۆيگۈ دەپ.
ۋە لېكىن غەرەزسىز بەرگەن ئاق كۆڭۈل
ئۇششۇكتە سارغايدى نەيرەڭلەر ئارا.
ئىنسانلىق قەرزىمدىن ئاققان ھالال تەر
شەخسىيەت چىنىدا چاغلاندى گۇناھ.
بىر باقساڭ ئاق نەرسە بىر كۆزۈڭدە كۆك،
قارىسى قىزىلغا ئۆزگىرەر دەرھال.
بۇ قانداق سەپسەتە، قانداق ھەقىقەت،
پاك ناپاك ئاتالدى، ساختا جەلپكار.
بىلمىدىم، ئۆزگەردى ئالەم بىردەمدە،

قىسمەت مالامىتى قىينار ئادەمنى.
مەيلى سەن رازى بول مەيلى نارازى،
سۈزۈك بىر تامچە ياش يۇتار نالەڭنى...

## ئاشىق كوچىسى

### 1

قوچىقىڭنى ئاچقىن جان ئانا،
بوۋاقلىقتا بىر قايتىۋالاي.
سەن مەن ئۈچۈن ياش تۆكمە يانا،
بوزلاپ-بوزلاپ بىر يىغلىۋالاي.
يارىشار ياش قىزلارغا، كۆككە،
نومۇس ئەرگە، نومۇس ھەم يەرگە.
بۇ ھالىمنى چۈشىنەر پەقەت
ھايات بىرگە، ئانا سەن بىرگە...
ياشلىق چېغىم ئۆتتى دۈشمەنسىز،
قىرانلىقىم دەخلىسىز ئەلگە.
بۈگۈن ئىجاد ئاچقاندا قۇچاق،
تۆھمەت ياغدى ئاققان ساپ تەرگە.
قۇياش كۆيدى غالىب دىمىمدىن،
نۇر بەرمەستىن مېنى قۇتلۇقلاپ.
تىلغا قالدى مەغلۇب ھەر قەدەم،
يار بولمىدى زامان قولتۇقلاپ.
ھەر بىر جاننىڭ يۈزى بىر دېسەم،
يار ئىكەن ھەم خەرجگە نەچچىسى.
گۈل دۇنيانى ئۆتسىمۇ ئالداپ،
ساتار كىمگە قىيامەت كۈنى؟
تالاشمايتتىم ھەركىمدىن شۆھرەت،
ئەلگە نېمەت ئىدى ئىمانىم.
دوستلار ئۈچۈن بىر جەننەت ئىدى
پاكىز ۋۇجۇد، ئاددىي دەرگاھىم.
دوستلار كىمۇ، جانانلار كىمۇ،
ياتلار كىمۇ، ئۆزىدىن قىزغانغان؟
تەڭرىنىمۇ شۇ سەپ دەي دېسەم،
تىلىم كۆيەر،
لېكىن ياش قىيان!
ئادەم بولماق بۇ دەم تەس بولدى،
ياراتقانغا قىلغىدەك دەۋا.
يۇلتۇزلاردەك ياشلىق ئاسمىنىم،
ئەرلىكىمۇ كەلمىدى بەۋا.
سەن مەن ئۈچۈن ياشلار تۆكمىگىن،
يىغلىۋالاي بەرگىن ئازادلىق.
قانداق قىلاي ئاھ جېنىم ئانا،
بەندىكەنمەن مەنمۇ ھېسسىياتلىق...

### 2

سەن ئۆزۈڭنى ئاشىق چاغلامسەن،
ئاشىقلىقنىڭ يېتىپ نەرقىگە؟
كىملەر بىلەن ھايات بۇ دۇنيا،
گۈللەيدۇ ئۇ كىملەر ھەققىگە؟
سەن ئۆزۈڭنى ئاشىق چاغلامسەن،
بىر قەدەھ مەي كەيپىگە پاتماي؟
تامچە ياشتا ئاشىق دۇنياسى،
گاھى ياشنار زېمىنغا پاتماي!
ئاشىق چاغلار ئۆزىنى دەرۋىش،
بۇردا ناننىڭ قەلەندەرىمۇ.
ئاشىق مەن دەپ سەنمۇ ئاۋارە،
قىيامەتلىك ئاشىق مەشرەپمۇ...

قارىغۇ تۆھمەتكە ماكان بوپ قالدىم.
ئىغۋالار دەستىدىن، گۇمان پەسلىدىن
ئۆزۈمگە ئوخشىماس ئادەم بوپ قالدىم.
ھە، بۇنىڭدىن ھەيران بولماسمۇ دۇنيا،
ئالدىمدا كۈلگۈنچەك دۈشمەنلىرىم دوست.
ماڭسامىمۇ ھەممىگە توغرا يوللاردا،
قويغانكەن سايەمگە دوستلىرىم ھەم پوست.
راست، ئۆتمەس ئىنساننىڭ ئۆمرى جانانسىز،
ئەلادۇر شام كەبى ئۆيدە كۆيگىنى.
جاھانغا باقساڭغۇ تۈمەن جانانلار،
جانان دەپ بارچىنى بولماس سۆيگىلى.
دۇنيانى، جانانى قويساڭ ئالدىمغا،
دۇنيانى ساتارمەن جانان بەختىگە.
مىڭ جانان ئورنىغا بىر مۇڭداش بەرسەڭ،
مۇڭداشنى ئالاتتىم جانان تەختىگە.
مەيلىلا شۇ خىلدا ئۆتكەن كۈنلەرگە،
چۈشەنگەن ئىنسانغا ھايات بىر كۈلكە.
ئەي مېنىڭ كوچامنىڭ قانجىق ئىتلىرى
قورۇق قاۋىماستىن تېنىمنى چىشلە!...

### 4

ۋاپا قىل دېدىڭ، ماڭا كىم ۋاپا قىلدى،
ۋاپا قىلغاننىڭ دەردى جاننى زار ئەتتى.
سۆيگۈ بەر دېدىڭ بەردىم مەندە بارىنى،
ئۇنىڭ نىسيۇسى يۈرەكنى ئار ئەتتى.
مېھرىنىڭ ئۇچىقىغا يېقىلدى تېنىم،
روھىم سايلىقتا كۆيدى ئالۋۇن كۆيگەندەك.
مۇھەببەت كوچىسىدا بولدۇم سەرسانە،
ئۆمرۈم بويى ياشىمىدىم دەم ھاياتتەك.
ناخشىسى بولدۇم ھەركىم مۇڭىغا مۇڭداش.
ئىچى پۇشقاندا بولدۇم شادلىق دىلتارى.
كۆز ياشلىرىم ئۇلارغا بولدى مەي-شاراب،
خۇشى تۇتقاندا بولدۇم كۆڭلى، دىيارى.
كىم بىلىدۇ بۇلارنى (كىم كىمنى بىلمەس)
ھەرجان بولسا دەيدىكەن ئۆزىنىڭ جاھانى.
بىلمىدىم تاڭ ياخشىنىڭ يارى بارمىكىن،
مەندە قالغىنى قورۇق ھايات ئارمانى.

### 5

دۇنيانىڭ تەڭپۇڭىنى تەڭشەكلىك دېسەم،
خۇشلىقىدىن جىق ئىكەن ھەسرەت - نادامەت.
تونۇشۇش پۈتەر ئىكەن بىر سالام بىلەن،
ئايرىلىش ئازاب ئىكەن، گويا قىيامەت.
كۆڭلۈمنى يار ئەتسەم دوست - مۇڭداشلارغا،
شۇم دەۋران تۇتۇلدى ئاي-كۈن كۆيگەندەك.
جۇدالىق دەردىدە قاتسام داغ بولۇپ،
شادلاندى ئاشىق مەشۇقنى سۆيگەندەك.
كۆيمەسمۇ روھ تىرىكلەردىن ئۆچسە ئىشەنچ،
دوستلۇرۇم يات بولدى، ياتلارغۇ تېخى.
شۇخىلدا ئۆتسە ئاي-كۈنلەر،
ئادەممۇ-
چاغلاركەن ئۆزىگە دۈشمەن ئۆزىنى...

### 6

بىر باقساڭ دۇنياغا، جانان كۆزىدەك -
تېپتىنچ، تىنىق ئۇ- بىغۇبار شۇنچە.
بارچىگە بىنەزەر تەكەببۇر قىزدەك،
كىبىلدۇ ئادەمنىڭ سۆيگىسى شۇنچە.
ھە، ھايات ئىشقىدا جانان سەۋداسى،

ئەيىب بولماس ئاشىق قىنىدا،
ئىنسانغا يات، تەبىئەتكە يات.
روھ پاكلىنار ئىشىق ئوتىدا،
نۇر جۇلاسى قۇياشقا سۇمبات.
سەن ئۈزۈڭنى ئاشىق چاغلامسەن،
ئەتەك ئۇچۇن سېتىپ دۇنيانى.
ئاشىقلارغا تىل، داغ تەگكۈزمە،
قىلساڭمۇ گەر بەختىڭ قۇربانى.
ئادەم بولساڭ تېتىپ باق ئۇنى،
قانداق قىسمەت ئاشىق كوچىسى...
مەيلىڭ بولسا تاللىۋال قىنى،
قانداق يۈرەك ئۇنىڭ كۈيچىسى.
ئاشىققا خاس ئىنسانلىق دېگەن،
ھاياتقا جۇرئى مۇڭلۇق سادا.
دۇنيا گۈزەل ئاشىقلار بىلەن،
پاك قەلبتە ياشايدۇ خۇدا!

3

قارىماققا رەڭگى-رۇخسارىڭ
ئوخشار دۇرۇس ئادەم چېھرىگە.
بىراق داداڭ قانداق خۇي بەرگەن ،
ئاناڭ چاتقان قانداق مېھرىگە؟
تۇۋا دەيمەن قانداق كۆنلەردە
بۇ دۇنياغا تامغان بولغىيتتىڭ؟
كۈندۈزى بىر خىيالغا پاتساڭ،
كېچىسى شور دەريادا ئاقتىڭ.
سەن دۇنياغا پاتمىدىڭ زىنھار،
ھە، سىغمىدى بۇ دۇنيا تېخى.
بۇ ئالەمنى دەيسەن شۇنچە تار،
پاتماس ساڭا ئۇنىڭ قىل، چىغى.
ئەگەر سۇلتان بولۇپ چۇش كۆرسەڭ،
بولغۇڭ كېلەر ھەقىچان خۇدا...
تاپالمساڭ ئۇندا دىۋانە،
كەيگىڭ كېلەر جەندەيۇكولا.
دېھقان بولساڭ تاغنى كۆزلىدىڭ،
تاغدا تۇرۇپ باغلارنى يەنە.
ئۆز يېنىڭدا تۇرسىمۇ جانان،
تارتتىڭ ھەردەم تالادىن تەمە.
يولەك كۆرۈپ سېنى چوڭ بىلسە،
چىدىمىدىڭ يارىڭ قاياشقا.
ئەلدىن كۈتتۈڭ ۋاپا ، ھالاۋەت،
شەرتلەر قويدۇڭ ھەتتا قۇياشقا.
لازىم بولسا دوستلارغا باقتىڭ،
مۇددىئاغا سەن ئەيلەپ چىتىق.
ئامەت كەلسە ئۇلاردىن قاچتىڭ،
ئىچمىدىم دەپ ئايدىڭدا قېتىق.
ئۆزۈڭ ئۇچساڭ دېدىڭ تېگىشلىك،
باشقىلارغا چەكتىڭ كۆپ قاشقا.
ئۆسسە تاللار باراقسان بولۇپ،
بوي تالاشتىڭ ئېسىلىپ شاخقا.
سەنمۇ ئادەم ئادەم سۈرەتلىك،
ئۇلانغانتىڭ قانداق ئۇلاققا؟
ئۆمرۈڭ ئۆتسۇن ياش يا شاش بولۇپ،
نىيەت ئەلا ئىنسان سىياققا.

4

شور تۇز يالاپ ئۆتتى ئارمانىم،
پاك تۇپراقنىڭ بولۇپ ئوغلى ھەم.
جەبىر-جاپا بولسىمۇ رىسقىم،
لەۋلىرىمدىن يوقالمىدى تەم.
شۈكرى دېدىم (ئالسۇن ئىگىسى)
ھاياتلارغا قاراپ ھاياتقا.
ھايۋان قىلماي ياكى جىن-شەيتان،
يارىتقانغا، قويماي ئۇياتقا.
ئەسلى ئىنسان دۇنياسىتى بۇ،
ھە، نە بولدى ئۇنىڭ كۆرگىنى .
سۆيگۈ دېدۇق، مۇھەببەت دېدۇق،
ۋاپاسىزلىق بولدى سۆيگىنى.
كىم تونۇتتى ئۇ روھ، ئۇ ئاڭنى،
قايسى قىسمەت، قايسى شاماللار ؟
يا بەندىلەر تاپتىمۇ تىلەپ،
ياخشىكەن دەپ ئەقلى ياردەملار...
ياكى ئادەم كەبى ياشىساڭ،
يول يوقمىكەن ياكى يەمچۈك-دان.
ئالدىنىپسەن دەملىك مەسىلىكتە،
ئەسلىڭ سېتىپ باقماقچىمۇ جان!
مەيلى ساڭا باقمىسۇن زامان،
مەيلى تۇرمۇش سالسۇن ھەر كويغا؛
ھاياتلىقتا قالدۇرمساڭ ئىز،
يوقىلارسەن بار-يوقلۇق ئارا.
بەخىت دېسەڭ مەندە يار ھىجرى،
دۇنيا دېسەڭ ئۇچامدا كولا.
سۆيگۈ ئىزدەپ بولدۇم سەرگەردان،
لېكىن قەدرىم بارچىگە شولا!...

5

ئىزىڭ سۆيۈپ قالغان توپاڭغا
يۈرىكىمنى مىلىدىم دىلدار.
يامان كۆزدىن ساقلار دەپ سېنى،
قەلبىڭگە يار ئاستىم تىلتۇمار.
قاچاندۇر بىر مۇدھىش چاغلاردا
ھىجران كۆزى كەتكەچكە تېگىپ؛
قۇياشىدىن ئايرىلغان ئايدەك
ئۆتتۇق تۈنلەر ھىجرانى تېتىپ.
سەنمۇ بەلكىم ماڭا ئوخشاشلا
دەرد-ئەلەمگە قالغانسەن كۆنۈپ.
بولساقمۇ زار، بۇ كۈنلەر ئېغىر،
بىز كېتەيلى سۆيگۈ دەپ ئۆلۈپ.
بىز تىلەيلى سۆيگۈ جامىدىن
دەرد-ئەلەمدىن قىلما دەپ جۇدا.
كۆڭلە ئىزدەر ھەركىم، ۋە لېكىن -
كۆز ياش بىلەن كۆكلەركەن دۇنيا...
كۆز ياش بىلەن كۆكلەيدۇ دۇنيا،
ئىشق ئەلا سۆيگۈ ۋەسلىدىن.
دەرد-ئەلەمگە تەگمەس كۆز دېگەن،
جۇدا قىلغان بىلەن سۆيگۈدىن.
ئىزىڭ سۆيۈپ قالغان توپاڭغا
يۈرىكىمنى مىلىدىم دىلدار.
يامان كۆزدىن ساقلار دەپ ئۇنى
دەرد-ئەلەمگە قىلدىمەن تۇمار...

1998-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى
ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى (M2)

# خىسلەتلىك ئادەم

( ئوچېرك )

مۇھەممەت سېيىت



## ئۇيغۇردىن «خىسلەتلىك ئادەم» چىقىپتۇ

ـ ئۇيغۇردىن «خىسلەتلىك ئادەم» چىقىپتۇ!
ـ ئۇيغۇردىن چىققان بىر «خىسلەتلىك ئادەم» ياپونىيە، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا كارامەت كۆرسىتىپ، ئۇ دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ھەرساھە ئەربابلىرىنى «بارىكاللا!» «قالتىسكەن!» دېگۈزۈپتۇ...



( قۇربانجاننىڭ قارت كۆيدۈرۈشىدىن بىر كۆرۈنۈش )

ـ ۋاي بۇ «كارامەت ئىگىسى»نى بىر قىسىم دۆلەت رەھبەرلىرىمىز بېيجىڭگە تەكلىپ قىلىپ ھەمسۆھبەت بولغان كۈنلەردە، چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق دوختۇرلىرى كۆرۈپمۇ ئامال قىلالمىغان تۇتقاقلىق خاراكتېردىكى باش ئاغرىقىمنى ئۈچ مىنۇت داۋالاپلا ساقايتىۋەتتى. مەن بۇ تەڭداشسىز كارامەت ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتقىلى ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم باردىم.

جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ «بارىكاللا» ئېيتىپ كەتتى.

چەت ئەللىك كاتتا ئەربابلارمۇ، ۋەتىنىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىمۇ قايىللىق بىلەن «جانابلىرى»، «ھەزرەت»، «پىر- ئۇستاز»، «ئالەمدە يەكتاپىرىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ زاتى مۇبارەك ـ دەل قۇربانجان تۇرەك! تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان قېرىنداشلىرىنى ھەرخىل جىسمانىي كېسەل، روھىي ئازاب، خاتا يولدىن خالاس قىلىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگىنى ئۈچۈن، ئۇلار «شىپا بەخش ئەۋلىيا» دەپ تەرىپلەۋاتقان بۇ ئۇلۇغ سۆپەت كىشى دەل ـ قۇربانجان تۇرەك!



( قۇربانجان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت بىلەن )

قۇربانجاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دىدارى

مۇلاقەت بولغان ھەرقانداق كىشى، بۇ جايدا يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ خىسلەت - كارامەتلەر، سېخى - مەردلىك، پاساھەتلىك تەربىيە - نەسىھەتلەر، يىغىلماس داستىخان - مول مەئىشەتلەرنىڭ



(قۇربانجان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن)

تەبىئىي گۇۋاھچىسى بولۇپ قالغاندىن باشقا يەنە بۇ ئۆيگە كىرىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ھەرخىل دۆلەت - رايونلار، ھەرخىل



(قۇربانجان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى چېن مۇخۇا بىلەن)

مىللەت - قەۋملەرنىڭ پەلسەپە، تىبابەت، فىزىكا، خىمىيە، ئەدەبىيات، سەنئەت، دىن، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ساھەلىرىدىكى ئاتاقلىق زاتلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولىدۇ. قۇربانجان مۇشۇنداق كاتتا ئەربابلار بىلەنمۇ، ئاقساق - چولاق، مايماق - توكۇر، گاس - گاچا مېيىپلار بىلەنمۇ، ھەرخىل بىمارلار بىلەنمۇ، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچكىلىك بىلەن نابۇت بولغان تىرىك مۇردىلار بىلەنمۇ ئۆزىيولى، ئۆز ئېپى، ئۆز ھاجىتىگە لايىق ھالدا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنى رازى - رىزا قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇشتىن قىلچىمۇ ھارغىنلىق، بىزارلىق ھېس قىلمايدۇ. بۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ ئالىجانابلىقتىن تەسىرلەنمەي ھەمدە ئۆزىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى نۇقسانلار ئۈستىدە تەنقىدىي ئويلانماي تۇرالمايدۇ.

بۇ پەزىلەت ساھىبى ھېچقاچان، ھېچيەردە، ھېچكىمدىن داۋالاش ھەققى ئۈچۈن بىر تىيىن ھەق ئالغان ئەمەس! بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا - سەھرالىرىدىن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ يايلاق - ئاۋۇللىرىدىن ئۈرۈمچىگە داۋالىنىش ئۈچۈن كېلىپ، دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا قاتراپ يۈرۈپ كېسىلىگە شىپالىق تاپالماي پۇل - بىساتىدىن ئايرىلىپ قاقسەنەم بولۇپ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن بەزى بىمارلارنىڭ ھەم كېسىلىنى كۆرۈپ داۋالاپ، ھەم يۇرتىغا كېتىۋېلىشىغا پۇل بېرىپ، يولدا يېيىشى ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك غەملەپ بېرىپ



(قۇربانجان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن)

يولغا سېلىپ كەلمەكتە. يۇرت - مەھەللە داد - پەرياد ئېيتىپ كەلگەن خولىگەن - لۈكچەك، هاراقكەشلەرنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ كېلىپ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، سېھرىي - كارامەتلەر بىلەن ئۇنى ھەيرانۇ - ھەس ۋە ئاگاھ قىلىپ، قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۈچۈن تۇۋا دېگۈزۈپ، يۇرت - مەھەللە جامائىتىدىن ناماقۇللۇق. كەچۈرۈم سورايدىغان قىلىپ يولغا سالماقتا.

تالاي - تالاي خىروئىن بەڭگىلىرى، ھاراق زابويلىرى بۇ «شىپا بەخش ئەۋلىيا»نىڭ پاساھەتلىك نەسىھىتى ۋە كارامەت - خىسلىتى بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك - ئىچىملىككە خۇمار بولۇشتەك كەيپى نىجاسەتتىن خالاس بولۇپ، يېڭىباشتىن ئادىمىي ھاياتقا قەدەم قويماقتا.



(قۇربانجان دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇشياۋزۇ بىلەن)

نېمە؟! يۇقىرىقى بايانلارغا مىسال كەلتۈرۈڭ، ئاندىن قايىل بولايلى دەۋاتامسىز؟ كەچۈرۈڭ قېرىندىشىم! قۇربانجاننىڭ بارلىق پائالىيىتى سىز، مەن ۋە ئۇدىن تەركىب تاپقان دەۋرەپ تۇرغان، تەلپۈنۈپ تۇرغان، تىكىلىپ تۇرغان، مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر توپى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئادەملەر توپى ئىچىدە تالاي مۆجىزە - كارامەتلەربىلەن مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ مۆجىزە سورۇنلىرىدا بولۇش پۇرسىتى سىزگىمۇ نېسىپ بولۇپ قالار!

## قۇربانجان بارلىق كارامەت ئىگىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئالتىنچى كارامەت ئىگىسى

1998-يىلى 12-فېۋرال چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا سارىيىنىڭ 4-قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر سۆھبىتىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى لايىق كۆردۈم.



(قۇربانجان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭلېچۈەن بىلەن)

بۇ سۆھبەتكە مەركەز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆپ يىللاردىن بۇيان مەخسۇس دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى - خىسلەتلىك ئادەملەرنىڭ كارامەتلىرى ئارقىلىق يۈز بېرىۋاتقان



(قۇربانجان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن)

فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەخسۇس ئورگان - شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئادەم بەدىنى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرىدىن 24 كىشى قاتناشقانىدى. سۆھبەت باشلىنىشىدىلا رىياسەتچى - لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ئاتاقلىق تېببىي ئالىم ياڭجۇنپىڭ ئەپەندى سۆھبەتكە ھازىر بولغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى ھەمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بايقالغان خىسلەتلىك ئادەملەردىن



(قۇربانجان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن بىلەن)

كۆرۈلۈۋاتقان «سىرلىق» ھادىسىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلقئارادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. شۇنداقلا بۇ قېتىم مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم -



(قۇربانجان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر بىلەن)

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ قۇربانجان ھەزرەت بىلەن سۆھبەت قۇرۇشتىن مەخسەت، قۇربانجان ھەزرەت بىلەن بولغان دوستلۇقنى قويۇقلاشتۇرۇش ، شۇنداقلا بۇساھەدىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. ئارقىدىن شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت

يىغىن ئەھلىگە قۇربانجاننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، قۇربانجاندا كۆرۈلۈۋاتقان مۆجىزە - كارامەتلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى، مەملىكەت ئىچى، چەت ئەللەردىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان زىيارەتچىلەر ۋە ھاجەتمەنلەر توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي توختالدى. ئالىم - مۇتەخەسسىلەرنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسىغا بىنائەن قۇربانجان نەقمەيداندىلا كارامەت كۆرسىتىشنى باشلىۋەتتى. ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر قۇربانجاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئورۇندۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، گىلەم ئۈستىدىلا ئۇنى چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ ياكى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. ئالتە نەپەر ئالىمنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن ئىسمى يېزىلغان بىر دانە قارتنى بىرياش ئالىم مۇشۇ بىنانىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قالغان قارتلاربولسا يەنە بىر ئالىمنىڭ ئالقىنى ئارىلىقىدا مەھكەم تۇتۇلدى. قۇربانجان يىراق ئارىلىقتىن كارامەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتىنى تاماملاپ، سىرتقا چىقىپ كەتكەن ياش ئالىمغا قايتىپ كىرىشنى ئېيتتى. ياش ئالىم قايتىپ كىرگەندە ئۇنىڭ قولىدا ئۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قارت ئورنىدا ئۇ ئۆزى ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان قارت تۇراتتى. ئۇ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قارت بولسا ھېلىقى ئالىمنىڭ ئالقىنىدىكى قارتلارنىڭ ئارىسىدىن چىقتى.

كېيىن قۇربانجان تۆت نەپەر پىشقەدەم ئالىمدىن 100 يۈەنلىك پۇلدىن بىردىن چىقىرىشنى ھەمدە بۇ پۇللارنىڭ نومۇرلىرىنى ھەممە ئالىمنىڭ يېزىۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. قۇربانجاننىڭ تەلىپى تېزلا ئورۇندالدى. ئاندىن قۇربانجان پۇل ئىگىلىرىدىن ئۆز پۇلىنى يىرتىپ ئەڭ ئۇششاق پارچىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، پۇل ئىگىلىرىنىڭ قوللىرى دەماللىققا بۇ پۇللارنى ئۇششاق يىرتىشقا بارمىدى بولغاي، چىرايلىرىدا چۈشىنىكسىز بولغان ھېجىيىش كۆرۈلدى. قۇربانجان ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، شۇڭلاشقا «پۇللارنى خاتىرجەم يىرتىڭلار، سىلەرگە زىيان بولمايدۇ» دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن پۇل ئىگىلىرى پۇللارنى يىرتىپ ئۇششاق پارچىغا ئايلاندۇردى. ئاندىن قۇربانجان بۇ تۆت نەپەر ئالىمنىڭ قولىدىكى پۇل پارچىلىرىنى بىر يەرگە جەملەپ ئارىلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، بۇ تەلەپمۇ تېزلا ئورۇندالدى. قۇربانجان يەنە ئىختىيار قىلغان بىر ئالىمنىڭ بۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن پۇل پارچىلىرىنى قوش چاڭگىلىغا ئېلىپ چىڭ سىقىمداپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپمۇ دەرھال - ھوزۇر دەستئورۇندالدى. قۇربانجان يىراقتىن ئىككى ئالقىنىدا، ئاندىن بىر قولىنىڭ بارمىقىدا خىسلەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى ئىشلىگەچ ، پۇل پارچىلىرىنى تۇتقان ئالىمدىن ئالقانلىرىنىڭ قىزىغان - قىزىمىغانلىقىنى سوراپ تۇردى. سەل تۇرۇپ ئالىم ئالقانلىرىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قۇربانجان ئالىمغا ئالقانلىرىنى ئېچىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ھازىر مەجلىس بولغانلار بۇ ئالىمنىڭ ئالقىنىدىن ئارىلىشىپ كەتكەن پۇل پارچىلىرىنى ئەمەس، بەلكى قاتلاقلىق 100 يۈەنلىكتىن تۆت ۋاراق پۇلنى كۆردى. ئەھلى سورۇن ھاياجاندىن چۇقان سېلىشىپ كەتتى. ئۇلار بۇ پۇللارنى ئېچىپ نومۇرلىرىنى كۆرۈۋىدى، بۇ نومۇرلار پۇللارنى يىرتىشتىن بۇرۇنقى كۆچۈرۈۋېلىنغان نومۇرلار بىلەن ئوپپوخشاش چىقتى!

«نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز-ھە؟!... ۋاي! بۇ كۆرگەنلىرىمىزگە نېمە دېگۈلۈك؟...» دېيىشىپ كەتتى ئالىملار بىر - بىرىگە قارىشىپ. ئارقىدىنلا ئالىملارنىڭ نەزەرى بايىدىن بېرى ئۆزلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن خىلمۇ-خىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرغان كارامەت ئىگىسىگە - چېھرىدىن نۇر، بەستىدىن سالاپەت يېغىپ تۇرغان ئۇيغۇر يىگىتىگە ئاغدۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ خىيالى، تەپەككۇرى ئاللىقاچان قۇربانجاندىن كۆرۈلگەن كارامەتلەر بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئىنسانلار ئاددىي ھايات كەچۈرىدىغان بۇ مەجازىي دۇنيادىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى...

- كۆپچىلىك، - دېدى بىر پىشقەدەم ئالىم، - قۇربانجان ھەزرەتنىڭ كارامەتلىرىنى مۇشۇنچىلىك كۆرگىنىمىز كۇپايە! قۇربانجان ھەزرەتنى ئارتۇقچە چارچىتىش ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن بىر خىل ئەخلاقسىزلىق. ھەزرەتنىڭ كىچىك پېئىللىقى، كەمتەرىن - خۇش تەبىئىيەتلىكى بىز كۆرۈشكەن باشقا كارامەت ئىگىلىرىدە كەم تېپىلىدىغان بىر خىل پەزىلەت. مەن قۇربانجان ھەزرەتنىڭ كارامىتىگىمۇ، ئىنسانىي پەزىلىتىگىمۇ مىڭ مەررە قايىلمەن!

يەنە بىر پىشقەدەم ئالىم: — مەن جاڭ باۋشېڭ ھەزرەت كارامەت كۆرسەتكەن سورۇنلاردىمۇ نەچچە مەررە بولغانمەن. قۇربانجان ھەزرەتنىڭ كارامەت سورۇنىغا ئۆتكەندە بېيجىڭدە بىر قېتىم، مانا بۈگۈن ئۈرۈمچىدە بىر قېتىم، جەمئىي ئىككى قېتىم داخىل بولدۇم. تىرەن مۇلاھىزە ئارقىلىق شۇنداق يەكۈنگە كەلدىمكى، قۇربانجان ھەزرەت ھازىر زامانىمىزدىكى كارامەت ئىگىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قالتىس كارامەت ئىگىسى، - دېدى.

يەنە بىر ئالىم سۆز ئېلىپ: جاڭ باۋشېڭ، سۇن چۇلىنلار قۇربانجان ھەزرەت بايقىلىشتىن بۇرۇن جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان كارامەت ئىگىلىرى ئىدى. مەنمۇ بىر تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن جاڭ باۋشېڭنىڭ كارامەت سورۇنىدا نەچچە قېتىم بولغانمەن. بۈگۈن مەن بۇ سورۇنغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولۇش ئارقىلىق قۇربانجان بىلەن جاڭ باۋشېڭنىڭ كارامىتىدىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى سېلىشتۇرۇشقا ئاساس بولىدىغان مۇنداق بىرنەچچە پەرقنى تېپىپ چىقتىم. 1. جاڭ باۋشېڭلار كارامەت كۆرسىتىشنى باشلاپ، مۆجىزە كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولۇشى ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى، كارامەتنىڭ زاھىربولۇشى ئاستا ئىدى. بىراق، قۇربانجان ھەزرەتنىڭ ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، كارامەتنى باشلاپ مۆجىزىنى پەيدا قىلىشقا نەچچە مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدىكەن، نەتىجىنىڭ نامايان بولۇشى ئىنتايىن تېز ئىكەن. 2. جاڭ باۋشېڭلار ھەرقانداق بىر جىسىمنى بىر قېتىملىق كارامىتىدە ياكى يۆتكەپ ئاپىرالايدۇ ياكى يۆتكەپ ئەكېلەلەيدۇ. بىراق قۇربانجان ھەزرەت بولسا بىر قېتىملىق كارامەت بىلەن يىراق ئارىلىقتىن ئىككى جايدىكى جىسىمنىڭ ئورنىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆزئارا ئالماشتۇرالايدىكەن. بۇ ھەقىقەتەن قالتىس مۆجىزە! شۇڭا مەنمۇ قۇربانجاننىڭ ئورنىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇشقا قوشۇلىمەن، - دېدى.

رىياسەتچى ئالىم سۆز ئېلىپ : بۈگۈن قۇربانجان ھەزرەت بىلەن يېرىم كۈن ھەمسۆھبەت بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر نامىدىن قۇربانجان ھەزرەتكە رەھمەت ئېيتىمەن. جۈملىدىن شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ئەپەندىنىڭ بۈگۈنكى سۆھبىتىمىزگە تەرجىمە جەھەتتىن زور خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئەمدى مەن بۈگۈنكى سورۇنغا ئىشتىراك قىلغان بارلىق ئالىملار نامىدىن ھازىرنىڭ ئۆزىدە قۇربانجان ھەزرەتنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى ھەققىدە بىرلەشمە ئىمزالىق ئىسپاتنامە يېزىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن، - دېدى.

ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن بىر پىشقەدەم ئالىمنىڭ قەلەم تۇتۇشى بىلەن ئالىملارنىڭ بەس ـ بەستە بېرىۋاتقان يۇكسەك باھالىرى قەغەز يۈزىدە ئورۇن ئالدى. ئاخىرىدا، يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن بۇ ئىسپاتنامە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى تەسىرلىك يېزىلغان بۇ ئىسپاتنامە ماددىمۇ ماددا ئوقۇلغاندا، سورۇن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى.

## دولان ئوغلى

قۇربانجان مەكىت ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان ئەينى يىللاردىلا ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققان جانپىدا، لەۋزى ھالال ، ھەققانىيەتچىل، جامائەت ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئېسىل ئوغلان ئىدى!



(قۇربانجان سەبداشلىرى مىجىت ساۋۇت (ئوڭدا) ، «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر (ئوتتۇرىدا) بىلەن)

ئۇ، دېھقانلار ھېيت قىلسا ھېيت قىلدى. دېھقانلار يىغلىسا مۇسىبەتكە پاتتى. سۇ ـ دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى، لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ، بولۇپمۇ تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا تۇتۇشۇپ كەتكەن مەكىت يېزىلىرىدىكى جاپاكەش دېھقانلار ئۈچۈن پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىناتتى. دېھقانىنىڭ چاڭقاپ چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن ئېتىزلىرىغا سۇ كىرسە، مەھەللە ـ كويلىرىدىكى سۈيى ئازلاپ تېگى كۆرۈنۈپ قالغان، قۇرتلاپ كەتكەن كۆللىرىگە سۇ كىرسە، مانا بۇ دېھقان ئۈچۈن ھېيت ـ ئايەم ئىدى. مانا شۇ ئېھتىياج تۈپەيلى، بىر قىسىم ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە سۇ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى مەكىت ئۈچۈن سۇ تىلەپ ھېلى يەكەنگە، ھېلى قەشقەرگە بېرىپ، سۇ ئىگىلىرى ئالدىدا چىراي سارغايتىپ، بويۇن سالپايتىپ يىلىناتتى، يالۋۇراتتى. لېكىن كۆپ ھاللاردا بۇ ئورۇنۇشلارمۇ نەتىجىسىز بولاتتى ـ دە، بارغانلار روھسىز ھالدا ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە قايتىپ كېلىشەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا قۇربانجاننىڭ يۈرىكى ئازابتىن تېخىمۇ پۇچۇلىناتتى. مىڭلىغان نامرات دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ تاڭدىن تاكى شامغىچە قىش ـ ياز ئېتىزدىن كىرمەي مىدىرلاپ يۈرگەن قىياپىتى، بىر ئۆمۈر ئېتىزدا يالاڭئاياغ ئىشلەپ چاك ـ چاك يېرىلغان تاپانلىرى، بوۋايلارنىڭ ساقاللىرىنى ، مومايلارنىڭ ياقىلىرىنى تۇتاملاپ ئېتىزلىرىدىكى سۇسىراپ سولۇشۇپ، شۇمشەرەپ تۇرغان مايسىلىرىغا قاراپ يۈرىكى پۇچىلىنىپ تۇرغان بىچارە ھالىتى؛ قاداقلىشىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى جۇپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ، قورۇق بېسىپ كەتكەن پىشانىسى ئاستىدىكى

پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ: «ئى رەببىم، ئادەملىرىڭگە سۇ كېرەك! نان كېرەك! ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارغىمۇ سۇ كېرەك. يەم كېرەك! بىزنى بۇ ھىممىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن...» دەپ قىلىۋاتقان نىدالىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، بوغىزىغا ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىپ، تىنىقى قىسىلىپ قالغاندەك بولاتتى. ئۇ ئاشۇ ناتىۋان دېھقانلار ئۈچۈن نەچچە مەتەم ئىچ ـ ئىچىدىن بوقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇمۇ دېھقاننىڭ ئوغلى ، دولاننىڭ تۇپرىقىغا دەسسەپ، ھاۋاسىدا نەپەسلىنىپ، قۇرتلاپ كەتكەن كۆللىرىدىن سۇ ئىچىپ يېگىت بولغان ـ دە! ئۇ ، قورامىغا يېتىپ جەڭچى بولغان ۋە تاغ ـ داۋان ئېشىپ يىراق چېگرىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان كۈنلەردىمۇ بۇ سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى ـ دولان دىيارىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ، شەرەپ بىلەن قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كۈنلەردە توپا ـ چاڭلىرى ، مەينەت ـ مۇشەققىتى يوق خىزمەت بىلەن شەھەرلەردە قالالايتتى. ئۇنىڭ بىر مۇنچە سەپداشلىرىمۇ شەھەرلەردە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتمىغانىدى. لېكىن بۇ دولان ئوغلى ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ، كەچقۇرۇنلىرى قوي ـ كالىلىرى مەرىشىپ ۋە مۆرىشىپ مەھەللىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئوتلاقتىن ئېغىللارغا قايتقاندا توپا ـ چاڭ، قوي ماياقلىرىنىڭ ھىدى قاپلاپ كېتىدىغان «مەينەت» سەھراسىنى پىكاپلار باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئاۋات، پاكىز، مەدەنىي شەھەرلەرگە تېگىشمىدى. ئۇ، ئىستىقبال سەپىرىدە ئىنتايىن مۇھىم تاللاشقا دۇچ كەلگەندە ھېچ ئىككىلەنمەيلا راھەتنى قويۇپ جاپانى، شەھەرنى قويۇپ سەھرانى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەربىي سەپتە غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان تەربىيىلەنگەن بۇ باھادىر جەڭچى ئانا يۇرتى مەكىتكە قايتىپ كەلدى. ھۆكۈمەت ئۇنى سۇ كادىرلىقىغا تەقسىم قىلدى. ئۇ، بۇ خىزمەتنىڭ قىشۇ ـ ياز ئېرىق ئاتلاپ، ئۆستەڭ ياقىلاپ، مەھەللە ئارىلاپ، زاكۇ مارىلاپ ئۆتىدىغان جاپالىق خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. لېكىن ئۇ تەقسىماتنى جان دەپ قوبۇل قىلدى. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەزىمەت مەكىت ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدا مىراپلىق ھاياتىنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى بەكمۇ سۆيەتتى؛ سۇنى تومۇرىدىكى قېنى بىلەن تەڭ كۆرۈدىغان دېھقان ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاغجىراپ كەتكەن يەرلەرنى، قۇرۇپ كەتكەن كۆللەرنى، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلەرنى كۆرسىلا چىدىيالماي قالاتتى. ئۇ، مۇشۇلار ئۈچۈن ياش تۆكەتتى، پەرىشان بولاتتى. مۇشۇلار ئۈچۈن غەم يەيتتى، غەمناك بولاتتى.

ئۇ، ناھىيە ۋە ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ يۇقىرىغا سۇ تەلەپ قىلىپ بېرىپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ پەرىشان بولۇپ، نەچچە قېتىم تەشكىلگە دەپ، دېمەي، ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ۋە قوللايدىغان ئىدارە باشلىقىنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ باشقۇرغۇچىلار ئالدىغا قايتىدىن بېرىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ يولغا چىقاتتى. يولغا چىقاتتىيۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەلمەيتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى كىشىلەرگە ئاشكارا بولمىغان «سىرلىق» ئىقتىدارى بىلەن بۇ «سۇ ئىگىلىرى»نىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى، قەلبىنى ئۇتاتتى. سۇ ھەل قىلىش جەريانىدا ھېلى سۇ ئىگىلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ دەردىگە دەرمان بولسا، ھېلى قارت ماھارىتى كۆرسىتىپ «سۇ ئىگىلىرى»نىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ بىر ئۆستەڭ ـ بىر ئۆستەڭ سۇنى باشلاپ غەلىبە

بىلەن قايتىپ كېلەتتى.

مەكىت ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ھازىرقى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئەخەت ھېكىم «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» نىڭ يېڭى كارامەتلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن چوڭقۇر ئەپسۇس بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنلەردە گەرچە قۇربانجاندىن خىلمۇخىل مۆجىز - كارامەتلەر سادىر بولۇپ تۇرسىمۇ بىز بۇنى بىلەلمەي، ئۇ مۆجىزە - كارامەتلەرنى بىر ئويۇن - تاماشا دەپ چۈشىنىپتۇق. ناتونۇش سورۇنلاردا ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش بولغاندا، ‹قۇربانجان سۇ كادىرى، ئۆزى ئۇستا قارتچى› دەپ تونۇشتۇرۇپتۇق. كەمتەرىن، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق قۇربانجان بولسا بۇنداق تونۇشتۇرۇشلارغا پەسەنتمۇ قىلمايتتى. ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا ئەجر-تۆھپىسى ئۈچۈن تەشكىلدىن شۇنچە يىللار مابەينىدە ھېچقانداق نام - ئاتاق، سوغات، مۇكاپات، دەرىجە-مەنسەپ تەلەپ قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، ئادىمگەرچىلىكى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، پاك - دىيانەتلىكلىكى بىزدە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇرغانىدى. كونىلار ئېيتقان ‹گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا؟›، دېگەن گەپ ھەق-راست ئىكەن. قۇربانجان ئارىمىزدىكى ۋاقىتتا تونۇماپتۇق. خەلق، پارتىيە - ھۆكۈمەت بۇ كارامەت ئىگىسىگە كاتتا ھۆرمەت، قەدىر - قىممەت ئاتاقىپتۇ . قۇربانجان بىزدىن كېتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىلا ئەمەس ھەتتا مەركەزدە پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، مەشھۇر كارخانىچىلار، چەت ئەللەرنىڭ ئەربابلىرى ۋە مەشھۇر كارخانىچىلىرى بىلەن كاتتا سورۇنلارنى تۈزۈپ ، كىشىنىڭ ئەقلى تاڭ قالغۇدەك كارامەتلەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە سىنئويغۇدىن كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا شۇنداق دېدۇق: خەلقىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تونۇتىۋاتقان مۇشۇنداق بىر كارامەت ئىگىسى بىلەن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ، بىللە خىزمەت قىلىپ، بىللە ياشاپ تۇرمۇش كۆچۈرۈپ تۇرۇقلۇق ئەجەب قەدرىنى بىلمەپتۇقا؟! بېمىلا دېگەنبىلەن چوڭ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى باركەن . راستىنى ئېيتقاندا قۇربانجاننىڭ ئىقتىدارىغا نىسبەتەن ناھىيىمىز كىچىك كېپقالغان . ئۈرۈمچى ئىلىم-پەن ، مەدەنىيەت مەركىزى . قۇربانجاننىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ زور بەخت يارىتىشىنى كۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشى دەل جايىدا بولدى».

راست ئېيتىدۇ! ھازىر قۇربانجان ئۈرۈمچىدە زور ھۆرمەت، شان-شۆھرەتكە ئىگە بولىۋاتىدۇ. ئۇ بۇرۇن مەكىتتە سۇ كادىرى ئىدى. كىشىلەر نەزەرىدە ئادەتتىكى مىراپ دەپ قارىلىپ كەلگەن بۇ زات ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، پەن جاۋاپ بېرەلمەيۋاتقان بەزى قىيىن مەسىلىلەرگە ئۆزىنىڭ ئىلمىي پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

كونىلار توغرا ئېيتقان: «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دەپ. 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن بۇ «ئالتۇن» نى بايقىدى ۋە ئۇنىڭ قەدرىنى قىلدى. . . قەييۇم شۇجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قۇربانجان ئۈرۈمچىگە - شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە يۆتكەپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن مەكىت دېھقانلىرىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقىغا غەمناك بولۇپ كەلگەن بۇ يىگىت ئەمدىلىكتە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ مەملىكەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتىدۇ ۋە تەكرىتاغلىرىنىڭ

جەنۇبى ۋە شىمالىدىن كەلگەن ھەر مىللەت كەمبەغەللىرى، يېتىم - يېسىرلار، بىمارلار ئۈچۈن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۆڭۈل بۆلۈپ خالىس خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ «كېسەلدىن شىپا تاپقۇزغۇچى»، «غەمدىن خالاس قىلغۇچى» بۇ كارامەتلىك ئوغلىنى چىن قەلبىدىن ئۇلۇغلىماقتا. . .

## ئۈرۈمچى قۇربانجاننىڭ قەدرىنى قىلدى

قۇربانجان ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن تېزلا خەلققە تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى خەلقى قۇربانجاننى ئاجايىپ ئەزىزلىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ شەھەردە ئەڭ قىس ۋە ئەڭ قىممەت نەرسە تۇرالغۇ ئۆي. قۇربانجانغا چىرايى ناتونۇش، قەلبى تونۇش مەرد كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئىشىكلىرى تەرەپ - تەرەپتىن قىزغىن ئېچىلدى؛ ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشنى ئۆي ئىجارىگە بېرىپ پۇل تېپىشتىن شەرەپ دەپ بىلدى. قۇربانجانغا شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كىچىكرەك بولسىمۇ ئۆي بەرگەنىدى. بىراق خەلقىمىز ئىچىدىكى قەلبى ئويغاق - ئېسىل كىشىلەر قۇربانجاننى ئۆزلىرىنىڭ ئازادە ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. بۇمۇ ئۇزاققا بارمىدى. بىر قىسىم نازارەت - ئىدارە ، شىركەتلەر قۇربانجاننى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى كەڭتاشا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كېلىشنى تەۋسىيە قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى تەكلىپكە بىنائەن قۇربانجان ئائىلىسى بويىچە زىياپەتكە بارىدۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، قۇربانجان ھەمداستىخان بولغان رەھبەرلەر ۋە دوستلار بىلەن خوشلىشىپ ساھىبخانىنىڭ پىكاپىغا ئولتۇرۇپ قايتىدۇ. پىكاپ قوزغىلىپ قۇربانجان ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقان قورۇ تەرەپكە ئەمەس بەلكى باشقا بىر نامەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ماڭىدۇ. قۇربانجان يېنىدىكى ئۆزىنى ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان كىشىدىن پىكاپنىڭ قايسى تەرەپكە مېڭىۋاتقانلىقىنى سورايدۇ. ئۇ كىشى قۇربانجاننىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى، ئۆيىگە ھازىرلا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پىكاپ نامەلۇم بىر قورۇنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئالتە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. قۇربانجان پىكاپتىن چۈشۈشكە تونۇش چىراي كىشىلەردىن بىر نەچچىسى ئۇنى بۇ بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى جابدۇلغان ئازادە ئۆيگە باشلاپ چىقىدۇ. قۇربانجان ۋە ئايالى گۈلھەسەل بۇ ئۆيگە كىرىپلا ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم تۆشۈك سايمانلىرى ۋە ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. قۇربانجاننىڭ ئۆيىدىكى تام گىلەملىرىمۇ بۇ ئۆينىڭ تېمىدا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن يېنىدىكىلەرگە قارايدۇ. شۇ ۋاقىتتا، بۇ ئىشقا بىۋاستە مەسئۇل بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بەردى ھەسەن: بۇ ئىدارە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى. بۇ ئۆي مانا ھازىردىن باشلاپ سىلىنىڭ ئۆيلىرى بولىدۇ. بۇ ئۆيدە قاچانغىچە ئولتۇرسىلا سىلىدىن ئۆي ئىجارىسى ئېلىنمايدۇ، بۇ، نازارەت رەھبەرلىكىنىڭ قارارى، شۇڭا سىلى مېھمان بولۇۋاتقان ۋاقىتتا بىز ئادەم تەشكىللەپ ئۆي سەرەمجانلىرىنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدۇق، -دەيدۇ.

ئەھۋال ئايدىڭلاشتى. بۇ ئىشتىن يالغۇز قۇربانجان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرلا مىننەتدار بولۇپلا قالماستىن بەلكى

قۇربانجاندىن ئىبارەت بۇ خىسلەتلىك ئوغۇلدىن سۆيۈنىدىغان ھەر بىر كىشى قاتناش نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قورۇدىن، توغرىراقىنى ئېيتقاندا بۇ ئۆيدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم پارتىيە-ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم نازارەت - ئىدارىلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى - شائىرلار، ئاتاغلىق جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي زىيارەتكە، سۆھبەتكە، پەتىگە كىرىپ تۇرىدىغان بولدى.

قۇربانجان 1997 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى قورۇسىدىكى يېڭى پۈتكەن ئازادە تۇرالغۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ قورۇنىڭ ئىچى كۈندىن كۈنگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىۋاتقان زىيارەتچىلەر، پەتىچىلەر، ھاجەتمەنلەر بىلەن ئاۋاتلاشتى. ھازىر قۇربانجاننىڭ ئۆيى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدىمۇ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدىمۇ ئوخشاشلا سۆبھىدىن تاڭ كېچىگىچە بىر - بىرىنى يۆلەپ ياكى كۆتۈرۈپ، باشلاپ ياكى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سان - ساناقسىز كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان قوبۇلخانىغا ئايلىنىپ قالدى. قۇربانجاننىڭ مەكتەپتىن قايتقان بالىلىرى ۋە ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن ئايالى ئۈچۈن بەش-ئون مىنۇت پۇت - قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىۋېلىش بۇ ئۆيدە مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى قۇربانجان ئۆزىنىڭمۇ كۈندۈزلىرى ئانچە - مۇنچە مۇۋاپىق ئارام ئېلىۋېلىپ كېچىسى جىمجىت خىلۋەتتە تەنھا ئولتۇرۇپ «كارامەت كەلتۈرۈپ»، «كارامەت پىشۇرۇپ» تۈنەپ چىقىدىغان ئېھتىياجىنى زادىلا قامدىيالمايۋاتاتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان رايون ھالقىغان بەزى چوڭ كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ لىدىرلىرى بۇ كارامەت ئىگىسىنىڭ كەسپى ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات يەرلىرىدە يېڭى پۈتكەن ئالىي بىنالاردىن يورۇشلەشكەن ئازادە ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قۇربانجاننىڭ ئىشلىتىشىگە سۇندى.

قۇربانجان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن خىسلەت - كارامىتىمۇ ئىشلەتكەنسېرى كامالەتكە يېتىپ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ماقامغا كۆتۈرۈلۈپ بارماقتا. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر مىسال كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم:

بۇلتۇر 19-فېۋرال سائەت يەتتىدە قۇربانجان تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى خوجا ئەھمەت ئابلايوپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردى. بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك يېپىلىپ ئۇزاق ئۆتمىگەن مەزگىل ئىدى. بۇ سورۇنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مەتتىمىن زاكىر، ئابدۇقادىر نەسرىددىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، گېنېرال مايور قۇربان ئەرشىددىن، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، گېنېرال مايور روزى ھوشۇر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى تۇرسۇن سادىر، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇر بەكرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلەت مۇھەممەتجان، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئىمىن ئەھمىدى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇتلار ئىشتىراك قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇربانجاننىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا مىجىت ساۋۇت قىسقىچە دوكلات قىلدى. ئارقىدىنلا قۇربانجان ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىكلەرنى دىئاگنوز قويۇپ تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالاش، پىنھاندا تۇرغان نەرسىنى يەنە باشقا بىر پىنھانغا يۆتكىۋېتىش قاتارلىق كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاخىرىدا قۇربانجان سورۇن ئەھلىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن: «بايىقى كارامەتلەرنى مېھمانلار ئۈچۈن كۆرسەتتىم. ئەمدى ئاخىرقى بىر كارامەتنى ساھىبخان ئابلايوپ ئاكا ئۈچۈن كۆرسىتىمەن» دەپ چاقچاق قىلدى-دە، كىچىك بىر داستا سۇ ئەكىلىشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ ئورۇندالدى. قۇربانجان ئابلايوپ ئاكىنى داستىخاندىن بىر تال ئۈزۈك قېقى ئېلىپ سىقىمداپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئابلايوپ ئاكا قۇربانجاننىڭ دېگىنىنى بىجا كەلتۈردى. قۇربانجان يىراقتىن ئابلايوپ ئاكىنىڭ قولىغا خىسلەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئانچە ئۆتمەي ئابلايوپ ئاكا ئالقىنىدا بىر نەرسىنىڭ مىدىرلىغان سېزىمى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قۇربانجان ئابلايوپ ئاكىنىڭ ئالقىنىدىكىنى داسقا تاشلاشنى بۇيرىدى. ئابلايوپ ئاكا ئالقىنىنى داس ئۈستىگە ئېچىۋىدى، ئالقىنىدىن بايىقى ئۈزۈك قېقى ئەمەس، بەلكى چىرايلىق بىر كىچىك تاشپاقا داسقا چۈشتى-دە، پىلتىڭلاپ ئۈزۈشكە باشلىدى. سورۇن ئەھلى ھەيرانلىقتىن قىقاس - چۇقان سېلىشتى. ھەممەيلەن داسنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ بۇ كىچىك جاننى تاماشا قىلىشتى. ئارىلىقتا كىمدۇر بىرى چاقچاق قىلىپ: قۇربانجان ئۈزۈك قېقىنى تاشپاقىغا ئايلاندۇرۇپ چوڭ كارامەت كۆرسەتتىلە، بۇ كارامەت بىزگە بەك خوش كەلدى. بىراق بۈگۈن ئابلايوپكام مېھمانلارغا بەك كۆپ جۇۋاپ چىقىمدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئابلايوپكامغا تاشپاقا ئەمەس بەلكى پۇلغا يارىغىدەك باشقا بىرەر نەرسە كەلتۈرۈپ بەرگەن بولسىلا، بۇ كارامەت ئابلايوپكامغا تېخىمۇ بەك خوش كەلگەن بولاتتى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك پاراقىدە كۈلۈشتى.

- ئۇنداقتا ئابلايوپكا بۇ تاشپاقىنى قوللىرىغا ئالسىلا. خۇددى باياتىن ئۈزۈك قېقىنى تۇتقاندەك بۇ جانىۋارنىمۇ ئالقانلىرىدا مەھكەم تۇتسىلا، - دەپ تاشپاقىنى ئابلايوپ ئاكىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇنىڭ بىلەن قايتا كارامەت كۆرسىتىش باشلاندى. ئاز ئۆتمەي ئابلايوپ ئاكا قۇربانجاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئالقىنىنى ئېچىۋىدى، پاھ! . . . سورۇن ئەھلى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئالقاندا تۇرغىنى بايىقى تاشپاقا بولماستىن بەلكى پارقىراپ تۇرغان يوغانلا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك ئىدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت باشلىق سورۇن مۆتىۋەرلىرى ئۈزۈكنى بىرمۇبىر قوللىرىغا ئېلىپ كۆرۈشتى. بۇ ھەقىقەتەن ئالتۇن ئۈزۈك ئىدى. سورۇن ئەھلى ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

- زىياپەت ئاخىرىدا ساھىبخان مۇشۇنداق ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن تارتۇقلىنىدىغان ئىش بولسا، بۇندىن كېيىن قۇربانجاننى ھەممىمىز كۈندە دېگىدەك مېھمانغا چاقىرساق بولغىدەك، - دېدى خۇشچاقچاق مىجىت ناسىر.

- بۇ ئۈزۈك بۈگۈنكى سورۇنغا مۇشەررەپ بولغان ھەممىمىزگە تەئەللۇق، - دېدى چاقچاق بىلەن يەنە بىرەيلەن.

- ئابلايوپكا، ئۈزۈكنى دەرھال قولىڭىزغا سېلىۋېلىڭ ، بولمىسا ئۈزۈكتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايسىز - دېدى ئابلەت ئابدۇرېشىت چاقچاق قىلىپ.

- شۇنداق، خاتىرە بولۇپ قالسۇن، قوللىرىغا سېلىۋالسىلا.- دېدى بايىدىن بېرى كارامەت كۆرسىتىش جەريانىدا تەرلەپ - تەپچىرەپ كەتكەن قۇربانجان قولىدىكى چايدىن ئوتلىغاچ .

- قۇربانجان ئۇكام، بۇ ئۈزۈكنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن سېلىپ قويسىلا، بولمىسا بارمىقىمدا بۇ ئۈزۈكنىڭ تۇرۇشىغا تازا كۆڭۈل توختىتالمايۋاتىمەن، - دېدى ئابلايوپ ئاكا ئۈزۈكنى چىڭ تۇتقان ھالدا چاقچاق قىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن قۇربانجان ئۈزۈكنى ئابلايوپ ئاكىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى.

سورۇن ئەھلى ھەيرانلىق بىلەن بايىدىن بېرى كۆرسىتىلگەن كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان كارامەتلەر توغرىسىدا بەس - بەس بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

- بۇ كارامەتلەرگە نېمە دېگۈلۈك ؟ مەن زادىلا ئىشەنگە كېلەلمەيۋاتىمەن،- دېدى ئابلايوپ ئاكا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتقا قاراپ.

- شۇنداق، بۇ كۆرگەنلىرىمىز ھەقىقەتەن قالتىس كارامەت، - دېدى ئابلەت ئابدۇرېشىت قايىللىق بىلەن ،- ئىلگىرى مەن قۇربانجاننىڭ كارامەت كۆرسىتىش سورۇنلىرىدا بىللە بولغان. قۇربانجاننىڭ ئۇ چاغدا كۆرسەتكەن كارامەتلىرىنى بۈگۈنكىگە زادىلا تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. قارىغاندا قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى، خىسلەت - كارامەتلىرى كۈندىن كۈنگە ئۈسۈۋېتىپتۇ.

شۇنداق، خۇددى رەئىس ئېيتقاندەك قۇربانجاننىڭ خىسلەت-كارامەتلىرى كۈنسايىن كامالەتكە يەتمەكتە. قۇربانجاننى بۇرۇن مەكتەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي ئېڭىغا ئاساسەن «ئۇستا قارتچى» دەپلا تونۇيتتى. قۇربانجاندىن سادىر بولىۋاتقان خىسلەت-كارامەتلەرنى «ئويۇن - تاماشا» دەپلا چۈشىنەتتى. قۇربانجاننى - بۇ خىسلەتلىك ئادەمنى قەيىۋم باھاۋۇدۇن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىم-پەننىڭ ، كارامەت ۋە كامالەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىلھام - مەدەتى، ئىزگۈ تىلەكلىرى بىلەن ئۇ تېخىمۇ زور خىسلەت - كارامەتكە تولۇپ، قەدىر - قىممىتى ۋە شۆھرىتى كۈندىن كۈنگە ئاشتى. قىسقىسى ئۈرۈمچى قۇربانجاننىڭ قەدرىنى قىلدى. قۇربانجاننى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىدىكى بەزى نازارەت - ئىدارىلارنىڭ رەھبەرلىرى يۆتكىۋېلىشنى لايىق كۆرۈپ: قۇربانجان، ئۆزلىرىنى يۆتكىۋالايلى. تەمىنات، مۇكاپات، پاراۋانلىق، تۇرالغۇ جەھەتلەردە شارائىتىمىز مەدەنىيەت - سەنئەت ئورۇنلىرىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى،- دېيىشكەنمۇ بولدى.

قۇربانجان بۇ رەھبەرلەرنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنى زور ئىززەت - ئىكرام بىلەن مەكتەپتىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئەكىلىپ ھۆرمەت دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچقان شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدىن ھېچيەرگە يۆتكەلمەسلىكنى مۇۋاپىق كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دۆلەت دەرىجىلىك ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان كارخانىلار ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىمۇ قۇربانجاننى بېيجىڭگە يۆتكەپ ئەكىلىۋېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار: قۇربانجان ھەزرەت ، بېيجىڭگە كېلىپ بىز بىلەن تۇرۇڭ. سىزنىڭ خىزمىتىڭىز پەقەت بىزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە مەبلەغ سالىدىغان، يولغا قويىدىغان ئىقتىسادى تۈرلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ، مەسلىھەت بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن 270 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ، ئون مىڭ يۈەن ئايلىق بېرىمىز. شىنجاڭغا خالىغان چاغدا بېرىپ كېلەلەيسىز، بارلىق خىراجەت بىزدىن بولىدۇ. ئايالىڭىزنىڭ خىزمىتى ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ئوقۇشىدىن تامامەن خاتىرجەم بولۇڭ. ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرىمىز،- دېدى . لېكىن قۇربانجان ئۇلارنىڭ تەكلىپىنىمۇ باشتىن - ئاخىر چىرايلىقچە رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: سىلەرمۇ ماڭا ئېھتىياجلىق، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلىرىم ماڭا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. چۈنكى مەن سىلەرگە لازىم بولسام سىلەردە پۇل بار، خالىغان ۋاقىتتا ئايرۇپىلان بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ كېلەلەيسىلەر. لېكىن شىنجاڭدىكى ئاۋام پۇقرا ماڭا ھاجىتى چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدەپ بېيجىڭگە كېلىپ كېتىشىگە قۇربى يەتمەيدۇ. شۇڭا مەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋېرەي. سىلەر مېنى قاچان ئىزدەپ كەلسەڭلار، سىلەردەك دوستلىرىم ئۈچۈن ئىشىكىم ھەرقاچان ئوچۇق.

قۇربانجان ئالاھىدە خىسلەت بىلەن كېسەل تەكشۈرۈش ۋە كارامەت بىلەن كېسەل داۋالاشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك كارامىتى ئاشكارىلانغاندىن تاكى ھازىرغىچە 20مىڭ نەپەردىن ئارتۇق كېسەل كۆردى. بۇنىڭ ئىچىدە 7103 نەپەر كېسەلنى بىۋاسىتە داۋالىدى. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى داۋالاش ئىمكانىيىتى بولمىغان ياكى دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەن ۋەياكى غايەت زور مىقداردىكى داۋالاش خىراجىتى تاپشۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان، ھۆكۈمەت ھېسابىغا داۋالىنىش ئىمكانىيىتى يوق بىچارىلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا قوي - كالا، ئۆي - بىساتلىرىنى سېتىپ، يەتمىگىنىگە ئۇرۇغ-تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىدىن قەرز - قۇرات قىلىپ پۇل غەملەپ مەجبۇر مۇشەققەتتە ئۈرۈمچىگە كەلگەن، ئالىي دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ ئىشىكلىرىدە تىنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئېلىپ كەلگەن پۇللىرى پەقەت ئالىي دەرىجىلىك ئاپپاراتلاردا تەكشۈرتۈش ھەققى بىلەنلا تۈگەپ قېلىپ، رەسمىي داۋالاش خىراجىتى تاپشۇرۇش تۈگۈل كىرا قىلىپ يۇرتىغا قايتىۋېلىشقىمۇ پۇلى قالمىغان، ئامالسىزلىقتا بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، كىملەرنىڭدۇر يول كۆرسىتىشلىرى بىلەن قۇربانجاننىڭ ئىشىكىگە شىپالىق ئىزدەپ كەلگەن بىچارە قېرىنداشلارمۇ بار ئىدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: قەلىمىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۇرۇۋالدى، قۇربانجان توغرىلىق سىلەرگە يەنە بىرەر ئەمەلىي پاكىتنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بولىدۇ، سۆزلەپ بېرەي.

1997 - يىلى دېكابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ، تەتقىقاتچى ، ئالىي مۇھەررىر ئىسلامجان شېرىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى ئەمەتجان مەمتىلى ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى مۇھەممەت پالتا ۋە مەن ( ئاپتور ) شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ كادىرلار بالنىتسىدا، بۇ يەردە داۋالىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ( ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. مۇھەررىردىن) نىڭ ھوزۇرىدا ئىدۇق. بۇ سورۇندا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ۋە مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ۋە تېببىي خادىملار بار ئىدى.

توساتتىن ئىشىك ئالدىدا كىملەرنىڭدۇر ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلىپ ئاددىيغىنە كىيىنگەن بىرجۈپ ياش ئەر-ئايال بۇ كېسەلخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە سۆزلەپلا كەتتى: «... بىز دېھقان خەق، قەشقەردىن كەلدۇق. بۇ يەردە مىجىت جۇشىنى بار دەپ ئاڭلاپ كىردۇق. ھېچنېمە تەلەپ قىلمايمىز. پەقەت ئىچىمىزگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقىمىز- رەھمىتىمىزنى مىجىت جۇشى ئارقىلىق پارتىيە - ھۆكۈمەتكە دەۋالماقچىمىز» دەپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپلا ئالدى.

- مەن مىجىت ناسىر بولىمەن، دېھقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ھەرۋاقىت تەييارمەن، قېنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلەڭلار،- دېدى مىجىت ناسىر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە بۇ ئەر-ئايالغا مېھرىبانلىق بىلەن چاي تۇتتى. ئاندىن ئۇلارغا ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، نېمە تەلەپ - ئىلتىماس بىلەن كىرگەن بولسا تارتىنماي دېيىشىنى ئېيتتى.

كېسەل ئەر بوقۇلداپ يىغلاپ زادىلا ئۆزىنى توختىتالمىدى. ئايال بىرئاز تىنچلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: ئەر - خوتۇن ئىككىمىز دېھقان، بالىلىرىمىزنىڭ چوڭى توققۇزياش، كىچىكى تۆت ياش. ئېرىم يېرىم يىل ئىلگىرى ساقسىز بولۇپ قالغانىدى. ئېرىم ئاغرىپ قالغاندىن بېرى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرىدە كۆرسەتمىگەن دوختۇرخانا قالمىدى، چارە بولمىدى. ھەرقايسى دوختۇرخانا ھەر خىل دىئاگنوز قويدى. ئاخىرىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - دوختۇرخانا بالنىستقا ئېلىپ تەكشۈردى. ئاخىرىدا ئۇلار ئېرىمنى دەرھال ئۈرۈمچىگە يۆتكەش كېرەك دېدى. بىز ئۆيىمىزدىكى پۇلغا يارىغىدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساتتۇق، ئۇرۇغ - تۇغقانلاردىن بەرگىنىچە قەرز ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئېرىمنى شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانا بالنىتسىغا ئالدى. دوختۇر - سېستىرالارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئېرىم دەسلەپىدە ئازراق ياخشى بولغانتى، كېيىنچە كېسەلى يەنە ئەدەپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، ئېرىمنىڭ بۆرىكى ئاساسەن كاردىن چىققانىكەن. دوختۇرلار ھەر قېتىم ئېرىمنىڭ قېنىنى تازىلىسا بىر مەزگىل ياخشى بولغاندەك بولدىيۇ، ئارقىدىنلا يەنە يامانلىشىشقا باشلىدى. مانا شۇنداق جان قىيناپ يۈرۈپ دوختۇرخانىغا 47 مىڭ كوي پۇلىمىز كەتتى. قەشقەردىكى داۋالىنىش خىراجىتىنى قوشقاندا 60 مىڭ كويغا بېرىپ قالدى. بىزنىڭ كىشىلەرگە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزىمىزلا 39 مىڭ كويغا باردى. شۇنچە داۋالاتساقمۇ ئېرىم ياخشىلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن بەدىنىنىڭ سىڭايىنى پالەچ بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك، تەرىتىنىڭ ھەممىسىدە مەن بولمىسام بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. يىغا - زارىمىغا چىدىمىغان دوختۇر - سېستىرالارنىڭمۇ قىلمىغان چارە - ئامالى قالمىدى. ئاخىرىدا دوختۇر ئېرىمنى ئۆيگە ئەكتىپ ئوبدان بېقىۋېلىشىمنى ئېيتتى. بېشىمدا چاقماق چاققاندەك بولدى. بىز ئەر - خوتۇن ئىككىمىز ئاتا - ئانىسى يوق يېتىملەردىن ئىدۇق. ئەمدى ئېرىم ئۆلۈپ كېتىپ چۈچۈرىدەك ئۇششاق بەش نارەسىدە بىلەن قالسام، بويۇن - قولاقچە قەرزنى قانداق تۆلەپ بولارمەن؟ باللارنى قانداق بېقىپ كېتەرمەن؟ ئېتىز - ئېرىقنىڭ تېرىقچىلىقىغا قايسى پۇلغا ئۇرۇق، سۇلياۋ يوپۇق، ئوغۇت سېتىۋېلىپ تېرىيامەن؟ دەپ ئېغىر قايغۇدا قالدىم. شۇ كۈنلەردە بىر سېستىرا قىز ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» دېگەن كىتابنى ئوقۇۋېلىشىم ئۈچۈن بېرىپ، قۇربانجان ئاكىنى ئىزدەپ بېقىشنى ئېيتتى. مەن كىتابنى ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدىلا ئوقۇپ بولدۇم ۋە خۇشاللىقىمدىن بىر غايىبانە ئۈمىد بىلەن شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنى ئىزدەپ تاپتىم. تەلىيىمگە قۇربانجان ئاكا ئىدارە قورۇسىدىلا ئۇچراپ قالدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي قۇربانجان ئاكىغا ئېتىپ تۇرۇپ ئەھۋالنى قىسقىچە دېدىم. قۇربانجان ئاكا ئالدىراش ئىكەن، شۇڭا ماڭا 50 كوي پۇل بېرىپ ئېرىمنى ئەتە ئەتىگەندە ئەكىلىشىمنى تاپىلاپ پىكاپ بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەتىسى مەن ئېرىمنى ماشىنىغا سېلىپ قۇربانجان ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدىم. قۇربانجان ئاكىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھەر مىللەت كىشىلىرى بەك كۆپ ئىكەن. قۇربانجان ئاكا ئۇلارغا: «كەچۈرۈڭلار، بۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن بىچارە دېھقان ئىكەن، بۇلارنى ئالدىن كۆرۈۋېتەي» دەپلا بىزنى ئۆيىگە باشلاپ ئەكىردى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىن: «دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشى توغرىكەن، ھەقىقەتەن بۆرەك ئېغىر ھالدا بۇزۇلۇپتۇ» دېدى ۋە ئېرىمنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ زور كۈچ بىلەن ئېرىمنىڭ بەدىنىگە كارامەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. كۈچىگەنلىكتىن قۇربانجان ئاكا چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى. ئاندىن كېيىن قۇربانجان ئاكا ئېرىمنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى تۇتماس بولۇپ قالغان ئوڭ قولىنى كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالاپ مىدىرلايدىغان، قوشۇقنى تۇتۇپ ئېغىزىغا ئاپىرالايدىغان قىلدى. مەن ۋە ئېرىم بۇ مۆجىزىلەرگە قاراپ خۇشاللىقتىن ئېسىمىزنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدۇق. قۇربانجان ئاكا ئېرىمنى يەنە يەتتە قېتىم كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالايدىغانلىقىنى، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم داۋالايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئېرىمنى بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىدىغان يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى تاپىلاپ 500 كوي پۇل بەردى. داۋالىنىپ ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىدە داۋالىنىپ ساقايغان شوپۇرلارنىڭ ماشىنىسىدا بىزنى ھەقسىز قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىرقانچە قېتىملىق داۋالاش ئارقىلىق ئېرىم تامىقىنى ئۆزى يېيەلەيدىغان، تەرەتكە ئۆزى بېرىپ كېلەلەيدىغان بولدى. ئۇزۇندىن بۇيانقى نورمالسىز كىچىك تەرىتى نورماللاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز دۇنياغا گويا يېڭىدىن تۆرەلگەندەك بولدۇق. بالىلىرىمىزنىڭ چىرايىنى يېتىملىك تۇزانلىرى باسمايدىغانلىقىغا ئۈمىد تۇغۇلدى. قۇربانجان ئاكا ئېرىمنىڭ كېسىلىنى تەكشۈردى، داۋالىدى، قىممەت باھالىق، بۆرەككە شىپا بولىدىغان دورا، ياخشى ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن پۇل بەردى. قۇربانجان ئاكىدىن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئاڭلىغان بەزى ئاقكۆڭۈل كىشىلەرمۇ بىزگە ئارقا - ئارقىدىن پۇل بەردى. ھەقىقەتەن جەمئىيىتىمىزدە مېھرىبان كىشىلەر يەنىلا كۆپ ئىكەن. بىز قۇربانجان ئاكىنىڭ ئۆيىدە بولغان ئاشۇ كۈنلەردە قۇربانجان ئاكا نۇرغۇن - نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆردى ۋە داۋالىدى، بەزىلەرگە دورىمۇ بەردى لېكىن ھېچكىمدىن بىر تىيىن ھەق ئالمىدى. كىشىلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئالدىغا قويغان نەچچە مىڭ كويلاپ پۇل ۋە سوۋغاتلارنى قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇڭا ھەممىمىز مىننەتدارلىق ياشلىرىمىزنى ئېقىتىپ تۇرۇپ: رەھمەت، دېگەن سۆزنىلا قىلالىدۇق. بىز بۇنداق پەزىلەت

ئىگىسىنى تەربىيىلىگەن پارتىيە - ھۆكۈمەتكە رەھمەت ئېيتىمىز. قۇربانجان ئاكامنىڭ ئىدارىسى شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىگە رەھمەت ئېيتىمىز. بىز ئەر - ئايال ئىككىمىز خۇشاللىقتىن ئاغزى - ئاغزىمىزغا تەگمەي قۇربانجان ئاكىمىنىڭ ھوزۇرىدا كۆرگەنلىرىمىزنى كېسەلخانىدىكى بىللە داۋالىنىۋاتقانلارغا سۆزلەپ بېرىپ، قۇربانجان «ئەۋلىيا»نى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە - ھۆكۈمەتكە خەت ئارقىلىق رەھمەت ئېيتماقچى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتساق، كىشىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ،رەھبىرىمىز مىجىت ناسىر ئاكىنىڭ مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ كادىرلار بالنىتسىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىز خۇشلۇقتىن بۇ رەھبىرىمىزگە ئىچىمىزگە پاتمايۋاتقان بۇ خۇشاللىقىمىزنى ئېيتقاچ، پارتىيە - ھۆكۈمەتكە ۋە قۇربانجان «ئەۋلىيا»نىڭ ئىدارىسىغا ئېيتىدىغان رەھمىتىمىزنى ئېيتىپ چىقايلى، دەپ كىردۇق. سىلىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ قويدۇق ، جۇشى، بىزدىن رەنجىمىسىلە. بىز ئۆمرىمىزدە سىلىدەك كاتتىلار تۇگۇل يېزىمىزنىڭ باشلىقلىرى بىلەنمۇ سىلىدەك گەپلىشىپ باققان ئەمەس. بىز بۇ قېتىم خۇددى ئۆلۈمگە خاتا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم. كەڭچىلىككە ئېرىشىپ قايتا ھاياتقا قەدەم قويغاندەك بىر خۇشاللىقتىن غەيرەتلىنىپ سىلىنىڭ قاشلىرىغا كىرەلىدۇق،- دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. بۇ دېھقان ئايال ئۆزىنى تۇتالماي كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ئىسەدەپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كېسەل تەھدىتى ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى، شۇنداقلا تاشتىن قاتتىق بولغان يوقسۇزلۇق - تەڭقىسلىق دەردىنى، قۇربانجان بىلەن ئۇچرىشىش ۋە نىجادلىقتا ئېرىشىشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىقنى دېھقانلارغا خاس ساپ ۋە سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا سۆزلەۋاتقاندا مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىرنىڭ كۆزئەينىكى ئاستىدىكى ئويچان كۆزلىرى نەملىشىپ، ياش تامچىلىرى ئىككى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. بۇ خەلقپەرۋەر، ئۆز خەلقىگە مېھرىبان پېشقەدەم رەھبەر ئەشۇ سادىدا ئاقكۆڭۈل ياش دېھقاننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى...

## قۇربانجان قەشقەرگە كەلمىسە بولمىدى

1997 - يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇئاۋىن نازىرى دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى ئەمەتجان مەمتىلى باشچىلىقىدا شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئارتىسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم نامرات ناھىيىلەر ۋە يەرتەۋرەش ئاپەتكە ئۇچرىغان ناھىيىلەردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەك تەركىبىدە ئارتىسلاردىن باشقا يەنە قۇربانجانمۇ بارىدى. ئۇلار بۇ قېتىمقى جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىدىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپتىن يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ناھىيە - يېزىلاردىكى خەلقتىن ھال سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا ئادىل ھوشۇرنىڭ چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزىدىن پولات ئارغامچا ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرەين مۇشۇ جايدا ياراتقان دۇنيا جىننىس رىكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا يېڭى جىننىس رىكورتى يارىتىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شان-شەرەپ كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل پائالىيەت توغرىسىدا ئەتراپلىق تەشۋىقات ئېلىپ بارماقچى ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قوللاشنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى.

بۇ قېتىمقى سەپەردە ئۇلار بارغانلا جايدا يۈزلەپ - مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ قۇربانجاننى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇلار يېتىپ بارغان ھەر بىر يۇرتتا ئۆمەكتىكىلەر ماشىنىدىن چۈشۈپ ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، تاماق يەپ، ئويۇن قويۇش تەييارلىقى بىلەن بولغاندا قۇربانجان - ئۆزىنى خەلقىگە ئاتىۋەتكەن بۇ ئەزىمەت ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەرنى، ئىڭراپ ياتقان بىمارلارنى پەرۋاسىز قالدۇرۇپ تاماق ئۈستىلىگە بېرىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ، ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئالدىغا دەۋرەپ كەلگەن كىشىلەر توپى ئىچىدە، توغرىراقى كېسەللەرنىڭ يېنىدا بولاتتى. مۇشۇ توپلاشقان كىشىلەر قۇربانجان بىلەن دىدارلىشىپ، ھەمسۆھبەت بولۇپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ تارقىغاندىن كېيىن قۇربانجان ئاندىن تاماققا ئولتۇراتتى. شۇ جاينىڭ رەھبەرلىرىمۇ قۇربانجان بىلەن ھەمداستىخان بولۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ شۇ چاغقىچە ئولتۇراتتى. ئەتىسى سەھەردە قۇربانجان نامازغا قوپقاندا بولسا، مىغىلداپ تۇرغان ھاجەتمەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇ چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى-دە، ناشتا قىلمايلا يەنە ئاشۇ ئاجىز-بىچارىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى... ئاشۇ بىتاقەت كىشىلەر ئىچىدە، ئاشۇ مىسكىن چىرايلار ، ئاشۇ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەر ئالدىدا قۇربانجان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ خىسلىتى بىلەن پالەچلەرنى ماڭدۇرۇۋەتكەندە، گاچىلارنى زۇۋانغا كىرگۈزۈپ سۆزلىتىۋەتكەندە، كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانلارنى يورۇقلۇققا چىقارغاندا، ئاغزى - بۇرنى مايماق بولۇپ قالغانلارنىڭ چىراي - شەكلى رۇسلىنىپ ئۆز ئورنىغا كەلگەنلىرىدە، بۇ مەيدان خۇشاللىق - ھاياجان ئىلكىدە دەۋرەپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆز ياشلىرى، خۇشاللىق شاۋقۇنلىرى بىلەن قايناپ كېتەتتى. ھەر قېتىملىق كارامەت بىلەن قايسىبىر پالەچ ئورنىدىن تۇرۇپ تەمتىم - تەمتىم ماڭغىنىدا، قايسىبىر تىلى تۇتۇلۇپ قالغان كىشى ھاياجان بىلەن تىترەپ تۇرۇپ: «ئانا!» ، «دادا!» دەپ قايتا تىلى چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، ئەر - خوتۇن، بالا - چاقا، ئۇرۇغ - تۇغقان، قەۋم - قېرىنداش، دوست - يارەنلىرى بۇ مۆجىزىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، ئاۋازلىق - ئاۋازسىز ياش تۆكۈپ، گاھ بايدىن بېرى بىمارغا قاتتىق كۈچەپ خىسلەت ئۆتكۈزۈپ داۋالاش جەريانىدا ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن، چىرايىدىن نۇرانە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان كارامەت ئىگىسى قۇربانجانغا قارىسا، گاھ بۈگۈنگىچە كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىپمۇ شىپا تاپالمىغان بۇ كېسەلگە - قۇربانجان شۇنچىۋالا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھېچنېمە يېگۈزمەي - ئىچكۈزمەيلا ئالقانلىرى ، بارماقلىرى بىلەن كارامەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلغان بۇ تەلەي ساھىبىغا قاراپ ئېسىنى يوقىتىپ قويۇشاتتى. ئادەملەر توپى ئىچىدىن كىملەردۇر پەتنۇسقا سېلىنغان تۇتام - تۇتام پۇللارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قۇربانجانغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولسا، كىملەردۇر پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى كىچىك سېۋەتلەردە كۆتۈرۈپ چىقىپ رەھمەت - تەزىمىنى بىجا كەلتۈرمەكچى بولۇشاتتى. ئۇلار شۇ تاپتا خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قېلىشىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ مۇنداق ئەھۋالدا

ئۇلار ھەربىرىگە قىلسا ئەرزىيتتى. ھەرقانداق قىممەت باھالىق نەرسىنىمۇ قۇربانجاندىن ئايىمايتتى... لېكىن قۇربانجان ئۇلارنىڭ ھېچنەرسىسىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ: «ھېچقايسىڭلاردىن بىر نەرسە ئالمايمەن. سوۋغا - سالام، پۇل - پىچەك قوبۇل قىلسام بولمايدۇ. مەن سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلەرنى قوبۇل قىلدىم. مېنى خىجىل قىلماڭلار. چۈنكى ئاللا ئىگەم ماڭا بۇ خىسلەت - كارامەتنى موھتاج - ھاجەتمەنلەردىن پۇل يىغىپ، دۇنيا توپلاپ بېيىۋېلىشىم ئۈچۈن ئەمەس؛ بەلكى سىلەردەك موھتاجلارغا، بولۇپمۇ ئاراڭلاردىكى يوقسۇز-كەمبەغەل كىشىلەرگە شىپا بەخش ئېتىپ، ئۇلارنى موھتاجلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن. ماڭا پۇل بەرگىدەك قۇربىتىڭلار بارلار شۇ پۇلۇڭلارنى ئەتراپىڭلاردىكى كەمبەغەللەرگە، يوقسۇزلۇقتىن ئوغلىنى ئۆيلىيەلمەيۋاتقان، قىزىنى چىقىرالمايۋاتقان بىچارىلەرگە، دوختۇرغا كۆرۈنەلمەي كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان بىمارلارغا، كىيىم - كېچەكى يېلىڭ - يوپۇڭ، كۆنى سېرىقتال نامراتلارغا بېرىڭلار» دېدى.

قۇربانجان بۇ ئۆمەك تەركىبىدە قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ سەپىرىدە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەر، يېزا - بازارلارنى ئايلىنىپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلقتىن، نامرات دېھقان - چارۋىچىلاردىن ھال سوراپ، ھەم ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ كارامەت - مۆجىزىلىرى، پاساھەتلىك تەشەببۇس - نەسىھەتلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار، سېخىي-ئەلسۆيەر باي ھاجىملار، سودىگەر-تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن ھوپىگەرلەر، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى، ترانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرى، ئۈن-ياغ زاۋۇتى خوجايىنلىرى، كارخانىچىلار، دۇكان-ھۇنەرۋەن-كاسىپلاردىن ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىتىدىن ئۈزۈتۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان بىر قىسىم خىراجەتلەرگە ئىگە بولدى. لېكىن بۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادىل ھوشۇردىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن كېتىدىغان يېتەرلىك مەبلەغنى قانداق ھەل قىلىش، نەدىن ھەل قىلىش مەسىلىسى قۇربانجاننى چوڭقۇر ئويغا سېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئادىل ھوشۇرنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنئىشيا بوغىزىدىن ئۈزۈتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يېڭىلىماقچى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىئانە قىلىشى توغرىسىدا توختىماي ئېلان بېرىۋاتاتتى ھەمدە شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى ئۇرۇمچىدىكى بىر مېھمانخانىدا سەنئىتىدىن ئۈزۈتۈش پائالىيىتىگە ئىئانە توپلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ مەخسۇس ئادەملەر قويۇلغانىدى. شۇنچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ۋاقىت بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. غەللىگە تېخى تۈزۈك بىرنەرسە چۈشمەيۋاتاتتى. چۈشكەنلىرىمۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىجارە ھەققى بىلەن ئىئانە پائالىيىتىگە ئاجرىتىلغان خىزمەتچىلەرنىڭ ئادەتتىكى خىراجىتىگە ئاران يېتىۋاتاتتى.

دېمىسىمۇ سودا - تىجارەت ساھەسىدە ئېغىر چېكىنىش بولىۋاتقان، ھەرقايسى شىركەت - كارخانىلاردا مەھسۇلات سېتىلماي بېسىلىپ قېلىپ ئوبوروت ئايلانمايۋاتقان، ئادەتتىكى ئۇششاق ئاشپۇزۇللاردىن تارتىپ تاكى چوڭ - چوڭ سودا سارايلىرىغىچە خېرىدارلار شالاڭلاپ، دۇكانلار چۆلدەرەپ كۈندىلىك تىجارەت كىرىمى كۈندىن - كۈنگە ئازلاپ كېتىۋاتقان

مۇنداق ئەھۋالدا، ھەممە ئادەم ئۆز ئائىلىسى، ئۆز كارخانىسى دۇچ كەلگەن بۇ ئىقتىسادىي كرىزىستىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتقان پەيتتە، كىشىلەرنىڭ قولى قوينىدىن ئۇتاملاپ پۇلنى سوغۇرۇپ قايسىبىر پائالىيەت ئۈچۈن ئىئانە قىلىشىۋېتىشكە تازا بارمايتتى، بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى. لېكىن ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىيادىن ئۆتىدىغانلىق خەۋىرى پۈتكۈل دۇنياغا ئېلان قىلىنىپ بولغان، ھەتتا بۇ پائالىيەتنىڭ ۋاقتىمۇ بېكىتىلىپ بولغان تۇرسا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قانداقمۇ ئۆزگەرتكىلى بولسۇن؟ دۇنيادا ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي بىر سانايدىغان قەۋملەر گويا چاقماق چېقىلغاندەك، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاڭلانغان بۇ سادادىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ: ھەرقانداق مۆجىزە چىقسا دۇنيانىڭ غەربىدىن چىقاتتى، دۇنيانىڭ شەرقىدىن يەنە كېلىپ تەكلىماكاندىكى خەلقتىن مۆجىزە چىقمىقى ئەجەبا؟! دېيىشىپ، چەمەن دوپپىلىق، بادام دوپپىلىق كىشىلەرگە كۆز تىكمەكتە ئىدى. ئۇيغۇر قەۋمىدىكى بەزى ئاجىز - زەئىپانىلەر بولسا ئۆز قەۋمىدىن مۇنداق مۆجىزە يارىتىدىغان ئوغۇلبالىنىڭ چىقىشىغا ئىشىنەلمەي بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا گويا ئەۋرەز پاقىلىرىدەك كۇركىراشماقتا ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنئىيادىن ئۈتۈش پائالىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى كەينىگە سۈرۈش بولسا پۈتكۈل جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللىي غورۇرىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى، شان - شەرىپىنى يەرگە ئۇرغان بىلەن باراۋەر بولاتتى!

قۇربانجان يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ يەتتى. ئويلىغانسېرى تاقەتسىزلىنەتتى، ئويلىغانسېرى بۇئىقتىساد ئۆتكەلدىن ئۈتۈشنىڭ ھەرخىل چارە - ئامالىرى ئۈستىدە كېچە-كېچىلەپ ئويلىناتتى، ئىزدىنەتتى.

شۇ كۈنلەردە قۇربانجاننىڭ ئۆيى ئادىل ھوشۇرنى سەنئىيادىن ئۈتۈشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئۆز ئارا پىكىرلىشىدىغان مەسلىھەت سورۇنىغا ئايلانغانىدى. بۇ پائالىيەتنىڭ باش قوماندانى، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مجىت ساۋۇتنىڭ كۆپرەك ۋاقتىمۇ قۇربانجان بىلەن مەسلىھەتتە ئۆتەتتى. ئۇندىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قۇربانجاننى زىيارەت قىلىپ كەلگەن پۇلدارلار بۇ ئۆيدىكى سۆھبەتتىن قايتىدىغان چاغلىرىدا بۇ پائالىيەت ئۈچۈن چوقۇم ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغانلىقلىرى توغرىسىدا ۋەدىلەر بىلەن قايتاتتى.

مجىت ساۋۇت قۇربانجان بىلەن ئادىل ھوشۇرنى ئېلىپ شىنجاڭ سودا مەكتىپى قاتارلىق بىر قىسىم مەكتەپلەرگە باردى. بۇ مەكتەپلەر بۇ ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئىئانە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى. سەپەرۋەرلىك يىغىنلىرىدا مجىت ساۋۇت ۋە قۇربانجان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا ئادىل ھوشۇرنىڭ ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور خىيىم - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىرقالتىس ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ پائالىيەت ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاشلا بىرخىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر شەرھىلەپ نۇتۇق سۆزلەپ مائارىپ ساھەسىدىكىلەر-نىڭ ئاز بولسىمۇ قىممەتلىك ياردىمىگە ئېرىشتى. لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن پۈتمەيتتى.

كېيىن مەشھۇر كارخانىچى رابىيە قادىر خانىمنىڭ تەشكىللىشى بىلەن كىرورەن رېستورانىغا چاي داستىخىنى ھازىرلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى بارلىق كاتتا بايلارغا تەكلىپنامە

ئېۋەتىلدى. گەرچە 150 دانە باغاق تارقىتىلىپ باغاق ئىگىلىرىنىڭ ئۆز قوللىرىغا يەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ ئەپسۇسكى بۇ چايغا پەقەت تەكلىپ قىلىنغان كىشىدىن سەككىزىلا كېلەلىدى. قالغان بايلار بولسا تەكلىپنامىنىڭ مۇددىئا - مەقسىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەرخىل «زۆرۈر ئىش»ى چىقىپ قېلىپ كېلەلمىدى. دۇنيادا پەزىلەتلىك ئادەملەر يەنىلا كۆپ. گەرچە ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس ئۆزلىرىنى پۈتكۈل شىنجاڭدا بايلىق جەھەتتە كۆز - كۆز، دام - دام قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان، «ئاتا - بوۋىسىنىڭ زامانىدا كوزا - كوزىدا تىللالارنى سىغدۇرالماي قالغان» لىقىدىن سۆز باشلىسا، ئۆزىنىڭ ھازىر باغلام - باغلام دوللارلارنى ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقى بىلەن ماختىنىپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان «باي»لار ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن نېسىپ بولىدىغان بۇ شەرەپكە بىر ئۈلۈش كۆچ چىقىرىشتىن باشلىرى قېيىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، بىراۋغا «بىكاردىن بىكار» پۇل بېرىشتىن سەكرات قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقانلىرىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سودا - سېتىق، توي - تۆكۈن ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كىشىلەر ۋە مەخسۇس قۇربانجانغا كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كىشىلەردىن قانچىلىغان سېخىي-مەردلەر رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ 4 - قەۋىتىدىكى كىرورەن رېستورانىدا قۇربانجان قاتارلىقلار ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈش ائالىيىتى ئۈچۈن ئىئانە توپلىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ سورۇنغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئۇيغۇر ۋەھىدىن مەھرۇم «بايلار» بوش قالدۇرغان بۇ سورۇننى لىق توشتۇرۇپ جانلاندۇرۇۋەتتى. سورۇن ئەھلىگە شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئويۇن كۆرسەتتى. مىجىت ساۋۇت، رابىيە قادىر خانىم ۋە قۇربانجانلار بۇ سورۇنغا جەم بولغان پەزىلەتلىك كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىپ سۆز قىلدى. كىشىلەر بەس - بەس بىلەن پۇل ئىئانە قىلىشتى. پۇل ئىئانە قىلغۇچىلار ئىچىدە ساخاۋەتلىك بايلارمۇ، رېستورانلارنىڭ جاپاكەش ئاشپەزلىرى ۋە كۈتكۈچى سىڭىللارمۇ بار ئىدى. يىراقتىن كەلگەن قەشقەر شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئادالەتنىڭ قىزغىن ئىئانە تاپشۇرۇشى بىلەن تەڭ قەشقەردىن كەلگەن بىر تالاي كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئىئانە تاپشۇرۇشتى. بۇ سورۇن شۇنداق قىزغىن ۋە جانلىق بولغان بولسىمۇ، يەنىلا چۈشكەن پۇل بۇ زور پائالىيەت ئۈچۈن قۇرۇق ئۇنىمۇ بولالمايتتى. سەنشياغا ئاتلىنىشقا بولسا پەقەت ئون كۈنلا قالغانىدى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈش پائالىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى فىلىمغا ئېلىش ئۈچۈن ئادىل ھوشۇر ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بىلەن خوشلاشقىلى قەشقەرگە ماڭغاندا قۇربانجان قەشقەردىكى نوپۇزلۇق بايلارغا تېلېفوندا مۇراجىئەت قىلدى ۋە ئۆزى ئۈرۈمچىدە قېلىپ مىجىت ساۋۇت بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم بانكىلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ چارە تاپماقچى بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قەشقەرگە ئىئانە يىغىشقا كەتكەنلەردىن تېلېفون كەلدى. تېلېفوندا ئېيتىلىشىچە، قەشقەرنىڭ بايلىرىمۇ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىمۇ ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىمۇ بىر خىللا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان، ئۇ بولسىمۇ، پەقەت قۇربانجان قەشقەرگە كەلگەندىلا كاتتا سورۇن تۈزۈپ كىشىلەرنى يىغىپ بىر قەدەر ئۈنۈملۈك بولغان ئىئانە يىغىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. قەشقەردىكى نوپۇزلۇق بايلاردىن، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تېلېفونلاردىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ مەزمۇن تەكرارلىنىۋەردى ۋە قۇربانجاننىڭ قەشقەرگە كېلىشى تەلەپ قىلىندى. مىجىت ساۋۇتقا ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان تېلېفونلاردىمۇ قۇربانجان قەشقەرگە كەلمىسە زادى بولمىدى دېگەن مەزمۇنلار تەكرارلاندى.

قۇربانجان قەشقەرگە جابدۇندى، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن غەلىبىلىك ئۆتىشى، ۋەتەن-مىللەتكە شەرەپ قوچۇشى ئۈچۈن ئۇ قەشقەرگە تېزلا يېتىپ باردى. ئۇ، قەشقەرگە بېرىپلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، كاتتا باي - سودىگەرلەر، نوپۇزلۇق پېشقەدەم زىيالىيلار بىلەن كېچىلەپ سۆھبەتلەشتى، ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى تەشكىللەش لايىھىسىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ پائالىيەت ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەر بايلار، كارخانىچىلار، سودىگەرلەر، نۇقتىلىق كەسىپي ئائىلىلەردىن 100 كىشىگە تەكلىپنامە تارقىتىلدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىدىن بىرى بولغان «رىدىلىك باغ» ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى. كۆركەم جابدۇلغان بۇ باغقا قەشقەر شەھىرى، ئاتۇش شەھىرى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى تەكلىپ قىلىنغان كىشىلەردىن باشقا يەنە قۇربانجاننىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بۇ خىسلەتلىك ئوغۇل بىلەن دىدارلاشقىلى، كېسىلىنى كۆرسىتىۋالغىلى كەلگەن كىشىلەر بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى يىغىلغانىدى. كىشىلەر سورۇنغا پاتماي دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا، تاملارنىڭ ئۈستىدە، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزە - پېشايۋانلىرىدا تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرۇشاتتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى سورۇن ئەھلىگە ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈپ ۋەتەن-مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ تاللانغان ناخشا-ئۇسسۇللارنى ئورۇنداپ بېرىپ، ئالدى بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى ئىئانىسىنى تەقدىم ئەتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى زىنىنەت ئۆمەر ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈش ئىشىنى قەشقەر خەلقى ئۆز ئىشىم دەپ تونۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم خالىقمۇ ئادىل ھوشۇر روھى ۋە دۇنيا جىننىس رېكورتى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى. ئاخىرىدا قۇربانجان سورۇن ئەھلىگە تەزىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئادىل ھوشۇرنى باشلاپ سورۇن ئەھلى ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ: ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈش پائالىيىتىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي جەريانى، ھازىرقى ئەمەلىي قىيىنچىلىق توغرىسىدا ئىنتايىن تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ھاياجاندىن كىشىلەرنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. كۆپلىگەن ئۇماق باللار چۇرۇقلىشىپ ئالدى بىلەن ئىئانە تاشلاشتى. ئۇلاردىن بىرسى قۇربانجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ پىئونېر سالىمى بېرىپ: «قۇربانجان تاغا، سىز دەۋرىمىزدىكى تەڭداشسىز كارامەت ئىگىسى. بىز سىزنىڭ سۈرىتىڭىز ۋە كارامەت - خىسلەتلىرىڭىزنى ،تارىم غۇنچىلىرى، ژۇرنىلىدا كۆرگەن. سىز يالغان ئېيتمايسىز. ئادىلجان تاغام سەنشيادىن چوقۇم غەلىبىلىك ئۆتۈپ ۋەتەن-مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا مەن چوڭ دادام رەسىملىك كىتاب ئېلىشقا بەرگەن مۇشۇ بەش يۈەن پۇلنى ئاز بولسىمۇ ئادىلجان تاغامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىئانە قىلىمەن» دېدى. قۇربانجان بۇ ئۇماق بوغۇننى كۆتۈرۈپ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى.

بىر ئەما كىشى قۇربانجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «قۇربانجان جانابلىرى ، مەن سىلىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار» دېدى. قۇربانجان بۇ كىشىنىڭ قولىنى تۇتقاندىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مەن جانابلىرىنىڭ قەشقەرگە كەلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كۆزۈمنى داۋالىتىۋالارمەن دەپ ئويلىغاندىم، بىراق سىلىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بېشىمىزغا قونماقچى بولغان بەخت قۇشىنى قوغلاپ يۈرگەن سىلىدەك بىر مۇبارەك زاتنىڭ ۋاقتىنى كېسىلىم ئۈچۈن زايا قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم. ئادىلجاننىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن سىلىنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە بارىمەن. ھازىرچە يېنىمدا بار بولغان مۇشۇ 500 كوي پۇلنى بۇ قەھرىمان ئوغلۇڭنىڭ قىيىنچىلىقىغا ئىئانە قىلىمەن» دېدى. قۇربانجاننىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن نەملەشتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياجان ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. گويا قار- مۆلدۈر ياغقاندەك 100 كويلۇق، 50 كويلۇق، ئون كويلۇق، بەش كويلۇق ھەتتا بىر كويلۇق، بىرموچەنلىك پۇللارمۇ ئىئانە داستىخىنىغا توختاۋسىز ياغماقتا ئىدى. . .

– مەن ئونمىڭ كوي، . . . مەن بەشمىڭ كوي . . . مەن مىڭ كوي. . . كىشىلەرنىڭ تاشلاۋاتقان ئىئانىسىنى خاتىرىلىگۈچىلەر خاتىرىلەپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى. ئىئانىچىلەرنىڭ قايناق - تاشقىنلىق ئىئانە قىلىشىدىن كېيىن، سورۇن سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى.

قۇربانجان كىشىلەرگە يەنە سۆز قىلدى. ئۇ، سۆزىدە پاك - مەسۇم ئۆسمۈرلەرنىڭ، كېسەل- ئاجىز مېيىپلارنىڭ ئادىل ھوشۇر ئۈچۈن - ۋەتەن-مىللەتنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن باشلامچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلغانلىقىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى ئاللادىن ھەممە ۋاقىت تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە قىزغىنلىق بىلەن تۇتام - تۇتام، باغلام - باغلام پۇللارنى ئىئانە قىلغان پەزىلەتلىك بايلار، سودىگەرلەر، كارخانىچىلارغا، شۇنداقلا قولى قىسقا تۇرۇپمۇ ئازغىنە پۇلنى ھېچ ئىككىلەنمەي ئادىل ھوشۇرنىڭ غەلىبىسى - ۋەتەن-مىللەتنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن تەقدىم ئەتكەن ئاۋام پۇقرالارغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن تەزىم بىجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۈچلۈك ئىچكى ھاياجان ۋە لەرزە بىلەن مۇنداق خىتاب قىلدى:

– ئەي مۆھتەرەم قېرىنداشلار! سىلەر بىھۇدە خەجلەيدىغان بىرشىشە ھاراق ، بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلى، ئادىلجاننىڭ غەلىبىسى - ۋەتەن-مىللەتنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن تىكلىنىدىغان مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنارىنىڭ بىر ئۇل تېشى، بىر تال خىشى بولالايدۇ. بۈگۈن بىز ئالدىڭلارغا كېلىپ مانا شۇ شانلىق خاتىرە مۇنار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سىلەردىن ياردەم سوراپ تۇرۇپتىمىز. بۇ، شەرەپلىك پۇرسەت! غەنىمەت پۇرسەت! يەنە ئون كۈندىن كېيىن بۇ شانلىق خاتىرە مۇنار پارلاق نۇر چېچىپ ئېگىز ئاسمانغا بوي تارتقان ۋاقىتتا، ئەھلى جاھان بۇ غەلىبىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇيغۇر قەۋمىنى مۇبارەكلەپ گۈلدەستىلەر سۇنغاندا، ئەي سورۇن ئەھلى، بۈگۈن مۇشۇ سورۇندا ئەل قاتارى ئىئانەڭلەرنى ئاياپ بۇ غەلىبە ئۈچۈن بىر ئۇلۇش كۈچ قوشمىغىنىڭلارغا، ئاز ئىئانە قىلغانلىرىڭلار مەردلىك بىلەن كۆپرەك ئىئانە قىلىپ چوڭراق كۈچ قوشۇۋالمىغىنىڭلارغا بەكمۇ ئەپسۇسلىنىسىلەر. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارغا بۇ مۇقەددەس ئىشنىڭ ئېھتىياجى بولمايدۇ. بۈگۈنكى پۇل ئىئانە قىلىش بولسا دەرىجە

جەھەتتىن، شەرەپ جەھەتتىن، ساۋاب جەھەتتىن ھاياتلىق ئۆمرۈڭلەردە ئەڭ ئۈستۈن بولغان، قايتىلاپ نېسىپ بولمايدىغان بىر قىممەتلىكتۇر. شۇڭلاشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يېنىڭلارنى كولاپ، ئاشۇ بىر بوتۇلكا ھاراق ياكى بىر قاپ تاماكىنىڭ پۇلىنى، مۆھتەرەمە خانىم-قىزلىرىمىز يۈز-كۆزۈڭلارنىڭ بىر قېتىملىق پەرداز پۇلىنى بولسىمۇ مۇشۇ غەلىبە ئۈچۈن، مۇشۇ پارلاق خاتىرە مۇنارى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خالىسانە تەقدىم قىلىشتىن ئايانماڭلار! قەھرىماننىڭ خىزمىتى - ۋەتەن-مىللەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى خالىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا پەقىر ھەر ۋاقىت تەييار!- دېدى.

كىشىلەرنىڭ ئىئانە بېرىش قىزغىنلىقى يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقتى. 50 ياشلارچامىسىدىكى، بىر پۇتى يوق توكۇر ئادەم قولتۇقتاياق بىلەن قۇربانجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ: قۇربانجان غوجام، مەن بىر تىلەمچى - قەلەندەرمەن، لېكىن ئاز - تولا ساۋاتلىق بىر ئۇيغۇرمەن. بۇ يەرگە مەن تىلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەنىدىم، بىراق بايىدىن بېرى سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلىنىپ قالدىم. بۈگۈن ئەگەر ئىلكىمدە ئات بېشى ئالتۇن بولسا مەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىز خەقنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ياش ھاياتىنى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان ئوغلان ئادىلجانغا ئىئانە قىلاتتىم. ئەپسۇسكى يېنىمدا ئاران 27 كوي پۇل بار ئىكەن. ئاز بولسىمۇ مۇشۇ پۇلنى سىلەرگە تۇتتۇم. چۈنكى ھازىر بۇ پۇلغا ماڭا قارىغاندىمۇ سىلەر ئەڭ ئېھتىياجلىق ! ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ بۇ پۇلنى ئالمىساڭلار، بىر ئۆمۈر ئازابلىنىمەن. مەن ئادىلجانغا خۇدايىمدىن نۇسرەت تىلەيمەن،- دېدى. قۇربانجان بۇ توكۇر تىلەمچىنىڭ، توغرىراقى ئېيتقاندا بىر ۋىجدانلىق مېيىپنىڭ قولىدىن ئۇ تەڭلەپ تۇرغان پۇلنى ئېھتىرام بىلەن ئالدى ئۇنىڭ «بۇ پۇلغا ھازىرماڭا قارىغاندىمۇ سىلەر بەك ئېھتىياجلىق » دېگەن ئاددىي ئەمما تىرەن مەنىلىك سۆز قۇربانجانغىمۇ ، قۇربانجاننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. پۇتى مەجرۇھ بولسىمۇ ۋۇجۇدى پاك بۇ مېيىپنىڭ ئىلھامى بىلەن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قايتىدىن پۇل تاشلاشتى. ئاتۇشلۇق بىر ساخاۋەتلىك كىشى سورۇن ئەھلىگە ئۆزىنىڭ ئاتۇشتىن پەقەت قۇربانجاننى كۆرۈش ئۈچۈنلا قەشقەرگە كەلگەنلىكى، شۇڭا يېنىغا ئانچە كۆپ پۇل سالماي كىرگەنلىكىنى، بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسىتىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، شۇڭا دەسلەپ يېنىدا بار پۇلنى ئىئانە قىلغانلىقىنى، كېيىن قۇربانجاننىڭ مۇراجىتىدىن ئىلھاملىنىپ، پىكاپىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ ئۆيىگە بېرىپ يەنە پۇل ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، مانا ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ئىئانىگە پۇل تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۈچ باغلام پۇل تاشلىدى.

بۈگۈن قەشقەر خەلقى ئادىل ھوشۇرغا - ئۆزىنىڭ بۇ قەھرىمان ئوغلانىغا زور ئۈمۈد تىلەپ ئېسىل دۇئا كىيگۈزۈشتى.

## قۇربانجان مەكتەپكە كەپتۇ

– قۇربانجان مەكتەپكە كەپتۇ.

–ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

ھەش - پەش دېگىچە قۇربانجاننىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىك خەۋىرى كىچىككىنە مەكىت بازىرىنىڭ ھەممە كوچا - رەستىلىرى، ئاشپۇزۇل - ساماۋەرلىرى، دۇكان - سارايلىرىدا كىشىلەر بىر - بىرىگە قىزىقىپ يەتكۈزىدىغان مۇھىم يېڭى

خەۋەرگە ئايلانغانىدى.

بۇ، 1997 ـ يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ، قۇربانجان قېينانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۈرۈمچىدىن مەكىتكە يېتىپ كەلگەنىدى.

قۇربانجاننىڭ يۇرتىغا كەلگەنلىك خەۋىرى بىردەمدىلا مەكىتنى تەۋرىتىۋەتتى. كىشىلەر قۇربانجان چۈشكەن ئۆي تەرەپكە توپ ـ توپى بىلەن ئاقماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن كېلىۋاتقانلارمۇ، قۇربانجاننى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. «قۇربانجان مەكىتكە كەپتۇ» دېگەن بىرلا خەۋەر ئېغىزدىن قۇلاققا، قۇلاقتىن ئېغىزغا توختاۋسىز تارقىماقتا ئىدى. بىر-ئىككى سائەت ئىچىدە بۇ خەۋەر مەكىت تۇرماق قەشقەر ـ ئاتۇش تەۋەسىدىكى بىر قىسىم ناھىيە، يېزا-بازارلارغىمۇ تارقالدى.

چۈشتىن كېيىن قۇربانجان ئۆلۈم ئۆزىتىۋاتقان قورۇنىڭ ئالدىغا قەشقەر، ئاتۇش شەھەرلىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يوپۇرغا، يەكەن، قاغىلىق، مارالبېشى ناھىيىلىرىدىن نەچچە ئونلىغان پىكاپتا قۇربانجاننى پەتىلەپ ھال سوراپ كەلگۈچىلەر توشۇپ كەتتى. بۇ يەرگە يىغىلغان مەكىتلىكلەر بولسا تارقاپ كەتمەي يىراق ـ يېقىندىن قول قوۋۇشتۇرۇپ، قۇربانجانغا ۋە قۇربانجاننى پەتىلەپ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە، شۇنداقلا بۇ كىشىلەر ئولتۇرۇپ كەلگەن، مەھەللە ئەتراپلىرىغا توشۇپ كېتىۋاتقان خىلمۇخىل ئالىي پىكاپلارغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى...

ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا ھەر خىل ھېسسىياتلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ خىسلەتلىك ئادەمگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن، ئەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن كاتتا مېھمانلارنىڭ بۇ زاتقا كۆرسىتىۋاتقان ئىززەت ـ ئىكرامىدىن سۆيۈنۈپ تۇرغانلار ئىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا، قۇربانجاندەك مۇشۇنداق ئەلسۆيەر كارامەت ئوغلىنى، شۇنچە يىل مۇشۇ يۇرتتا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاپ خىزمەت قىلىپ، تالاي سورۇنلاردا بىللە بولۇپمۇ بايقىيالمىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى مۇناسىپ قەدرىنى قىلالمىغانلىقىدىن خىجالەتچىلىك تارتىۋاتقانلار ئىدى. يەنە ئاز ساندىكىلىرى بولسا ئىچ ـ ئىچىدىن: توۋا... ماۋۇ خەقلەر تۇرقى-سىياقى، ئولتۇرغان ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىدىن قارىسا كاتتا ئادەملەردەك قىلىدۇ. بىراق تېخى ئىككى-ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىز بىلەن قارت ئويناپ، سۇ ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدە سېمونت نو قويۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئاشۇ ئاداشنى «خىسلەتلىك ئادەم» دەپ ھال سوراپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ پايپېتەك بولۇشۇپ يۈرگىنى نېمىسىدۇ؟ دەپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇشاتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار ئۆز ئارا پاراڭلىرىدا: بۇ قېتىم قۇربانجان چوقۇم مەكىت تارىخىدا ئەڭ چوڭ نەزىر قىلمىسا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ھېلىتىن مەكىتلىكلەر تۇرماق ئەتراپتىكى ناھىيە ـ شەھەرلەردىن شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم پەتىسى ئۈچۈن كەلگىنىگە قارىغاندا، نەزىر كۈنى تۆت بۆلۈك، سەككىز قىرغاقتىن ئادەملەر مەكىتكە ياغىدىغان ئوخشايدۇ، دېيىشەتتى.

دېمەك، بۇ ئۆلۈم نەزىرىسى مەكىتتىكىلەرمۇ ۋە مەكىتكە قوشنا يۇرتتىكىلەرمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

شۇ كۈنلەردە ئۆز يۇرتىنىڭ سېرىقتال ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان قۇربانجان بۇ قېتىمقى نەزىرنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇ، ھەمراھلىرىغا:

مەن باغاق تارقىتىپ، يوغان داشقازاندا پولو دەملەپ نەزىر قىلمايمەن، يۇرۇڭلار، باش قوشىدىغان مۇھىم ئىش بار!-دەپ ئۇلارنى چوڭلار بىلەن قىلىدىغان مەسلىھەت سورۇنىغا باشلاپ ماڭدى.

قۇربانجاننىڭ نەزىرنى يېڭىچە ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى پىلانى ئۇنىڭ بارلىق دوستلىرىغىمۇ ياقتى. لېكىن بۇ پىلان قۇربانجاننىڭ مەرھۇمە قېينانىسىنىڭ ئاكىلىرىغا ئانچە ماقۇل كەلمىدى. ياشىنىپ قالغان، كونا ئادەت كاللىسىغا ئورناپ كەتكەن بۇ تەۋەررۈك بوۋايلار: قازان ئېسىپ ياغ پۇرىتىپ، مۇسىبەت بولغان ئۆيدە دۇئا-تەكبىر ئۆتكۈزمىسەك قانداق بولىدۇ؟- دەپ تۇرۇۋېلىشتى.

قۇربانجان ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ: نەزىر دېگەن ئىسلام دىنىدا كەمبەغەل، غېرىب-مىسكىن، يېتىم ـ يېسىرلەرنىڭ يېيىشىگە رۇخسەت قىلىنغان، يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنى بار، توقتوزى تەل ئادەملەرنىڭ نەزىر يېيىشى مەنئىي قىلىنغان. ئەگەر بىز قوي ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، چوڭ قازان ئېسىپ پولو ئېتىپ نەزىر قىلساق، بۇ نەزىرنى ئالدى بىلەن كېلىپ يەيدىغانلار ئىمام ـ خاتىپلار، سوپى ـ ئىشانلار، ئۇندىن كېيىن كېلىدىغانلار بولسا ناھىيىنىڭ شيەنجاڭ، شۇجى، شياڭجاڭ، جۈيجاڭلىرى، شۇنداقلا ئىشتان ـ چاپىنى يېڭى، قورسىقى توق ھەرخىل ئادەملەر. ۋەھالەنكى ھەقىقىي ئاچ قورساق، ئاش ـ نانغا تويمايۋاتقان كەمبەغەل كىشىلەر بولسا بۇ نەزىرگە تارتىنىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. كەلگەن تەقدىردىمۇ پەقەت ئۆزى يەپلا بىر ۋاق تويىدۇ، بالا ـ چاقىلىرى بولسا يەنىلا ئاچ قورساق قالىدۇ. دېمەك ئىسلام دىنى نەزىر يېيىشكە لايىق دېيىلگەن كەمبەغەل-موھتاجلارغا نەزىر تەگمىسە، يەيدىغان-ئىچىدىغىنى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان-ئىسلام دىنى نەزىر يېيىشكە مۇتلەق لايىق ئەمەس دېيىلگەن كىشىلەردىن نەزىر ئاشمىسا، مۇنداق نەزىر قانداقمۇ ئاللانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولسۇن؟ ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئا ـ تەكبىرلەر قانداقمۇ ئاللاغا مەقبۇل بولسۇن؟ شۇڭا بۇ نەزىرنى باغاق تارقىتىپ داشقازاندا پولو ئېتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خالتىلىق ئۇن ئېلىپ كوچا ـ كوچا، مەھەللە ـ مەھەللىدىكى ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز قالغان، بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتمەيۋاتقان كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ تارقىتىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن قىلىمەن. ھەربىرلىرىنىڭ بۇئىشتا چۈشىنىشلىرىنى، قوللاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن،- دېدى. ئۇ يەنە بۇ پىلاننى مەكىت بازىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىمالار، بىر قىسىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە پىشقەدەملەر يىغىلغان سورۇندىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

مۆتىۋەرلەر باش قوشقان بۇ سۆھبەتتىن قۇربانجاننىڭ قېينانىسىنىڭ ئاكىلىرىلا ئەمەس، ھەتتا سورۇنغا ئىشتىراك قىلغان باشقا كىشىلەرمۇ تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ بارىكاللا ئېيتىشتى. سورۇندىكى دىنىي زاتلار قۇربانجان ئۆتكۈزمەكچى بولغان بۇ خىل نەزىر دەرىجە ۋە ساۋاب جەھەتتىن ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ بۈيۈك-ئەڭ ئۈستۈندۇر، دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ ھەپتە ـ ئون كۈنگىچە قۇربانجان سېتىۋالغان خالتىلىق ئۇنلار نەزىر يېيىشكە مۇناسىپ دەپ قارالغان، ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ھەقىقىي موھتاجلارغا ھارۋا-قول تراكتورلىرىدا توشۇلدى... بۇ قېتىمقى نەزىر مەكىت تارىخىدا ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ بىدئەتلىككە، كونا-خۇراپىي، قاتمال ئۆرپ ـ ئادەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق دەبدەبىلىك «نەقمەيدان يىغىنى» بولدى. بۇ خىل نەزىرنىڭ تەسىرى مەكىتنىڭ

ئىدارە-ئورگان، يېزا - قىشلاق، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا زور تەۋرىنىش پەيدا قىلدى. . .

پەتىلەپ كەلگۈچىلەر بولسا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ، «داشقازان پولوسى» يېمەيمۇ مەرھۇمەنىڭ ھەققىدە خالىس دۇئا - تەكبىر قىلىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

«قۇربانجان بۇ قېتىم مەكىتتە ھەقىقەتەن شەرەپلىك نەزىر قىلدى، ئاللاغا مەقبۇل نەزىر قىلدى». مانا بۇ، مەكىتتىكى بىر قىسىم مەسچىتلەردە ئىماملارنىڭ جامائەتكە قىلغان ۋەز - نەسىھەت، تەپسىر - دالالەتلىرى ئىچىدە سۆزلىگەن سۆزلىرى ئىدى.

دېمىسىمۇ قۇربانجان ئۆتكۈزگەن بۇ نەزىر ۋە بۇ نەزىر توغرىلىق قىلغان سۆزلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەرىپ-تەۋسىپلىرى قەشقەر، ئاتۇش، خوتەنلەرگىچە يېتىپ بارغانىدى. ئاڭلىغانلا ئادەم قۇربانجاننىڭ ئىشىدىن تەسىرلىنىپ «بارىكاللا» ئېيتىشتى.

قۇربانجان ئۈرۈمچىدىن مەكىتكە مۇسىبەتدار بولۇپ، مۇسىبەت لىباسىنى كىيىپ، قېيىنانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. لېكىن قۇربانجاننىڭ مەكىتكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىندىكى ئۇزۇندىن بۇيان كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان بىر قىسىم بىمارلار قۇربانجاننىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ۋە نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدىن فارىغ بولۇپ، مۇسىبەت لىباسىنى سېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەي، زەمبىل - نوسىلكا، ھارۋا - ماشىنىلاردا قۇربانجاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى.

بۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇربانجان توغرىلىق يېزىلغان مەخسۇس كىتاب «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» نى ئوقۇپ بۇ كارامەت ئىگىسىگە نىسبەتەن ئەقىدە قىلغان كىشىلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، مەھەللە - كوي، يۇرت جامائەتلىرى ئىچىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قۇربانجان بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت - كارامىتى بىلەن كېسىلى ساقىيىپ يۇرتقا تىمەن قايتىپ كەلگەنلەرنى كۆرۈپ، ئۇزۇندىن بېرى ساقايماي كېلىۋاتقان كېسىلىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت بولۇپ قالسا قۇربانجاننىڭ قولىدا شىپا تاپىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ تۇرغان تاقەتسىز كىشىلەر ئىدى. . . ئۇلار ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ھاسا تاياققا چۈشۈپ قالغان، شۇنچە ئاي، شۇنچە يىللاردىن بېرى بارمىغان دوختۇرلىرى، كۆرۈنمىگەن تىۋىپلىرى، قىلمىغان سەۋەبلىرى قالمىغان كىشىلەر ئىدى. قۇربانجاننىڭ بىر قىسىم ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى، مەھەللە - ھەقەمسايىلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خاپا بولۇشقانمۇ بولدى. ئۇلار: «قائىدە - يوسۇن ئۇقمايدىغان قانداق بەغەرەز كىشىلەر بۇ؟ بۇ يەردە ئۆلۈم بولۇپ، يىغا- زار بولۇۋاتسا، سەن يىغاڭنى قويۇپ مېنىڭ ئىشىمنى قىلىپ قوي دېگەندەك، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىنجىقلاپ ياتقىنى نېمىسى؟» دەپ غۇدۇڭشىيتتى.

قۇربانجان بۇ ئىڭراپ - ئىنجىقلاپ ياتقان بىمارلارغا قاراپ ئىچى سىرىلەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىۋاتقان بۇ بىچارىلارنىڭ بەزىلىرى مەكىتنىڭ يېزا - بازارلىرىدىن كەلسە، يەنە بەزىلىرى ئەتراپتىكى ناھىيە - بازارلاردىن كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان پەتىچىلەرنى، ئۇرۇغ - تۇغقان، دوست - يارانلارنىمۇ ئۆز يولىدا قوبۇل قىلىپ ئۇزىتىپ تۇردى.

ئۇ، ئۆزىگە زور ئۈمىد باغلاپ كەلگەن بىمارلارنىمۇ تەڭقىسلىقتا قويمىدى. ئۇلاردىن كېسەلى يېنىكرەكلىرىنى ئىشىك ئالدىدىلا، سۆگەت - ئۈجمە سايىلىرىدا كۆرۈپ رازى قىلىپ ئۇزاتتى. كېسىلى ئېغىرراقلىرىنى بولسا ئۆيگە ئەكىرىپ ياكى ھەقەمسايىلىرىنىڭ قوروسىغا ئەكىرىپ تەكشۈرۈپ داۋالاپ، كۆرسەتمە بېرىپ يولغا سالدى. ھېچكىمدىن پۇل، سوۋغا-سالام قوبۇل قىلمىدى.

مەكىت مۆتىۋەرلىرى، يۇرت چوڭلىرى، ئەھلى جامائەت بۇ قېتىم قۇربانجان مەكىتكە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى بۇ ھىممەت - ساخاۋەت، پەزىلەتلەرنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە: «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن سۆز راست ئىكەن. قۇربانجان توغرىلىق نۇرغۇن قىسسە - ۋەقەلىكلەرنى ئىشىتكەندۇق. بۇنىڭ چىنلىقىغا پۈتكەن ھەم يەنە پۈتمىگەندۇق. بۇرۇن قۇربانجان ئارىمىزدا تۇرسا ئۆزىنى تونۇپتۇق لېكىن خىسلىتىنى بىلمەپتۇق. مانا بۇ قېتىم نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆردۇق. بۇ خىسلەت-كارامەتلىك ئوغۇل مەكىتتىكى ۋاقتىدا دېھقاننى دەپ، پۇقرانى دەپ تۆت ئېغىز لىللا گەپ قىلالايدىغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل ئاۋارىچىلىق ۋە مالاللىقلارغا ئۇچراپ تۇراتتى. توۋا. . . كونىلار ئېيتقان «سەن ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى، سەن ئەگەر خار ئەيلىسەڭ ھەر جايدا بولسا خاردۇر» دېگەن سۆز قالتىس دانا سۆز ئىكەن. بەزى قاراقورساقلار قۇربانجاننى خار ئەتمەكچى بولۇشىدى، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەن خەلقپەرۋەر چوڭلىرىمىز ئەزىز قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. . . - دېيىشەتتى ئۇلار.

## سەپەر ئۈستىدە توسىۋېلىندى

. . . توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان «قۇملۇق شاھى ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك دالا پىكاپى قۇربانجاننى ئېلىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يىلان باغىر يوللارنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا مەھكەم قادالغان بولۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى.



(قۇربانجان كېسەل داۋالىماقتا)

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قايسى بىر يۇرتتىكى پالەچ، بەدىنىنى يىرىڭلىق جاراھەت قاپلاپ كەتكەن ئاغرىق، ئەسلىدە ساق بولۇپ كېيىنچە تىلى تۇتۇلۇپ قالغان تىلى ئاجىز، ياش تۆرۈپ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئەما، ھەر خىل ئاياللار كېسىلى بىلەن ئاغرىغان مەزلۇمەلەر، ھەر خىل يۈرەك كېسەللىرى ۋە باشقا كېسەللەر بىربىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. نامراتلىق تۈپەيلى ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېسىلى باشلانغان ۋاقتىدا دوختۇردا

يېتىشقاقۇربى يەتمىگەن. مانا ئەمدى ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بەزى كېسەللەر ئاللىقاچان داۋالاپ ساقايتىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. . .



(قۇربانجان كېسەل داۋالىماقتا)

پىكاپ سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى ۋە شوپۇرنىڭ پارىڭى قۇربانجاننى تەگسىز خىيالدىن ئويغاتتى.

ـ قۇربانجان ئاكا، ئالدىمىزدا نۇرغۇن ئادەم توساپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۇلار قاتناش تەكشۈرۈش بەلگىسىنى كۆتۈرۈپ توسۇۋاتىدۇ، ـ دېدى شوپۇر.




(قۇربانجان كېسەل داۋالىماقتا)

ـ ماشىنىنى چەتكە تارتىپ توختىتىڭ ، نېمە ئەھۋالكىن ، ئۇقۇپ باقايلى، ـدېدى قۇربانجان خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ تەمكىنلىك بىلەن.

پىكاپ توختىشى بىلەنلا بىر توپ ئادەملەر گۇلدۇرلەپ كېلىپ پىكاپنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى . قاتناش تەكشۈرۈش بەلگىسىنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىمۇ پىكاپتىن چۈشۈپ رەسمىيەتلەرنى تەكشۈرتۈشكە تەييارلاپ تۇرغان شوپۇرنىڭ يېنىغا كەلمەستىن بەلكى نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پىكاپتىن چۈشكەن قۇربانجان تەرەپكە كەتتى. قۇربانجاننىڭ قوللىرى يول ئۈستىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئورىۋالغان بىر توپ ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزاتقان دوستانە قوللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ چىراي- ئەپتىدىن گويا ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ كەتكەن قېرىندىشى بىلەن تۇنجى تېپىشقاندەك، ئۇزۇن يىل كۆرۈشەلمىگەن دوستىنى يېڭىلا تېپىۋالغاندەك ھاياجان، مېھىر-مۇھەببەت تەپچىپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزغىن كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۆزئارا تونۇشۇشلار باشلاندى.

مەلۇم بولدىكى، ئەھۋال مۇنداق ئىكەن: قۇربانجان قاغىلىقتىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندىن كېيىنلا، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغانىكەن. شۇنىڭ بىلەنبۇ قۇتلۇق سەپەردىن خەۋەر تاپقان ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىرى، بىر قىسىم ئىدارە باشلىقلىرى، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە شۇ يەرلىك دېھقانلار، يېزا ـ كەنت باشلىقلىرى قاغىلىق ـگۇما چېگرىسىغا كېلىپ قۇربانجاننى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن.

ـ سىلى ئولتۇرغان پىكاپنىڭ تىپى، رەڭگى، نومۇرى قاتارلىقلار توغرىسىدا قاغىلىقتىكىلەر بىزگە ئېنىق خەۋەر



(قۇربانجان كېسەل داۋالىماقتا)

بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىز سىلى ئولتۇرغان پىكاپنى يىراقتىن ئاسانلا تونۇۋالدۇق، ـ دېدى مۇئاۋىن ھاكىملاردىن بىرى.

ـ قېنى، يولغا چىقايلى، گۇما بازىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر قۇربانجاننى كۈتۈپ كۆزلىرى تېشىلەي دەپ قالدى، پاراڭلىرىمىزنى تاماقتىن كېيىن قىلىشايلى، ـ دېدى ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. شۇنىڭ بىلەن گۇما ناھىيە بازىرىدىن قۇربانجاننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر ئۆز ماشىنىلىرىغا تارقاشتى.

كۈتۈلمىگەندە يەنە بىر ئەھۋال يۈز بەردى. شۇ يەرلىك بىر توپ دېھقانلار قۇربانجان ئولتۇرغان پىكاپنى توسۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار: قۇربانجان ئۈچۈن مۇشۇ مەھەللە



(قۇربانجان كېسەل داۋالىماقتا)

خەلقى داستىخان تەييارلىغانلىقىنى ، بىر پىيالە ھاردۇق چېيىغا داخىل بولۇپ بېرىشىنى سوراپ تۇرۇۋېلىۋالدى.

ھاكىملار بۇ ئاقكۆڭۈل-مېھماندوست دېھقانلارغا قۇربانجاننىڭ ۋاقتىنىڭ ئىنتايىن قىس ئىكەنلىكىنى، ھەربىر كەنت ـ مەھەللىلەردە تۇرۇش، كىشىلەرنى يوقلاشقا ۋاقتى يار بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. قۇربانجان بۇ مۇھەببەتلىك قېرىنداشلىرىغا كامالىي ئېھتىرام بىلەن: سىلەرنىڭ ئەقىدە-ئىخلاسىڭلار ، بىلدۈرگەن ھۆرمىتىڭلار ئۈچۈن تەشەككۈرغا ئاجىزمەن. سالماقچى بولغان داستىخانلىرىڭلار ماڭا تېگىل بولدى. سىلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت. ئەگەر ۋاقتىم يار بەرگەن بولسا، سىلەرنىڭ داستىخىنىڭلارغا ئەمەس، بەلكى كەمبەغەل- يوقسۇزلىرىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، سىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، كېسەللىرىڭلار بولسا كۆرۈپ، داۋالاپ قويۇپ كەتكەن بولسام بەكمۇ ياخشى بولاتتى. بىراق، بارىدىغان يەر كۆپ، ۋاقىت قىس، شۇڭا مەن سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشاي، ئەگەر ئاراڭلاردا ماڭا ئېھتىياجلىق كېسەل كىشىلەر بولسا دەرھال گۇماغا ئېلىپ بېرىڭلار، مەن ھەر قاچان خىزمەتكە تەييار،- دېدى. كىشىلەر شۇندىلا كۆزى قىيمىغان ھالدا ماشىنىنىڭ يولىنى بوشىتىپ يانغا سىلجىشتى. بۇ قېتىمقى سەپەرگە مەكتىتىن بىر قىسىم كىشىلەر قۇربانجانغا ھەمرا بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇلار يول ئۈستىدە گۇما خەلقىنىڭ قۇربانجانغا كۆرسەتكەن ئىززەت ـ ئىكرامىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. . .



(كېسەللەر قۇربانجانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ لەۋھە تەقدىم قىلماقتا)

بۇ قېتىمقى سەپەردە قۇربانجان گۇما، خوتەن شەھىرى، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە ئون كۈن زىيارەت ۋە كېسەل داۋالاش بىلەن بولدى.

قۇربانجان بارغانلا يېرىدە ئالدى بىلەن داستىخاندا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى زارىقىپ كۈتۈپ تۇرغان كېسەللەر يېنىدا بولۇپ خىزمىتىنى قىلدى. ئۇ، كېسەللەرگە بەردى، ئۇلاردىن ئالمىدى. قۇربانجان بارغانلا جاي قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۇ، كىشىلەرگە ھەقسىز- خالىس، مىننەت-تەمەسىز خىزمەت قىلىشتەك ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن تالاي ئادەملەرنى ھېسسىيات، پەزىلەت، ئادىمىلىك جەھەتتىن، ئۆز يۇقرالىرى ـ قېرىنداشلىرىغا خىزمەت قىلىشتا نەپسىنىڭ خاھىشىغا ئەگىشىپ پۇل-مەنپەئەت قوغلىشىدىغان بەزى ئادەملەرنى بولسا دۇنيا قاراش جەھەتتىن تەربىيىلىدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى نەزەردە تۇتۇپ قۇربانجاننىڭ خوتەن سەپىرىدىكى تەپسىلاتلارنى قىسقارتتىم. بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ خوتەن سەپىرىدىكى پائالىيەتلىرى، كۆرسەتكەن بىر قىسىم كارامەت ـ مۆجىزىلىرى ۋە ھىممەت-ساخاۋەتلىرىدىن بىر نەچچىنىلا مىسال كەلتۈرمەكچىمەن:



(قۇربانجان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن)

خوتەن ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت 1-شىركىتىنىڭ شوپىرى ئابدۇللا كېرەمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغلى ئابلەتجان قان راكىغا گىرىپتار بولۇپ خوتەن ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرتكەن ۋە داۋالاتقان. ئاخىرى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى« ساقايتىشقا ئامال يوق . قايتۇرۇپ كېتىڭلار» دېگەن. دەرمانى ئۈزۈلگەن بىچارە ئاتا-ئانا يىغلاپ يۈرۈپ قۇربانجان بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولغان . قۇربانجان بۇ بالىغا ئۈچ قېتىم كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىغان . ئابدۇللا كېرەم بالىسىنى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىغا قايتا ئاپىرىپ تەكشۈرتكىنىدە بۇ كېسەلنىڭ ساقايغانلىقى ئىسپاتلانغان.



(قۇربانجان باغچىدا)

يەنە بىر ياشقا چوڭ ئەركىشى مۇنداق دەيدۇ: قاتناش ھادىسىسىغا ئۇچراپ پالەچ بولۇپ قالغىنىمغا ئىككى يېرىم يىل بولدى، خوتەن، ئۈرۈمچىلەردە داۋالىنىپ 130 مىڭ يۈەن خەجلىگەن بولساممۇ ئۈنۈمى بولمىدى. قۇربانجان كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىغاندىن كېيىن ساقايدىم. مەن قۇربانجانغا قانچە قىلسام پۇل ئالغىلى ئۇنىمىدى.

ياشقا چوڭ بىر ئايال: قول- پۇتۇم ئاغرىپ خوتەن، ئۈرۈمچى، بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردە داۋالانغان بولسامۇ يەنىلا قولۇمنى بېشىمغا ئاپىرالمىدىم. پەقەت قۇربانجان پۇت ـ

قولۇمنى خاسىيەتلىك قولى بىلەن بىرلا قېتىم سىلاپ قويغانىدى، شۇندىن بۇيان پۇت - قولۇمدىكى ئاغرىق يوقالدى. مانا ھازىر قولۇمدا خېلى ئېغىر نەرسىلەرنى بىمالال كۆتىرەلەيمەن. قۇربانجانغا پۇل تەڭلەپ ئالدۇرالمىدىم.

ياشانغان بىر شىۋە تەرجىمان ئەر: مەن قان بېسىمى تۈپەيلىدىن يېرىم پالەچ بولۇپ قالغىنىمغا نەچچە يىل بولغان ، ھېچقانداق داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنىدى. قۇربانجاننىڭ بىرلا قېتىم كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىشى بىلەن پالەچلىكتىن قۇتۇلدۇم. قۇربانجان مېنى «ئەمدى قان بېسىمىڭىز خاپا قىلمايدۇ» دېگەنىدى، دەرۋەقە دوختۇرغا بېرىپ تەكشۈرتسەم داۋاملىق يۇقىرى تۇرۇۋالىدىغان قان بېسىمىم نورماللىشىپتۇ. مەن ھازىر ھەر كۈنى ئۈچ كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىۋاتىمەن.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇللا مەخسۇتنىڭ نەۋرىسى توغۇلۇپ يېشىغا يەتكىچە بويىنى تىكلىيەلمىگەن ۋە كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ بالىنى خوتەن ۋە ئۈرۈمچىدىكى خېلى كۆپ دوختۇرخانىلارغا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دوختۇرلارنىڭ قارىشى بىردەكلا: «بۇ بالىنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىشىمۇ، ياخشىلانماسلىقىمۇ مۇمكىن ، لېكىن ھازىرچە ئامال يوق» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار ئاخىرى بۇ بالىنى قۇربانجانغا كۆرسەتكەن. قۇربانجان بالىنى قولىغا ئېلىپ پۈتۈن بەدىنىنى سىلاپ كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىغان، نەتىجىدە بۇ بالا شۇ كۈندىن باشلاپ ياخشىلىنىشقا باشلىغان. 3 - كۈنىگە كەلگەندە كۆزى كۆرىدىغان بولغان.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابدۇراھمان قۇربانىنىڭ ئايالى قان بۇزۇلۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ كۆپ جايلاردا داۋالاتقان بولسىمۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەن. قۇربانجان ئۈچ قېتىم كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىغاندىن كېيىن دوختۇرغا تەكشۈرتسە ساقايغانلىقى مەلۇم بولغان .

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇقادىر توختى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالانغان. دوختۇرلار پەقەت يۈرەك ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىقلا داۋالاش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ئاخىرقى نەتىجىسىگە ئالدىن بىر نەرسە دېيەلمىگەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقدىر ئابدۇقادىر توختىنى قۇربانجان بىلەن مۇلاقەت قىلغان. قۇربانجاننىڭ شىپالىق قولى بىلەن كېسەللىك ئازابىدىن خالاس بولغان ئابدۇقادىر توختى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قۇربانجاننىڭ شىپالىق قولى توغرىلىق باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسام بۇگەپكە نىسبەتەن قىزىقىشىم كۈچلۈك، ئىشەنچىم ئاجىزراق بولار ئىدى. بىراق قۇربانجاننىڭ خىسلەتلىك قولى بەدىنىمگە تېگىۋىدى، دەرھال يۈرەكتىكى ئارامسىزلىنىش يوقالدى. ئۈچ قېتىملىق كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالاشتىن كېيىن دوختۇرغا قايتا تەكشۈرتسەم كېسىلىم % 80 ياخشىلىنىپ بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ مەن ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق -تە. ئادەم بەدىنىگە تىغ تەگسە ساقايغاندىن كېيىن يارا ئېغىزىدا كىچىككىنە تاتۇق ئىزى قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ دېمەك جىنىمغا تەھدىت سېلىۋاتقان رەھىمسىز كېسەل بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا ساقىيىپ ئۇنىڭدىن كىچىككىنە قاپتۇ دېگەندىمۇ بۇ بىر مۆجىزە! مەن قۇربانجاننى مەڭگۈ ياد ئېتىمەن» .

راست دەيدۇ، دەرھەقىقەت، قۇربانجان مەڭگۈ ياد ئېتىشكە ئەرزىيدۇ. دېمىسىمۇ كونىلارنىڭ «تەن ساقلىق - پادىشاھلىق»، «تەن ساقلىق - بايلىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار ئەمەسمۇ! دەرۋەقە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى كېسەل چىرماپ، ھېچيەردىن ۋە ھېچكىمدىن داۋا تېپىلمىغاندا، جان قايغۇسى ئەس - ھوشىنى ئەسىر قىلغاندا ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمەل - مەنسەپ ، شاھ تاجىسىمۇ، قەسىر - ساراي، پۇل - ئاقچىسىمۇ مەنىسى يوق - مەناسى يوق، تاتلىقى يوق - باقاسى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىنىڭ تېنى ساق، ئۆزى خاتىرجەم بولغاندىلا ئېشەك مىنسە خۇددى تۇلپار مىنگەندەك، ئۈجمە سايىسىدا توپىغا سۇنايلىنىپ ياتسا، گويا ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىدا ھوزۇرلىنىپ ياتقاندەك راھەت بىلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، خوتەن سەپىرىدىكى يۇقىرىقى مىساللارنىڭ تولىسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى نەقمەيداندىن ئېلىنغان سىن فىلىمىدىن ۋە خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قۇربانجان ھەققىدە ئىشلىگەن مەخسۇس فىلىمىدىن ئېلىنغانلىقىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويسام ئارتۇق كەتمەس. بىراق شۇنەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يازغانلىرىم قۇربانجاننىڭ خوتەن سەپىرى جەريانىدا كۆرسەتكەن كارامەت-مۆجىزىلىرىنىڭ ئازبىرقىسمى، خالاس!

مەكىتتىن قۇربانجانغا ھەمراھ بولۇپ خوتەن سەپىرىگە بىللە چىققان كىشىلەر خوتەن سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ قۇربانجاننى- ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز ئارىسىدىن چىققان بۇ كارامەت ئىگىسىنى چوڭقۇر قايىللىق ۋە ئىپتىخار ئىچىدە ئۈرۈمچىگە ئۇزىتىپ قويىدى.

سەپەر ئۈستىدە قۇربانجان يەنە تەلەپ بويىچە يوپۇرغا، مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچا، كورلىلاردا توختاپ، خەلق ئاممىسىنى ۋە بۇ جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان، ئەينى يىللاردا ئۆزى بىلەن ئەسكەرلىكتە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن سەپداشلىرىنى يوقلىدى. قەلىمىمنى مۇشۇنداقلا توختاتسام تازاقانائەت قىلمايدىغاندەك قىلىسىز، شۇنداقلا سىز ماڭا قۇربانجاننىڭ خوتەن سەپىرى ئۈستىدە توختالغاندەك ئۈرۈمچىگە قايتىش سەپىرى خۇسۇسىدىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە دەپ بېرىڭ، دەۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتىسىز. . . بولىدۇ، بىر نەچچە ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي.

يوپۇرغا ناھىيىسىدە: قۇربانجان مۇئاۋىن ھاكىم ياقۇپ جۇمەنىڭ قورۇسىدا 20 ياشلاردىكى بىر كەمبەغەل پالەچ - گاچايىگىتنى خىسلەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىغاندا ئۇ بىمار نەق مەيداندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى ۋە تىلى راۋانلىشىپ ئۆز ئاغزى بىلەن قۇربانجانغا رەھمەت ئېيتقاندا، قورۇنىڭ ئىچى، ئۆگزە، قورۇ تاملىرى ۋە ئەتراپتىكى دەرەخ شاخلىرىغا چىقىۋالغان نەچچە يۈز ئادەم ھاياجاندىن قىقاس-چۇقان سېلىپ «باركاللا» ئېيتىشىپ كەتتى. . .

مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازىرىدا: مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى مەخەت ئېلاجىمىنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كىرگەن قۇربانجان داستىخان يېرىمىدىلا ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن كەمبەغەل بىمارلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا قۇربانجاننىڭ بۇ قورۇغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئادەملەر مەخەت ئېلاجىمىنىڭ قوروسىغا ياغدى. مەخەت ئېلاجىمىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى قۇربانجاننى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قىستاڭچىلىقىدا سۇنۇپ-چېقىلدى. قۇربانجاننىڭ پائالىيىتىنى ئازادە-تەرتىپلىك مۆھىت بىلەن

تەمسىلەش ئۈچۈن ئۇنى بازارلىق ساقچىخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەشكە توغرا كەلدى. بىراق، بۇ بازارغا قاراشلىق ھەرقايسى كەنتلەر ۋە قوشنا يېزىلاردىن توپلانغان خەلق قىستا-قىستاڭچىلىقتا بۇ قورۇنىڭ ئىچىدىن ئېتىۋېلىنغان دەرۋازىسىنى ئۆرۈۋەتتى. ئۆزىنىڭ خىسلەتلىك ئوغلىغا ئىخلاس-ئەقىدە قىلغان خەلق: «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇربانجاننى خەلقتىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىز قۇربانجانغا دەخلى قىلمايمىز، پەقەت نېرىدىن بولسىمۇ كۆرۈۋالساقلا كۇپايە. . .» دەپ چۇقان سېلىشاتتى. قورۇغا پاتمىغان كىشىلەر دەل-دەرەخ، ئۆگزە ۋە قورۇق تاملارغا چىقىۋېلىشقانىدى.

پاختا زاۋۇتى كادىرى تۇرسۇن سايىمنىڭ قورۇسىدا قۇربانجاننىڭ داۋالىشى بىلەن بىر پالەچ كىشى ساقىيىپ ئاياقق تۇردى. قۇربانجان كىشلەرگە: پۇش-پۇش، دەپ ئۈنلۈك تۇۋلاپ، ئۇنى ئالدىغا قاراپ مېڭىشنى ئېيتىۋىدى. بۇ پالەچ كىشى «پۇش-پۇش، ۋاي مېنى تۇسماڭلار، پۇش! مەن بۈگۈن ماڭالىدىم، پۇش!» دەپ تۇۋلاپ مېڭىپ قورۇدىن چىقتى-دە، يولدىن توغرا ئۆتۈپ ئۆزىنى توتۇۋالالماي ئۆستەڭدىكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

بىر ئىمامنىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ئېغىر روھىي كېسەل بولۇپ قالغىنىغا خېلى يىل بولغان بولۇپ، باشقۇرغىلى بولمىغانلىقتىن، ئاتا - ئانىسى ياغاچتىن كىشەن ياساپ پۇتىغا سېلىپ قولۇپلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ بالا قۇربانجاننىڭ بىر قېتىملىق كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالىشى نەتىجىسىدە نەقمەيداندىلا ساقىيىپ پۇتىدىكى ياغاچ كىشەن ئېلىپ تاشلاندى.

. .

. . . . . . .

قۇربانجان بۇ نۆۋەتلىك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇ، خوتەن ۋىلايىتىدە ئىككى جايدىكى يېتىم - يېسىرلەر مەكتىپىنى يوقلاپ ئۇلارغا ماددىي ياردەم قىلدى. ئۇ، ئىككى قېتىملىق جەنۇب سەپىرىدە نۇرغۇن ئاجىز-مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز نامراتلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ داۋالىغاندىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە نەچچە ئون يۈەندىن نەچچە يۈز يۈەنگىچە پۇل بەردى. قۇربانجان قەشقەر شەھىرىدە تۇرغان قىسقىغىنە ۋاقتىدىمۇ قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆردى ۋە داۋالىدى.

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا سەيپۇڭچىلىق قىلىدىغان ئىمىن ھاجىم مەرىپەتپەرۋەر كاسىپ بولۇپ، ئۇ، مائارىپنى قوللاش يۈزىسىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئىش ئەكىرسە 80% باھادا، ئوقۇغۇچىلار ئىش ئەكىرسە 70% باھادا ھەق ئېلىپ كىيىم تىكىپ بېرەتتى. ئىمىن ھاجىمنىڭ دادىسى ئېغىر ھالدا بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، دوختۇرخانىلارنىڭ بۇ كېسەلگە قارىتا بىردەك پىكرى ئوپېراتسىيە قىلىپ تاشنى ئېلىۋېتىش ئىكەن. بىراق بوۋاي 70 ياشتىن ئېشىپ قالغاچقا، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئىدى. لېكىن كېسەل ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئېغىرلىشىپ، بىمار بېلىنى ئالالماس بولۇپ قالغان. ئىمىن ھاجىمنىڭ ئېسىل پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن قۇربانجان ئىمىن ھاجىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ بىمارنى داۋالىدى. قۇربانجاننىڭ شۇنچە تۇيۇقسىز كېلىشىگە قارىماي، بۇ قورۇغىمۇ كىشىلەر لىققىدە توپلاشقانىدى. قۇربانجان بىمارنى زورۇقۇپ تۇرۇپ لىق بىر قورساق سوغۇقچاي ئىچىشنى تەلەپ قىلدى، تەلەپ شۇ ھامان ئورۇندالدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن بىمارنى بەدىنىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى كىيىملەرنى پۈتۈنلەي سېلىپ تاشلاپ ئەديالغا يۆگىنىپ كىچىك داس ئۈستىگە ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىشقا تەييارلىنىشىنى بۇيرۇۋىدى، بۇمۇ ئورۇندالدى. قۇربانجان بىمارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئالقىنى بىلەن كارامەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ شىپالىق قولى ھەر قېتىم بىمارنىڭ دۈمبىسىگە 20 سانتىمېتىر ئارىلىقتىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئاستا ھەرىكەتلەنگەندە بىمار كىچىك تەرەتنىڭ چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى دەپ تۇردى. قۇربانجان ئاخىرىدا بىمارنىڭ ئىنچىكە بېلىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا قاتتىق كۈچەپ كارامەت ئۆتكۈزۈۋىدى بىمار كىچىك تەرەتنىڭ بەكمۇ قىستاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. قۇربانجان كۆپچىلىككە: «بۇ كىشىنىڭ بۆرىكىدە ئالتە تال تاش بار، ھازىر ئۇنىڭ بەشى چۈشىدۇ. بىرسى كېلەر يىلى چوقىيىپ قىنايدۇ. ئۇنى شۇ ۋاقىتتا ھەل قىلىمىز، ھەممە تاشنى بىراقلا چۈشۈرىمىز دېسەك، بۇ ياشانغان كىشىنىڭ ئاجىز تېنى كارامەتنى كۆتىرەلمەيدۇ» دېدى ۋە ئاخىرىدا كۈچەپ بىرلا كارامەت كۆرسىتىۋىدى، بۇ كىشى ئىختىيارسىز كىچىك تەرەتنى قويىۋەتتى. «تارس - تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تاش چۈشۈشكە باشلىدى. بىمارنىڭ كىچىك تەرىتى ئاخىرلاشقاندا ئىمىن ھاجىم دادىسىنىڭ كىچىك تەرىتىدىكى تاشلارنى سۈزۈۋېلىپ پاكىز سۇدا چايقىۋېتىپ خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قويدى. بۆرەكتىن سۈيدۈك بىلەن چۈشكەن تاش ھەققەتەن بەش تال ئىدى.

قەشقەر شەھەر چاسا كوچا باشقارما جاتقورغان ئاھالە كومىتېتىدىن ھۇسەيىن ھاجىم دېگەن كىشى 1997- يىلى ئىيۇلدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئىلگىرى - كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 - دوختۇرخانا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانا، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى قاتارلىق دوختۇرخانىلاردا جەمئىي 100 كۈن بالنىستىدا يېتىپ داۋالانغان، ئاخىرىدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسى بىمارغا: «كېسىلىڭىزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشتىن باشقا چارە يوق. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدا تېنىڭىز ئوپېراتسىيە كۆتىرەلمەيدۇ، شۇڭا قايتىپ كېتىپ دورا بىلەن داۋالىنىپ تۇرۇڭ» دېگەن. ھۇسەيىن ھاجىم دوختۇرغا يىغلاپ يالۋۇرۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە «قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى» دېگەن. دوختۇر نائىلاج: «ئەمسە يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن كېلىڭ، ئوپېراتسىيە قىلايلى» دەپ يولغا سالغان.

ھۇسەيىن ھاجىم شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «دوختۇرنىڭ مېنى ئىككى يىلدىن كېيىن كېلىڭ ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالايلى دېگىنى، مېنى ئىككى يىل ئىچىدە ئۆلۈپ يەر ئاستىغا كىرىپ بولىسەن دېگىنى. بۇ گەپ گويا ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنى ئەسلىتەتتى. ھەر بىر كېچە - كۈندۈزنى جېنىم قاچان چىقىپ كېتىپ تىنىقىم توختاپ قالار دېگەن دەھشەتلىك ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزەتتىم. ئۆزۈم بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ‹رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا› دېگەن كىتاب قولۇمغا چۈشتى. شۇندىلا گويا ھايات شامىم قايتىدىن يورۇغاندەك بولدى. مەن قۇربانجاننى ئىزدەپ تاپتىم. خىسلەتلىك قولى بىلەن يۈرىكىمگە كارامەت ئۆتكۈزۈۋىدى، ساقىيىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دوختۇردا ياتقان 100 كۈندە 50مىڭ يۈەن كەتكەنتى. قۇربانجانغا پۇل تەڭلىسەم قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمىدى».

«قۇربانجان دادا، سىزگە كۆپ رەھمەت. مېنى دوختۇرلار داۋالاپمۇ ساقايتالمىغانىدى. ناھايىتى بەك قىيىنىلىپ كەتكەنىدىم. مېنى قۇچقىنىڭىزغا ئېلىپ سىلاپ قويۇپلا ساقايتىۋەتتىڭىز. مەن سىزدىن بەك خۇشال. مەن ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن.» بۇ، قارامايشەھەرلىك بانكىدا ئىشلەيدىغان گۈلنارنىڭ يەتتە ياشلىق قىزى مەسۇدەنىڭ كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن قۇربانجاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئېيتقان رەھمەت سۆزى.

بۇ قىزچاق تۇتقاق خاراكتېرلىق قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرىدىكى بەزى دوختۇرخانىلاردا تەكشۈرتۈپ داۋالاتقان ۋە كۆپ چىقىم تارتقان بولسىمۇ، دوختۇرخانىلارنىڭ بۇ قىزچاقنىڭ كېسەلى توغرىسىدىكى دىئاگنوزى ھەر خىل بولۇپ، داۋالاشمۇ خىلمۇ خىل بولغان، نەتىجىدە كېسەلى ياخشىلىنىش تۈگۈل بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتكەن. قورساق ئاغرىقى تۇتقاندا بۇ قىزچاقنىڭ چىرايلىرى كۆكىرىپ، كۆز قارىچۇقى تارتىشىپ قورقۇنچلۇق ھالەتكە كېلىپ قالىدىكەن. قۇربانجان بۇ قىزچاقنىڭ قورساق ۋە بېشىغا كارامەت ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئارقىلىق ئۇنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلغان.

بىر ئازغان ياشنىڭ ئېيتقانلىرى: «مەن كېلىشكەن يىگىت ئىدىم. ئەسكەر بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي رەھبەرلىك ئەخلاق - پەزىلىتىم، خىزمەتتىكى قابىلىيىتىم ۋە ئىپادەمگە قاراپ مېنى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوقۇشنى ئەلا تاماملاپ، قىسىمغا قايتىپ كوماندىر بولدۇم. كېيىن كەسىپ ئالمىشىپ يۇرتۇم xx ناھىيىسىدىكى مەلۇم ئىدارىغا تەقسىم قىلىندىم. خىزمەتكە جۇشقۇنلا دەسلەپتە ھاراققا بېرىلىپ كەتتىم، كېيىن خروئىنغا ئۆگىنىپ قالدىم. بار بىساتىمنى سېتىپ خروئىن چېكىپ تۈگەتتىم. ئاتا-ئانام، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىمغىمۇ ئېغىر زىيان سالدىم. قىسمىدىن يېڭى كەلگەندە ناھىيىدىكىلەرنىڭ ماڭا زوقى كېلەتتى. ئىدارىمىزدىمۇ خېلى ئابرويۇم بار ئىدى. بىراق، كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى جامائەت ئۇستۇمدىن دادلايدىغان، مېنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولدى. ئاخىرى بېرىپ مەن بىر يىرگىنىشلىك مەخلۇققا ئايلاندىم. ساق ۋاقتىمدا ھاراق-خروئىن دېگەن نىجىستىن قول ئۈزسەم دەپ ئويلايتتىم، بىراق خۇمارىم تۇتۇپ كەتسە كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئالدىمغا كەلگەننى ئۇراتتىم، قولۇمغا چىققاننى چاقاتتىم. ‹رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا› دېگەن كىتاب مېنى قۇربانجان ئاكامنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. قۇربانجان ئاكامنىڭ شىپالىق قولى بىلەن بەدىنىمگە ئۆتكەن كارامىتىنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى زەھەرلىك چېكىملىك - ئىچىملىكنىڭ خۇمارىدىن خالاس قىلدى. مەن ئەمدى زەھەرلىك چېكىملىك-ئىچىملىكلەرنى كۆرسەم بىزار بولىدىغان، ھاراقكەش، خروئىن بەڭگىلىرىنى كۆرسەم ئۇلارغا ئۆچلىكىم كېلىدىغان يېڭى بىر ئادەمگە ئايلاندىم. خىزمەتتىن قوغلىنىپ ھەم تاپقان. تەرگەنلىرىمگە خروئىن چەككەچكە بار بىساتىمدىن ئايرىلىپ سويغان پىيازدەك بولۇپ قالغانىدىم. قۇربانجان ئاكام مېنى يامان يولدىن قايتىپ توغرا يولغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ 500 يۈەن پۇل بېرىپ، يۇرتتا قاسساپلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. مەن ھازىر قۇربانجان ئاكام بەرگەن پۇلنى دەسمي سېلىپ قاسساپلىق قىلىۋاتىمەن. جامە مەسچىتىگە كىرىپ يۇرت - جامائەتتىن، مەندىن ئەرزىيەت يەتكەن كىشىلەردىن ئەپۇ سورىدىم. ئەمدى قۇربانجان ئاكامنىڭ شىپالىق قولىدا ئوڭلانغانلىقىمنى ۋە بۇندىن كېيىن توغرا يولدا مېڭىپ يۇرت - جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، جامائەتمۇ مېنى كەچۈردى. قۇربانجان ئاكىنىڭ مەندەك بىر ئازغان ياشنى توغرا يولغا سالغان ساۋابلىق خىزمىتىدىن سۆيۈنگەن مەسچىت قەۋمى قۇربانجان ئاكام ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى».

## ئاپتوردىن:

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر: يازغانلىرىم زامانىمىزدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى، خىسلەتلىك ئادەم قۇربانجان ھەققىدىكى يېڭى - مۆجىزىلەر خامىنىدىن بىر سىقىم دان، ئۇنىڭ پەزىلەت ھەم ساخاۋەت، ھىممەت ۋە شىجائەت بوستانىدىن بىر دەستە گۈلدىن ئىبارەت. قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدار جەھەتتىكى مۆجىزە-كارامەتلىرى، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «تەڭرىتاغ»، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي خاتىرە - ئوچېركلاردا ۋە «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا»ناملىق كىتابتا ئەتراپلىق توختالغاچقا بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى قىسقارتتىم.

---

ئاپتور: «تەڭرىتاغ» كىنو ستودىيىسىنىڭ رېژىسورى(M2)

بۇ سان 1999-يىل 1-يانۋاردا تىزىشقا بوللاندى، 30-يانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت(M1) رىسالەت مۇھەممەت(M2). بېكىتكۈچى: قۇربان ماموت

## دۇنياغا نەزەر



# ياپونىيە تەسىراتلىرى

غوجائەخمەت يۇنۇس

### مۇقەددىمە

چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش سەۋەبىدىن ئۈچ پەرزەنتىمىز ياپونىيىدە بولۇپ قالدى: قىزىمىز مەرھابا 1995-يىلى 4-ئاپرېلدا توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا سانائەت خىمىيىسى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا كىردى؛ چوڭ ئوغلىمىز جۈرئەت 1996-يىلى سكۇبا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، بىئولوگىيەسىستېما قۇرۇلۇشى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئېلىپ، ياپونىيىنىڭ «نىشىدېن» ئېلېكترون - كومپيۇتېر شىركىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتى؛ 2-ئوغلىمىز پەرھات 1996-يىلى 4-ئاپرېلدا فۇناباشى شەھىرىدىكى ياچيوخەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىغا خەلقئارا سىياسىي-ئىقتىساد كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇشقا كىردى. پەرزەنتلىرىمىز ئاتا-ئانىسىغا ئۆزلىرى ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ياپونىيىنى كۆرسىتىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ۋە تەربىيىلەش يولىدا قىلغان ئەجرىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن 1996-يىلى كۈزدە بىزگە تەكلىپنامە ئەۋەتتى. بىز پاسپورت ئېلىش، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىن ۋىزا ئېلىش ۋە سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈش قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، 1997-يىلى ئەتىيازدا چەتئەلگە قىلىنغان تۇنجى سەپىرىمىزگە ئاتلاندۇق. بىز ئۈچ ئادەم - مەن، ئايالىم رەھىم يۈسۈپ، نەۋرىمىز ئىپتىخار (قىزىمىز مەرھابانىڭ ئوغلى) 1997-يىلى 8-مارتتىن 30-ئاپرېلغىچە ياپونىيىدە ئىككى ئاي يېقىن تۇردۇق.

بىز پەرزەنتلىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ مۇڭداشقان، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان، ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان جايلىرىنى بېرىپ كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئىقتىسادىي كاپالەتچىلىرى ۋە ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلغان ياپونىيىلىك باشقا مەرىپەتپەرۋەر زاتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرگەندىن سىرت، ياپونىيە پايتەختى توكيو شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، جۈملىدىن توكيو دىسنېي شادلىق باغچىسى، يوكوخاما، سكۇبا، فۇناباشى، كاشىۋا قاتارلىق شەھەرلەرنى، مەشھۇر سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىدىن فۇجى تېغى، ئوئاراي ئوكيان باغچىسى، سكۇبا تېغى باغچىسىنى، گۇنما ۋىلايىتىدىكى خاشىموتو ئارشىگى ۋە كىتاموتو شەھىرى ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنى كۆردۇق ۋە ئارىلىدۇق.

مەن بۇ «ياپونىيە تەسىراتلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالەمدە بىز ياپونىيىدە بولغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ياپونىيىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىز ئاساسىدا ساياھەت تەسىراتلىرىمىزنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بىز ياپونىيىگە خىزمەت تەتقىقاتى ياكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى پەرزەنتلىرىمىزنى كۆرۈش مەقسىتىدە بارغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ ماقالىدە ياپونىيە جەمئىيىتى

ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىنماي، بۇ قېتىمقى ياپونىيە سەپىرىدە بىزگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان بەزى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تەسىراتىمىزلا بايان قىلىندى. ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە بەلگىلىك ياردىمى بولۇشىغا ئىشىنىمەن.

## فۇجى تېغى ۋە ساكۇرا

ھەر بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر ئالدىدا ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدىغان بىر مۇنچە مەشھۇر نەرسىلىرى بولغىنىدەك، ياپونىيە ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ياماتو مىللىتىنىڭمۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدىغان ئىككى مەشھۇر نەرسىسى بار ئىكەن. بۇنىڭ بىرى ـ ھەيۋەتلىك فۇجى تېغى، يەنە بىرى ـ ياپونىيىنىڭ دۆلەت گۈلى ساكۇرائىكەن.

## فۇجى تېغى

ئۇقۇشىمىزچە، ياپونىيە يانارتاغ ئىنتايىن كۆپ دۆلەت ئىكەن، مەملىكەت بويىچە 200دىن ئارتۇق يانارتاغ بار ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئۆچمىگەن يانارتاغلار تەشكىل قىلىدىكەن. ياپونىيىدىكى مەشھۇر فۇجى تېغى ئەنەشۇ ئۆچمىگەن يانارتاغلاردىن بىرى ئىكەن.

فۇجى تېغىنىڭ نامى بىز ياپونىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرىلا بىزگە مەلۇم ئىدى. شۇڭا بىز ياپونىيىگە بېرىپ، پەرزەنتلىرىمىز بىلەن دىدار قېنىشقاندىن كېيىن ، ياپونىيىدە سەيلە-ساياھەتتە بولىدىغان جايلار قاتارىغا فۇجى تېغىنى كىرگۈزگەندۇق. بۇ ئىشتىن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ خەۋىرى بارئىدى . بىزنى بۇ ئۇزۇندىن بېرىقى ئارزۇيىمىزغا ئوغلىمىز پەرھات يەتكۈزدى.

بىز 9-ئاپرېل ئەتىگەندە پىكاپ بىلەن توكيودىن فۇجى تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. فۇجى تېغى توكيو شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىكەن. خەرىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن بەش-ئالتە سائەت يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. ئەمما پىكاپىمىز ۋە ئاسفالت يولنىڭ ياخشىلىقى، يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر، يول بويى پات-پات ئۇچراپ تۇرىدىغان ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى سەپەر ۋاقتىمىزنى قىسقارتقاندەك بىلىنەتتى.

ياپونىيە ساياھەت رايونلىرى قۇرۇلۇشىغا مەبلەغنى ئايىماي سالىدىكەن. ساياھەت رايونلىرىغا بارىدىغان يوللار ئازادە، تۈز، يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئورمانلىق ئىكەن. شۇڭا مۇنداق يولدا ماڭغاندا، ھەرخىل ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىغىمۇ ئېغىرچىلىق چۈشمەيدىكەن، ساياھەتچىلەر كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىپ، سەيلە-ساياھەتكە كەتكەن ۋاقتى ۋە قىلغان چىقىمىغا رازى بولۇشىدىكەن. مەلۇم ۋاقىت يول ماڭغاندىن كېيىن، ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنى ئارام ئالدۇرۇشقا، ساياھەتچىلەرنىڭمۇ ھاجەتكە چىقىش، ئۇسسۇزلۇق ئىچىش، تاماكا چېكىش، غىزالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇنداق ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى يول بويى ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئۇيەردىكى مۇلازىمەت يۈرۈشلەشكەن بولۇپ، ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىدىن تارتىپ ساياھەتچىلەرگىچە ھەممىنى رازى قىلىدىكەن. مۇنداق ئارام ئېلىش ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ پاكىزلىقى، كۆركەملىكى كىشىگە روھىي ئوزۇق بەخش ئېتىدىكەن.

مانا شۇنداق كۆڭۈللۈك ساياھەت داۋامىدا فۇجى تېغى ساياھەت رايونىغا يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەي قاپتىمىز. پىكاپ ئاسفالت يول بىلەن تاغقا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. يىراقتىن ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان گۈمبەزسىمان فۇجى تېغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. فۇجى تېغىغا چىقىدىغان يول ئون بەلدەمگە بۆلۈنىدىكەن. ھەربىر بەلدەمدە ماگىزىن، ئاشخانا، سۈرەتخانا، پوچتاپونكىتى قاتارلىق مۇلازىمەت ئورۇنلىرى بارئىكەن. بۇ يولنىڭ 1-، 2-بەلدەملىرىنىڭ ئىقلىمىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىكەن، 3-بەلدەمگە چىققاندىن كېيىن، شامال چىقىپ سەل مۈزلىگەندەك قىلدۇق، ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەنسېرى شامال كۈچىيىپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەشىنچى بەلدەمدە توختاشقا مەجبۇر بولدۇق. پەرھات بىزگە ھازىر ئاپرېلنىڭ بېشى بولغاچقا، بۇنىڭدىن يۇقىرىلىساق ، ھاۋا تېخىمۇ سوغۇق ۋە شامال تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى مۇشۇ يەردە بىرئاز ئارام ئېلىپ، ئاندىن قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. بىز پىكاپتىن چۈشۈپ، 5-بەلدەمدىكى ماگىزىنغا كىردۇق. ماگىزىندا كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى ۋە يېمەكلىكلەردىن سىرت، فۇجى تېغىغا ئالاقىدار خاتىرە بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار بار ئىكەن. بىز ماگىزىننى ئارىلاپ، بىرئاز خاتىرە بۇيۇمى ئېلىپ سىرتقا چىقتۇق. شامال سەل بوشاپتۇ. كۆز ئالدىمىزدا ھەيۋەتلىك فۇجى تېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

فۇجى تېغى ئۈلچەملىك كونۇس شەكلىدە بولۇپ، تاغ چوققىسىدا يىل بويى قار كەتمەيدىكەن . ھازىر ئاپرېل مەزگىلى بولغاچقا، قارنىڭ توپلىنىش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ ئىدى. فۇجى تېغىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3776مېتر كېلىدىكەن. بۇ تاغ چوققىسى ياپونىيە بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئۆچمىگەن يانارتاغنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پارتلىغان ۋاقتى 1707 ـ يىلى ئىكەن. يانارتاغدىن پار ئېتىلىپ چىقىش ئەھۋالى ھېلىھەم مەۋجۇد ئىكەن. فۇجى تېغىدا ئارشاڭ، شارقىراتمىلار، شىمال تەرىپىدە بەش كۆل بارئىكەن، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىكەن . ھازىر بۇ يەردە فۇجىتېغى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ساياھەت رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلىك فۇجى-خاكونې-ئىزى باغچىسى بار ئىكەن. ياز كۈنلىرى بۇ ساياھەت رايونى ياپونىيىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن.

ياپونىيىلىكلەرفۇجىتېغىنى ئۇلۇغلاپ «مۇقەددەس تاغ» دەپ ئاتايدىكەن. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ باياشاد ياشىشىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ مۇقەددەس تاغنىڭ نامى ياپونىيىدىكى سودا كارخانىلىرى ۋە ياپونىيىدە ئىشلەنگەن نۇرغۇن داڭلىق مەھسۇلاتلار (مەسىلەن: فوتوئاپپارات، فوتوئاپپارات لېنتىسى قاتارلىقلار) غا بېرىلىپتۇ. بىز كۆرۈشنى ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن فۇجى تېغىنى كۆرگەندىن كېيىن ، «بۇ ئېگىز تاغ ھەقىقەتەن ياپونىيىلىكلەرنىڭ شۇنچە ئۇلۇغلىشىغا ئەرزىيدىكەن» دېگەن تەسىرات ئىچىدە فۇجى تېغى بىلەن خوشلىشىپ، كەلگەن يولىمىز بىلەن قايتتۇق.

## ساكۇرا

ياپونىيىلىكلەر ساكۇرانى «دۆلەت گۈلى» دەپ ئاتايدىكەن. ھەريىلى 20-مارت دۆلەت بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن دەم ئېلىش كۈنى ئىكەن. بۇ كۈننىڭ قانداق دەم ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سوئالىمىزغا «باھار بايرىمى » دېگەن جاۋابنى ئالدۇق. ساكۇرانىڭ ئېچىلىش ۋاقتىمۇ ئەنەشۇ «باھاربايرىمى» دىن كېيىن باشلىنىدىكەن. ئۇقۇشىمىزچە، بۇ

بايرامنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن. 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە جابىرقالار، يەنى ياپونىيىلىكلەرنى تۈركىي خەلقلەر قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكى، ساكۇرانىڭ بولسا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا «نەۋرۇز گۈلى» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ۋە 20-مارتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى تۈركىي خەلقلەردىكى «نەۋرۇز بايرىمى» (يەنى يېڭى يىل) نىڭ ۋاقتى 21-مارت بىلەن يېقىن كېلىدىغانلىقىغا قاراپ، بۇ دۆلەتلىك بايرامنى نەۋرۇز بايرىمى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدۇق.

ساكۇرانى «نەۋرۇزگۈلى» دېگەندىن كۆرە «نەۋرۇزدەرەخى» دېگەن مۇۋاپىق ئىكەن. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئۆستۈرۈلىدىغان ياڭاق، ئۆرۈككە ئوخشاش يوغان مېۋىلىك دەرەخلەردەك بولىدىكەن. ساكۇرا ئالدى بىلەن باھار بالدۇر باشلىنىدىغان شەھەر ئىچىدە ئېچىلىدىكەن، جايلاشقان ئورنى ئېگىزرەك، ھاۋاسى سوغۇقراق جايلاردا سەل كېيىن ئېچىلىدىكەن، چېچەكنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى شۇنىڭغا مۇناسىپ بولىدىكەن. توكيو شەھىرى ئىچىدە ساكۇرا 21-، 22-مارتتا ئېچىلىشقا باشلايدىكەن. ساكۇرانىڭ ئېچىلىش ئەھۋالى گېزىتتە ھەر كۈنى خەۋەر قىلىنىپ تۇرىدىكەن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ھەركۈنلۈك خەۋەرلەر پروگراممىسىدا ساكۇرانىڭ ئېچىلىش كۆرۈنۈشلىرىنى قىستۇرۇپ كۆرسىتىدىكەن. ياپونىيىدە ساكۇرا ھەممىلا جايدا ئۆستۈرۈلىدىكەن. ساكۇرا تازا ئېچىلغان مەزگىللەردە شەنبە، يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ياكى خىزمەت كۈنلىرى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ياپونىيىلىك ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنىڭ چوڭ-كىچىك باغچىلار، ساكۇرا تىكىلگەن قانال-ئۆستەڭ بويلىرىدا داستىخان سېلىپ، كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇنداق كۆڭۈل ئېچىشقا چىققانلار ئىچىدە ئائىلىسى بويىچە چىققانلارمۇ، تەڭ دېمەتلىك ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەر توپلىشىپ چىققانلارمۇ بولىدىكەن. بۇ پائالىيەت بىزدىكى «ئۆرۈك سەيلىسى»، «ئەنجۈر سەيلىسى» قاتارلىق سەيلە پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىز 30-مارت توكيو شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ غىزالانغاندىن كېيىن، بۇيەردىكى ئۇئېنو باغچىسىغا كىرگىنىمىزدە، ئەنە شۇنداق ساكۇرا سەيلىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدۇق. بۇ، يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا، ئۇئېنو باغچىسىنىڭ ھەممىلا يېرى سەيلىگە چىققان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

قىزىمىز مەرھابا تۇرغان ناگارى ياما شەھىرىدىكى خىگاشى فۇكاي دېگەن جاينىڭ يېنىدا بىر قانال بار ئىكەن، ياپونىيىلىكلەر قانالنى «ئۇنگا» دەيدىكەن، شۇنىڭغا مۇناسىپ بۇيەردىكى ۋوگزالنىڭ نامىمۇ «ئۇنگا» دەپ ئاتىلىدىكەن. قانال بويىغا ساكۇرا تىكىلگەن، قانال بويىدىكى يولغا ۋە ساكۇرا دەرەخلىرى ئارىلىرىغا ئېلېكتر چىراغلىرى ئورنىتىلغانىكەن. ئاپرېلنىڭ تۇنجى ھەپتىسى ساكۇرانىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچقا، ھەركۈنى كەچتە قانال بويى سەيلىچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. ساكۇرا سەيلىسىگە ياپونىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى مەشھۇر زاتلىرىمۇ قاتنىشىدىكەن. 10-ئاپرېلغا كەلگەندە، توكيو شەھىرى ئىچىدىكى ساكۇرا چېچەكلىرى ئاساسەن تۆكۈلۈپ بولىدىكەن. ئەمما تاغلىق جايلار ياكى باشقا سالقىنراق جايلاردا ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ساكۇرانىڭ ئېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بىز 12-ئاپرېل توكيونىڭ شىمالىغا جايلاشقان گۇنما ۋىلايىتىدىكى خاشموتو ئارىشىگە كېتىۋېتىپ، يول بويىدا ھېلىھەم ئېچىلىپ تۇرغان ساكۇرالارنى كۆردۇق. ئاڭلىشىمىزچە، ساكۇرا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشىدىن، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ گۈللەپ-ياشنىشىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

## ئەدەب - قائىدە ۋە مۇلازىمەت

ياپونىيىلىكلەردە ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان تەزىم قىلىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇش، قائىدە-تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئەھۋاللىرى بىزدە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

تەزىم قىلىش - ياپونىيىلىكلەردە ئەر-ئايال، قېرى-ياشلار ئارىسىدا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان ئەدەب-قائىدە شەكىللىرىدىن بىرى ئىكەن. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن دىداركۆرۈشكەندە ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن سىرت، بىرەر ئىشقا كىرىشكەندە، خوشلاشقاندا، سوۋغا-سالام قوبۇل قىلغاندىمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. سىز بىرەر ياپونىيىلىكنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسىڭىز، ئۆي ئىگىسى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ: «كونىچىۋا» (تىنچ-ئامانمۇ سىز) دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغىنىڭىزدىن كېيىن، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاندىن كېيىن پەرزەنتلىرى مېھمان بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىدىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى مېھمانغا تونۇشتۇرغاندا، ئۇلار سىزگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. سىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىڭىزنى ئۇلارغا بەرگىنىڭىزدە، ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئارىگاتوگوزايماس» (رەھمەت) دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. سىز قايتقاندا ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ: «سايونارا» (خەير-خوش) دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. بۇ ئادەت ئىجتىمائىي ئالاقە مۇراسىملىرىغىمۇ سىڭىپتۇ. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگرامما رىياسەتچىلىرى (ئادەتتە بىر ئەر، بىر ئايال، بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولىدىكەن) پروگرامما باشلانغان چاغدا، ئەگەر كۈندۈزلۈك پروگرامما بولسا، تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرىغا قاراپ: «كونىچىۋا» دەپ تەڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن، ئەگەر كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىنكى پروگرامما بولسا، «كونباڭۋا» (كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن) دەپ تەڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. پروگرامما ئاخىرلاشقاندىمۇ رىياسەتچىلەر يەنە تەڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلىدىكەن. ماگىزىن، ئاشخانا قاتارلىق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا مۇنداق ئېگىلىپ تەزىم قىلىش مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىكەن.

19-مارت قىزىمىز مەرھابا ئوقۇيدىغان توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى يىلىغا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. قىزىمىز مەرھابا ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، سانائەت خىمىيىسى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولغاچقا، ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قاتارىدا بىزمۇ بۇ مۇراسىمغا تەكلىپ بويىچە قاتناشتۇق. مۇراسىم باشلانغاندا، ئون مىڭ كىشى سىغىدىغان بۇ چامباشچىلىق سارىيىنىڭ تەنتەربىيە زالىغا يىغىلغان مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ دۆلەت بايرىقىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

مۇراسىم ,كۆنتەرتىپى بويىچە دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق، باكالاۋىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچىلەر تۈركۈم-تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ سەھنىگە چىقتى. ھەر بىر تۈركۈمدىكىلەر سەھنىگە چىقىپ، بىر قاتار بولۇپ تىزىلغاندىن كېيىن تەلىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى؛ ئىلمىي ئۇنۋان شاھادەتنامىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ سەھنىدىن چۈشتى. مۇراسىمدا سۆزگە چىققۇچىلارمۇ سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى ۋە سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاڭلىشىمىزچە، مۇنداق تەزىم قىلىش ئادىتى پارلامېنت، ھۆكۈمەت يىغىنلىرى ۋە ئاممىۋى يىغىلىشلاردىمۇ بار ئىكەن.

ياپونىيىلىكلەرئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزىنى تۇتۇشقا بەك دىققەت قىلىدىكەن، ئايروپىلان، پويىز، ئاپتوبۇس، پاراخوت قاتارلىق ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىگە چۈشكەندە بولسۇن ياكى كوچا، ماگىزىن، ئاشخانا، كۇلۇپ، باغچا، ۋوگزال قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، ئۈنلۈك سۆزلەشمەيدىكەن، ۋارقىرىشىپ، تالىشىپ-تىللىشىپ كەتمەيدىكەن، قاقاقلاپ كۈلۈشمەيدىكەن، قىستاشمايدىكەن، يول ماڭغاندا بىر-بىرىگە سوقۇلمايدىكەن. توكيودا ئاساسلىق ماتورلۇق قاتناش قورالى پويىز ئىكەن، پويىز شەھەر سىرتىدا يەرنىڭ ئۈستىدە ماڭىدىكەن، شەھەر تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن يەر ئاستى تۆمۈر يولىدا ماڭىدىكەن. توكيودىكى ئىدارە، شىركەت، زاۋۇت، كارخانىلاردا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ بىر قىسمى باشقا جايلاردىن كېلىپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەن ۋە كەچتە ئىشتىن قايتقان چاغدا يەر ئاستى تۆمۈر يولى ۋوگزاللىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدىكەن. ئادەملەر خىزمەت ئورنىغا ياكى ئۆيىگە بالدۇرراق بېرىش ئۈچۈن، ۋاقتى-سائىتىدە كېلىدىغان پويىزغا ئالدىراپ بەك ئىتتىك ماڭىدىكەن، ئەمما بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ كەتمەيدىكەن. يەر ئاستىتۆمۈريول ۋوگزاللىرىدا يۇقىرىغا چىقىش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشتە پەلەمپەيلىك لىفىتتىن پايدىلىنىلىدىكەن. ئادەملەر لىفىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدىكەن، لىفىتنىڭ مېڭىشىغا تاقەت قىلالمىغان ئادەملەر سول تەرەپتە قالدۇرۇلغان بوشلۇقتىن مېڭىپ كېتىدىكەن. لىفىتتا ئىككى ئادەم قاتار تۇرىۋېلىپ، ئالدىرايدىغانلارنىڭ يولىنى توسىۋالىدىغان ئەھۋال بولمايدىكەن. مەيلى بېلەت ئالىدىغان جايدا بولسۇن ياكى لىفىتتا تۇرغان، پويىزغا نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان چاغدا بولسۇن، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىش، قىستىلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدىكەن. پويىزغا چىققاندىن كېيىن ئورۇن تەگكەنلەر ئولتۇرىدىكەن، ئورۇن تەگمىگەنلەر ئۆرە تۇرىدىكەن. ئولتۇرغانلار يا گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ئوقۇيدىكەن، يا ئارام ئېلىپ ئۈگدەپ ئولتۇرىدىكەن. ئۆرە تۇرغانلارمۇ يا گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ئوقۇيدىكەن، يا بوش ئاۋازدا بىر-بىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىدىكەن، ئادەملەرنىڭ كۈلگەنلىكىنى ئاۋازىدىن ئەمەس، چىراي ئىپادىسىدىن بىلگىلى بولىدىكەن، ھەتتا پويىزغا چىققان باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئاممىۋى سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ئىللىق چىراي بىلەن ئاۋال «كەچۈرىسىز» دەۋېتىپ، ئاندىن سورايدىغان گېپىنى ئېيتىدىكەن، ھاجىتىدىن چىققاندىن كېيىن: «ئاۋارە قىلىپ قويدۇم» دەپ رەھمىتىنى ئىزھار قىلىدىكەن. بىز ياپونىيىنىڭ ھەممە شەھەر-يېزىلىرىغا بارالمىدۇق، ئەلۋەتتە. ئەمما ياپونىيىدە بولغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت داۋامىدا 13مىليون ئاھالىسى بار توكيو شەھىرىنى ۋە باشقا بىر مۇنچە

ناھىيە-شەھەرلەرنى ئارىلىدۇق، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئادەم دېڭىزىغا تالاي قېتىملاپ كىردۇق. ئەمما ئەدەب-قائىدىگە يات ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسىگىمۇ دۇچ كەلمىدۇق.

بىز ياپونىيىدە بولغان مەزگىلدە قائىدە-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان لوزۇنكا-پىلاكاتلارنى، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە تاختىلىرىنى كۆرمىدۇق، رادىئو كارنايلىرىدىنمۇ بۇھەقتىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىمىدۇق. پويىز، ئاپتوبۇس قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىدا «پالانچى بېكەتكە كەلدۇق» دېگەن گەپلا ئېيتىلىدىكەن، «بېلەت ئالمىغانلار بېلەت ئېلىڭلار»، «بېلىتىڭلارنى كۆرسىتىپ چۈشۈڭلار» دېگەندەك گەپلەر ئېيتىلمايدىكەن. پويىز بېلىتى، سەيلە بېلىتى ئالىدىغان يەردە بولسا ئادەملەر نۆۋەت بىلەن ئۆزلىكىدىن تىزىلىپ تۇرىدىكەن، پويىزغا چىقىدىغان ياكى سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىغا كىرىدىغان چاغدا ئاڭلىق ھالدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ئالدىغا ئۆتۈۋالىدىغان، ئارىغا قىستىلىپ كىرىۋالىدىغان ئەھۋال بولمايدىكەن. پويىز بېلىتى ساتىدىغان جايدا ھەرقايسى لىنىيىلەرگە بارىدىغان پويىز ۋوگزاللىرىنىڭ ئىسمى، بېلەت باھاسى تاختىغا يېزىپ قويۇلىدىكەن. يولۇچىلار ئاپتوماتىك بېلەت سېتىش ئورنىدىن ئۆزى بارىدىغان جاينىڭ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ، ۋوگزال ئىچىگە كىرىدىغان جايدىكى ئاپتوماتىك بېلەت تاشلاش تۆشۈكىگە سالىدىكەن، بېلەت تەلەپكە لايىق بولمىسا (پۇلى كەم ياكى ۋاقتى ئۆتكەن بولسا)، بېلەت تۆشۈكتىن ئاپتوماتىك قايتىپ چىقىدىكەن، ئۇچاغدا قايتىدىن بېلەت ئېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ۋوگزالغا كىرىۋاتقانلارنى نازارەت قىلىدىغان ئادەم بولمايدىكەن، پويىزغا چىقىدىغان چاغدىمۇ بېلەت تەكشۈرگۈچى بولمايدىكەن. ئەمما يولۇچىلار ھەرگىز ساختىلىق قىلمايدىكەن (ۋوگزالغا كىرىدىغان جايدىكى ئۈچ بالداقلىق توسۇقنىڭ ئاستىدىن بېلەت ئالماي ئۆتۈپ كەتسە كىرىۋېرىدىكەن).

ئادەملەر كوچىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان چاغدا قىزىل چىراق ۋە يېشىل چىراققا قاتتىق رىئايە قىلىدىكەن. قىزىل چىراق يانغان چاغدا، مەيلى يولدا ئاپتوبۇس، پىكاپ، يۈك ئاپتوموبىللىرى بولسۇن-بولمىسۇن، يولدىن قەتئىي كېسىپ ئۆتمەيدىكەن. يولدىن كېسىپ ئۆتكۈچىلەر يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا يېشىل -قىزىل چىراقلار ئالمىشىپ قالسا، يېشىل چىراقنىڭ يېنىشىنى ساقلاپ تۇرغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ بولغىچە كۈتۈپ تۇرىدىكەن. ھەرخىل ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى ئۆزىگە يول بەرگەن ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىغا ئاپتوموبىل دەرىزىسىدىن بىر قولىنى چىقىرىپ رەھمەت ئېيتىدىكەن ياكى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدىكى چىرىغىنى ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ رەھمىتىنى بىلدۈرىدىكەن.

ياپونىيە ياشلىرىنىڭ ئەمگەك كۆزقارىشىمۇ ناھايىتى ياخشى ئىكەن. مەكتەپلەر تەتىلگە قويۇپ بەرگەن مەزگىلدە ياكى شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتوموبىل يۇيۇش، بېنزىن قاچىلاش، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىدا بېلەت يىغىش ، چۈشەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى تالاي قېتىملاپ كۆردۇق.

بىز ياپونىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ياپونىيىلىكلەرنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بۇ قېتىم ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بىز 8-مارتتا ئامېرىكا غەربىي شىمال

ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن توكيو نارىتا ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدۇق. بىز بېيجىڭدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ياپونىيىدىكى پەرزەنتلىرىمىز بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەندۇق، بىزنىڭ بېيجىڭدىن سائەت نەچچىدە ئۇچىدىغانلىقىمىز، توكيوغا سائەت نەچچىدە يېتىپ بارىدىغانلىقىمىز ئۇلارغا ئايان ئىدى. ئەمما بىز نارىتا ئايرودرومىدىن ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ يۈك-تاقلىرىمىزنى ئېلىپ، ئالدىنقى زالغا چىققىنىمىزدا، ئۇ يەردە بىزنى كۈتۈۋالىدىغان پەرزەنتلىرىمىز كۆرۈنمىدى. ياپونچىنى بىلمەيدىغانلىقىمىز، بارىدىغان جايغا قانداق بېرىشنىمۇ خەۋىرىمىز بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي، تىت-تىت بولۇپ كەتتۇق. بىز ئايروپىلاندا تونۇشۇپ قالغان، ئىچكى موڭغۇلدىن توكيوغا ماڭغان بىر موڭغۇل يىگىت بىزنىڭ پەرىشان ھالىمىزنى ھېس قىلدى بولغاي، يېنىمىزغا كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ بىزدىن قىزىمىزنىڭ ئىسمى، ئادرېسى، ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سوراپ بىر قەغەزگە يېزىپ، مۇلازىمەت ئورنىدىكى خادىملارنىڭ يېنىغا باردى-دە، ئۇلارغا ياپونچە بىر نېمىلەرنى دېدى. شۇھالدا مىكرافوندىن مەرھابانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئاۋاز ياڭرىدى. ھېلىقى موڭغۇل يىگىت بىزگە ئۇلارنىڭ «توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەرھابا، ئاتا-ئانىڭىز ئالدىنقى زالدا سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. موڭغۇل يىگىتنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىلگىرى بېيجىڭدىن توكيوغا ئۇچقان ئايروپىلان بېيجىڭ-شاڭخەي-توكيو لىنىيىسى بويىچە ئۇچقاچقا، توكيوغا تۆت سائەتتە يېتىپ كېلەتتىكەن، بىز چۈشكەن ئايروپىلان يېڭىدىن ئېچىلغان بېيجىڭ-كورىيە-توكيو لىنىيىسى بويىچە ئۇچقاچقا، نارىتا ئايرودرومىغا ئىككى يېرىم سائەتتىلا يېتىپ كەپتىمىز. بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، پەرزەنتلىرىمىز ئەسلىدىكى ۋاقىت بويىچە ئالدىمىزغا چىقىشنى ئويلاشقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى. يۇقىرىقى ئېلان يېنىش-يېنىشلاپ ئاڭلىتىلدى. بۇ ئېلاننىڭ دەماللىققا ئۈنۈمى بولمىغان بولسىمۇ، ياپونىيە ئاۋىئاتسىيە مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ مۇنداق قىزغىن مۇئامىلىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇق. ئۇلار يەنە قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپتۇ، تېلېفوننى ھېچكىم ئالماپتۇ، ئۇلار بۇنىڭغا قاراپ: «پەرزەنتلىرىڭلار يولدا كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، ئەنسىرىمەڭلار» دەپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى. دېگەندەك، ئايروپىلاننىڭ ئەسلىدىكى يېتىپ كېلىش ۋاقتىغا يېرىم سائەت قالغاندا قىزىمىز مەرھابا بىلەن ئوغلىمىز پەرھات يېتىپ كەلدى، چوڭ ئوغلىمىز جۈرئەت شىركەتنىڭ خىزمىتى بىلەن شياڭگاڭغا كوماندىرۇپكىغا كەتكەچكە، ئالدىمىزغا چىقالماپتۇ. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئايرودرومغا ۋاقتىدا كېلەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ھېلىقى موڭغۇل يىگىتنىڭ ۋە ئايرودروم مۇلازىمەت ئورنىدىكى ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ چىقتى.

ياپونىيە ئاۋىئاتسىيە خادىملىرىنىڭ قىزغىن مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى بىز ياپونىيىدىن قايتىدىغان چاغدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. بىز بېيجىڭدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ياپونىيىدىكى پەرزەنتلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ياپونىيىدىن قايتىشىمىزدا شياڭگاڭ ئارقىلىق قايتىدىغان بولۇپ، 1-ئىيۇن توكيودىن شياڭگاڭغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى ئالغاندۇق. بىز توكيودىن يولغا چىقىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن قىزىمىزنىڭ ئۆيىدىن نارىتا ئايرودرومىنىڭ مۇلازىمەت ئورنىغا تېلېفون بېرىپ، ئايروپىلان بېلىتىنىڭ ۋاقتىنى 30-ئاپرېلغا ئۆزگەرتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. مۇلازىمەت ئورنىدىكىلەر كومپيۇتېر ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، بېلەتنىڭ ۋاقتىنى شۇھامان تېلېفون ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئۈچۈن 30 كىلومېتىرچە يول بېسىپ نارىتا ئايرودرومىغا بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. 30-ئاپرېل بىز «JAL» (ياپونىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى) نىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا چىقىشىمىز ھامان ئايروپىلاندىكى بىر مۇلازىمەتچى نەۋرىمىز ئىپتىخار ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بىر پلاستماسسا (سۇلياۋ) بەلگىنى چاپلاپ قويدى ھەم ئۇ قىز راۋان خەنزۇ تىلىدا:

-بۇ بالا بۇ قېتىمقى نۆۋەتچى ئايروپىلانىمىزغا چۈشكەن بىردىنبىر كىچىك يولۇچى، بۇ بەلگە بۇ كىچىك يولۇچى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئايروپىلاندا خەنزۇچە بىلىدىغان مۇلازىمەتچى يالغۇز مەنلا، بىرەر ئىشىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار، -دېدى. ئايروپىلاندىكى مۇلازىمەتچىلەر يولۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىزغىن خىزمەتتە بولدى. شياڭگاڭغا بارغىچە بولغان سەپەر ئۈستىدە نەۋرىمىزنى ئالاھىدە كۈتتى. مۇلازىمەتچىلەر بىرىدىن كېيىن بىرى كېلىپ، نەۋرىمىزگە خالتىلىق يېمەكلىك، ئىچىملىك، ئايروپىلان مودېلى، قارتا، ھەرخىل ئويۇنچۇقلارنى ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى، يول بويى يولۇچىلارغا بېرىلىدىغان تاماقمۇ نەۋرىمىزگە ئاتاپ ئالاھىدە تەييارلىنىپتۇ. ئارىلىقتا ئايروپىلان مۇلازىمەتچىلىرى نەۋرىمىزنى ئېلىپ كېتىپ، بىرھازاغىچە ئوينىتىپ ئەكېلىپ قويدى، ئۇ، يېنىمىزغا قايتىپ كەلگەندە يەنە بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ.

بىز ياپونىيىدە بولغان مەزگىلدە ھەرخىل مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ خېرىدارلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىزغىن مۇلازىمەت قىلغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار خېرىدارلار رازى قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي بۇرچى دەپ قارايدىكەن، شۇڭا خېرىدار ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ياشانغان بولسۇن ياكى ئۆسمۈر-بالا بولسۇن، ياپونىيىلىك بولسۇن ياكى چەت ئەللىك بولسۇن، سېرىق تەنلىك بولسۇن ياكى ئاق تەنلىك بولسۇن ۋە ياكى قارا تەنلىك بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىكەن. مەيلى قىممەت باھالىق نەفىس ماللار ماگىزىنىدا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىلىدىغان ماگىزىنلاردا بولسۇن، خېرىدار ماگىزىنغا ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا مال ساتقۇچىلار: «خۇش كەپسىلەر» دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، خېرىدارنى كۈتۈۋالىدىكەن. خېرىدارلار مەيلى بۇ ماگىزىندىن مال ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، ئۇلار ماگىزىندىن چىقىدىغان چاغدا مال ساتقۇچىلار: «ماگىزىنىمىزغا يەنە كېلىپ تۇرارسىلەر» دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. مال ساتقۇچىلارنىڭ چىرايىدا ھەر ۋاقىت ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرىدىكەن.

يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تۆمۈر يول ۋوگزاللىرىنىڭ بېلەت سېتىش ئورنى يېنىدا يۇمىلاق بېتون تۈۋرۈكلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ياسالغان ژۇرنال جاۋەنلىرى ياكى ئايرىم ياسالغان ژۇرنال جاۋەنلىرى، ئۈستەللەر رەڭلىك-رەڭگىز بېسىلغان 16 فورماتلىق باسما ماتېرىياللار بىلەن تولغان بولىدىكەن. بۇ باسما ماتېرىياللارنىڭ نېپىزلىرى سەككىز-ئون بەتلىك، قېلىنلىرى 20-30 بەتلىك بولىدىكەن. بۇلاردا ياپونىيىدىكى ۋىلايەت-شەھەرلەر، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ

ئومۇمىي ئەھۋالى يېزىق، سۈرەت ۋە خەرىتىلەر ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلىدىكەن. سەپەر قوللانمىسى رولىنى ئوينايدىغان بۇ باسما ماتېرىياللار بىلەن يولۇچىلار ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. يولۇچىلار بۇ سەپەر قوللانمىلىرىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ماتورلۇق قاتناش قورالى، قاتناش ۋاقتى بويىچە بىلەت ئېلىپ يولغا چىقىدىكەن. تۆمۈر يول ۋوگزاللىرىدا يەنە مۇشۇ لىنىيىدىكى پويىزلارنىڭ ئەتىگەن سائەت بەشتىن كېچە سائەت بىرگىچە قاتنايدىغان ۋاقتى سائەت، مىنۇتلىرى بويىچە كۆرسىتىلگەن ۋەرەقىلەر قويۇپ قويۇلىدىكەن. يولۇچىلار بۇ ۋەرەقىلەرنى ئېلىپ يېنىدا ساقلاپ قويىدىكەن ۋە سەپەرگە چىققاندا ۋەرەقىدىكى ۋاقىت بويىچە ۋوگزالغا بېرىپ، پويىز بىلىتى ئېلىپ يولغا راۋان بولىدىكەن. چوڭراق ۋوگزاللاردا چامادان-سومكا ئېلىپ ماڭغان يولۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن ھاجەتخانا يېنىغا ئىشكى ئايرىم-ئايرىم پولات ساندۇقلار قويۇلىدىكەن. يولۇچىلار نەرسە-كېرەكلىرىنى ئاشۇ پولات ساندۇقلارغا سېلىپ، ئاچقۇچىنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا كىرىدىكەن (ساندۇق ھەققى ھەر قېتىمدا 100يىن ئىكەن)، قايتقاندا نەرسە-كېرەكلىرىنى پولات ساندۇقتىن ئېلىپ، ساندۇقنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى ساندۇق ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.

## مۇھىت ۋە تازىلىق

ياپونىيىنىڭ مۇھىتى ئۈستىدە سۆز بولغاندا، تەبىئەتنىڭ بۇ ئاراللار مەملىكىتىگە ئاتا قىلغان گۈزەل مۇھىتى ۋە ئەمگەكچان ياپونىيە خەلقىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ بەرپا قىلغان مۇھىت گۈزەللىكىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ياپونىيە سانائەت دۆلىتى بولغان بىلەن ھاۋادىكى بۇلغىنىش ناھايىتى ئاز ئىكەن. ھاۋاسىنىڭ ئەسلىدىلا ناھايىتى پاكىز ئىكەنلىكى ۋە سانائەت بۇلغانمىلىرىنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى نەتىجىسىدە شەھەر-بازارلارنىڭ ھاۋاسى يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە پاكىز تۇرىدىكەن. يېزا-قىشلاقلارنىڭ ھاۋاسىنىڭ پاكىزلىقىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بىز ياپونىيىگە بېرىپ، 3-كۈنى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىدىكى ئادىتىم بويىچە تېلېۋىزور ئېكرانىنى تازىلانغان پاختا بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدىم. قىزىم مەرھابا بۇ ئىشىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

-دادا، بۇيەردە تېلېۋىزور ئېكرانىنى ھەپتىدە بىر سۈرتسىڭىزمۇ ھېچنېمە چىقمايدۇ، -دېدى. دېمىسىمۇ قولۇمدىكى پاختىغا تېلېۋىزور ئېكرانىدىن چاڭ-توزان چىقمىدى. كېيىن بىز چوڭ-كىچىك شەھەرلەرنى، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىنى ئارىلاش-كۆرۈش داۋامىدا ياپونىيە مۇھىتىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ۋە پاكىزلىقىنى كۆردۇق. ھاۋا پاكىز بولغاچقا، ئۆي-ئىمارەتلەرگە بېرىلگەن سىر-سۇۋاقلارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ياكى بۇلغىنىپ كەتمەيدىكەن؛ دەل-دەرەخلەرنىڭ، بولۇپمۇ چوڭ يوپۇرماقلىق دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ھەمىشە خۇددى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن؛ ئاق كىيىم-كېچەكلەر بىر ھەپتىگىچە، ئىشىك-دېرىزە پەردىلىرى بىر ئايغىچە كىر بولماي پاكىز تۇرىدىكەن.

ياپونىيىلىكلەر مۇھىت گۈزەللىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىكەن. چوڭ-كىچىك كوچىلارنىڭ ئىككى يېقى ۋە شىركەت-ئىدارىلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدا مەنزىرىلىك دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالار ئۆستۈرۈلىدىكەن. شەھەر ئەتراپى ۋە بازارلاردا مەخسۇس كىشى پەرۋىش قىلىدىغان كۆكەرتىش ئورۇنلىرى بولىدىكەن. يەسلى، باللار باغچىسىدىن تارتىپ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگىچە بولغان تەلىم-تەربىيە ئورۇنلىرى باغۇ-بوستانلىق ئىچىدە ئىكەن. باغچىلار، سەيلى-ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مەنزىرىسى كىشىنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدىكەن. بىز 13-ئاپرېل توكيودىكى خىبىيا باغچىسىغا كىردۇق. باغچا ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى، دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالىرىنىڭ گۈزەللىكى، كۆل-ئېرىقلاردىكى سۇلارنىڭ سۈزۈكلىكى كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. بىز 20-ئاپرېل ياپونىيىدىكى ئەڭ چوڭ سەيلە-ساياھەت ئورنى - توكيو دىسنېي شادلىق بېغىغا بارغىنىمىزدا، ئۇنىڭ مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ھەيران قالدۇق. ئامېرىكىدىكى دىسنېي شادلىق بېغىغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان بۇ شادلىق بېغىغا ھەددى-ھېسابسىز مەبلەغ سېلىنغان بولسا كېرەك. باغنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنى دېمەيلا قويايلى، باغ ئالدىدىكى دەل-دەرەخ، چىمەنزارلىقلاردىنلا ياپونىيىلىكلەرنىڭ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇھىت گۈزەللىكىگە ياپونىيە ئاھالىلىرىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن. چوڭ شەھەرلەردە ئاھالىلەرخىش-بېتون قۇرۇلمىلىق كۆپ قەۋەتلىك بىنا ئۆيدە تۇرغان بىلەن شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا ۋە كىچىك شەھەر-بازارلاردا ئاھالىلەر كۆپىنچە ئۆزلىرى سېلىۋالغان ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. مۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئازغىنا بوش يەردىن (ياپونىيىدە يەرنىڭ قىسلىقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك) دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالار ئورۇن ئالىدىكەن. بۇ دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالار-مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغاندىن سىرت، قورۇق تام (توساق) رولىنىمۇ ئوينايدىكەن. ئۆينىڭ ئەتراپىغا كۆپىنچە 50-60سانتىمېتر ئېگىزلىكتە خىش تام قوپۇرۇلۇپ، تام ئىچىگە دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالار قويۇلىدىكەن. دەل-دەرەخلەرنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئۈستى پات-پات قايچىلىنىپ تەكشىلىنىپ تۇرغاچقا، بەئەينى تامدەك كۆرۈنىدىكەن.

دۆلەت ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى ئورۇنلىرى مۇھىت تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاشقا يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىدىكەن. ئەخلەت توشۇش ئاپتوموبىللىرى ئەخلەت قويۇش ئورۇنلىرىغا قويۇلغان ئەخلەتلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا توشۇپ ئېلىپ كېتىدىكەن. قىزىمىز مەرھابا تۇرىدىغان جايدا يىغىلغان ئەخلەتلەر ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم توشۇپ كېتىلىدىكەن. ئەخلەتلەر «كۆيىدىغان ئەخلەت» ۋە «كۆيمەيدىغان ئەخلەت» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدىكەن. مېتال، ئەينەك، پلاستماسسىغا ئوخشاش كۆيمەيدىغان ئەخلەتلەر ھەپتىسىگە بىر قېتىم توشۇلىدىكەن. بۇكۈن مۇقىم بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ئاھالىلەر ئەخلەت توشۇپ كېتىلىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ياكى شۇكۈنى سەھەردە مۇنداق ئەخلەتلەرنى ئاپئاق پلاستماسسا خالتىلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، ئەخلەت قويۇلىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ چىقىپ قويىدىكەن. كۆيىدىغان ئەخلەتلەر (قەغەز، مېۋە-چېۋە شۆپۈكى، ياغاچ قاتارلىقلار) مۇ ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم ئاپئاق پلاستماسسا خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئەخلەت قويۇلىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ چىقىپ قويۇلىدىكەن. تازىلىق كىيىمى كىيگەن، بۇرنىغا ماسكا تاقىغان تازىلىق ئىشچىلىرى زاۋۇتتىن يېڭىلا چىققاندەك پارقىراپ تۇرغان ئەخلەت توشۇش ئاپتوموبىلى بىلەن كېلىپ

ئەخلەتلەرنى ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ چوڭلۇقى بىزدىكى مىنىبۇسلارنىڭ چوڭلۇقىدەك كېلىدىكەن. ئاپتوموبىلنىڭ ئۈستى يېپىق بولۇپ، ئەخلەت ئارقا تەرىپىدىن سېلىنىدىكەن. ئاپتوموبىلنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئايلىنىدىغان يەنچىگۈچ بار ئىكەن، ئەخلەتلەر يەنچىگۈچ ئارقىلىق يەنچىلىپ، ھەجمى ئىخچاملىنىدىكەن. شۇڭا ئاپتوموبىل كىچىك بولسىمۇ، نۇرغۇن ئەخلەتلەرنى توشۇپ كېتەلەيدىكەن. ئەخلەتلەر خالتىغا قاچىلانغان بولغاچقا، سېسىق پۇراق سىرتقا چىقمايدىكەن ۋە چىۋىن-قۇرتلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولمايدىكەن. ئەخلەت قويۇش ئورنىغا ئۆيدىن چىققان ئەخلەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۆيگە سىغمىغان ياكى ئۆي ئىگىسى ئەمدى كېرىكى يوق دەپ قارىغان تېلېۋىزور، دوخوپكا، ئۈنئالغۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئىشكاپ، ئۈستەل، كىتاب جاۋىنى قاتارلىق ئۆي جاھازلىرى ۋە كىتاب-ژۇرناللارمۇ ئېلىپ چىقىپ قويۇلىدىكەن. بىز مەيلى توكيو شەھىرى ئىچىدە بولسۇن ياكى باشقا شەھەر-بازارلار، يېزا-قىشلاقلاردا بولسۇن، كوچىلارغا، ئىشىك ئالدىلىرىغا تاشلاپ قويۇلغان ئەخلەتلەرنى كۆرمىدۇق. شەھەر ئىچىدىكى چوڭراق ۋوكزال قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەخلەتلەر تۈرى بىلەن تاشلىنىدىغان ئايرىم-ئايرىم ئەخلەت ساندۇقلىرى قويۇپ قويۇلىدىكەن. ھەر بىر ئەخلەت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان ئەخلەت تۈرى ياپونچە ۋە ئىنگلىزچە يېزىپ قويۇلغاندىن سىرت، ئەخلەتنىڭ رەسىمى سىزىپ قويۇلىدىكەن.

ئاھالىلەر شەخسىي تازىلىققا بەك رىئايە قىلىدىكەن. بىز پويىز، ئاپتوبۇس، بازار، ماگىزىن، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرى قاتارلىق ھەرخىل كىشىلەر توپلىنىدىغان جايلاردا چاچ-ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىم-كېچىكى ۋە بەدىنىدىن بەتبۇي پۇراپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرمىدۇق. كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچىكى ئىقتىسادىي كىرىمىگە قاراپ پەرقلىنىدىغانلىقى تەبىئىي، ئەمما ئاددىي كىيىم كىيگەن ئاھالىلەرنىڭمۇ كىيىمى يۇيۇلۇپ دەزماللانغان، يۈز-كۆزى پاكىز ئىدى. كېيىن بىز ياپونىيىدە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىز ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇق. بۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرى، ياپونىيىلىكلەر تازىلىققا رىئايە قىلىشنى مەدەنىيەتلىك يۇقىرى بولۇشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايدىغان بولغاچقا، بەدەن تازىلىقى، كىيىم-كېچەك تازىلىقى، ئۆي ئىچى ۋە ئاممىۋى سورۇن تازىلىقىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىكەن، ئەخلەت ۋە تاشلاندۇق نەرسىلەرنى كۆرۈنگەنلا يەرگە تاشلىمايدىكەن؛ كۆرۈنگەن يەرگە تۈكۈرىدىغان، مىشقىرىدىغان، يەل قويۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلمايدىكەن؛ مېۋە-چېۋە، كۆكتات، بېلىق، توخوگۆشى قاتارلىق پۇراق چىقىرىدىغان نەرسىلەر ماگىزىنغا سېلىنغاندا پلاستماسسا خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئاغزى پېچەتلەنگەن بولغاچقا، ئۇلارنى ئاممىۋى قاتناش قوراللىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا ئېلىپ كىرگەندە، كىشىلەرنى سەسكەندۈرىدىغان پۇراق چىقمايدىكەن. ئىككىنچى سەۋەب، كىشىلەرنىڭ دائىم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى، كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيۇپ دەزماللاپ كىيىشى، ئىشتىن چۈشكەندىن ياكى قازان بېشىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن يۈز-قولىنى يۇيۇپ تازىلىشىغا شارائىت بار ئىكەن. ياپونىيە ئاھالىلىرى ئومۇميۈزلۈك سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىدىكەن، يۇيۇنۇش ۋە قاچا-قۇچا يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ گاز بىلەن ئىسسىتىلىدىكەن. ئۆيلەردە سوغۇق سۇ ۋە ئىسسىق سۇ تۇرۇبىسى ئايرىم بولىدىكەن. ئىسسىق سۇ كونۇپكىسى بېسىلىپ 30سېكونتتىن كېيىن مۇنچا ۋە چىنە-قاچا يۇيىدىغان يەردە ئىسسىق سۇ ھازىر بولىدىكەن. بىز ياپونىيىدىكى سەيلە-ساياھىتىمىز داۋامىدا ئېگىز تاغلىق جايلاردىن ئۆتكىنىمىزدە تاغ ئۈستىدە يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تۈۋرۈكلىرى تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. دېمەك، توك ۋە سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ياپونىيىدە ھەممىلا جايدا ئومۇملاشقان، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئاھالىسىگە بەدىنى ۋە كىيىم-كېچىكى پاكىز بولۇش شارائىتى ھازىرلانغان.

ياپونىيىنىڭ مۇھىت تازىلىقى، گۈزەللىكى ۋە ياپونىيىلىكلەرنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلىش ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ياپونىيىدىكى ھاجەتخانىلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن. ھەممىلا ئائىلىدە پاكىز ھاجەتخانا بولغاندىن سىرت، كوچا-كويلاردا، تۆمۈريول ۋوكزاللىرىدا ئاممىۋى ھاجەتخانىلار بولىدىكەن. سۇ بىلەن تەمىنلەش بىر سېكونتمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىلار ھەرقانداق ۋاقىتتا پاكىز تۇرىدىكەن. ياپونىيىدە ھەرقانداق ھاجەتخانىغا كىرگەن كىشىدىن ھەق ئېلىنمايدىكەن. ھاجەتخانىغا ئالىي دەرىجىلىك ئاق ۋە يۇمشاق تەرەت قەغەزلىرى قويۇلىدىكەن. چوڭراق بەر ئاستى تۆمۈر يولى ۋوكزاللىرىدىكى ھاجەتخانىلارنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىدە قول يۇيىدىغان جايغا قاتارىسىغا يوغان تاش ئەينەكلەر قويۇلىدىكەن، قول يۇيىدىغان جايدىكى جۈمەكلەرنىڭ بىرىدىن ئىسسىق سۇ، بىرىدىن سوغۇق سۇ چۈشىدىكەن. توكيو شەھىرى ئىچىدىكى بەزى ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ جۈمىكىدىن سۇ ئاپتوماتىك چۈشىدىكەن يەنى قولىڭىزنى جۈمەك ئاستىغا تۇتسىڭىز، سۇچۈشىدىكەن، قولىڭىزنى تارتىۋالسىڭىز، سۇ ئۈزۈلىدىن توختاپ قالىدىكەن. بىز 9-ئاپرېل فۇجى تېغىغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ياماناكاكو، يەنى «تاغ ئارىسىدىكى كۆل» دەپ ئاتىلىدىغان كۆل بويىدا توختاپ ئارام ئالدۇق. بۇ يەردىكى ئاممىۋى ھاجەتخانە دىققىتىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ ھاجەتخانە ئاددىي بولغىنى بىلەن ئىچى - تېشى پاكىز ئىدى. ئەر-ئاياللار ھاجەتخانىسى ئايرىم-ئايرىم بولۇپ، كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك ئادەم رەسىمى بىلەن ئايرىپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ ھاجەتخانا سەيلە-ساياھەت رايونىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانا بولغاچقا، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە قولايلىق بولۇشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھاجەتخانا ئالدىدىكى ياغاچ تاختىغا «ھاجەتخانا» دېگەن خەت ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، كورىيانچە، ئىسپانچە، ھىندونېزىيىچە، گېرمانچە، فرانسۇزچىدىن ئىبارەت يەتتە خىل يېزىقتا يېزىلغانىدى. بىز چەت-ياقىغا جايلاشقان مۇنداق ھاجەتخانىلارنى گۇنما ۋىلايىتىدىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان خاشىموتو ئارشىڭىدا، سىكۇبا تېغى باغچىسىدا، ئۇلۇغ ئوكيان بويىدىكى ئوئاراي ئوكيان باغچىسىدا ۋە باشقا جايلاردىمۇ ئۇچراتتۇق.

## ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە ۋە جەمئىيەت تەرتىپى

ياپونىيىدىكى ئاھالىلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدا ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن. ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە ئائىلىدىن ۋە يەسلى، بالىلار باغچىسىدىن باشلاپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئېلىپ بېرىلىدىكەن.

ياپونىيىدە مۇنتىزىم يەسلى ۋە بالىلار باغچىسىنىڭ مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تەربىيىچىلىرى ۋە مۇكەممەل پائالىيەت سورۇنلىرى بولغاندىن تاشقىرى، مەھەللە -كوچىلاردا يەسلى،

باغچا يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئىختىيارىي پائالىيەت سورۇنلىرى بولىدىكەن. بۇ پائالىيەت سورۇنلىرى باغ-چىمەنزار بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان پەرۋىش قىلىنىدىكەن. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى، بوۋاي-مومايلار نەۋرىلىرىنى بۇ پائالىيەت سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ھەقسىز ئوينىتىپ كېلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئادەتتىكىلىرىدە ئىلەنگۈچ، سىيرىلغۇچ، لىڭگىرتاقتاق قاتارلىق جاھازلارلا بولىدىكەن، مۇكەممەلرەكلىرىدە بولسا ئورۇندۇقلۇق ئىلەنگۈچ، كىچىك ئاپتوموبىل، پىرقىرىغۇچ ماشىنا قاتارلىق جاھازلار بولىدىكەن. ئائىلىلىكلەر بىنالىرى ئالدىدا بالىلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان كىچىك ۋېلسىپىت، ئويۇنچۇق ماشىنىلار ۋە ھەرخىل ئويۇنچۇقلار قويۇپ قويۇلىدىكەن، شۇ ئەتراپتىكى يەسلى، باغچا يېشىدىكى بالىلار بۇلاردىن ئەركىن پايدىلىنىدىكەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ياكى تەتىل كۈنلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بالىلارغا ئاتاپ مەخسۇس پراگراممىلارنى كۆرسىتىدىكەن. بۇ پروگراممىلارنىڭ ئىدىيىسى ساغلام، ئىشلىنىش سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، بالىلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ھەر جەھەتتىكى بىلىمىنى ئاشۇرۇش، ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەب-قائىدىلىك، تىرىشچان-ئەمگەكچان قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە تەربىيىۋى رولى چوڭ ئىكەن. ياپونىيىدە ئىشلەنگەن بالىلارغا ئائىت «ئەقىللىق يىشيۇ»، «مىم» قاتارلىق نۇرغۇن قونچاق فىلىملار مەملىكىتىمىزدە قويۇلغانىدى. بىز ياپونىيىدە بولغان مەزگىلىمىزدە بالىلارغا ئاتاپ ئىشلەنگەن نۇرغۇن مەخسۇس پروگراممىلارنى ۋە «ئاچكۆز بۆرىنىڭ ئاقىۋىتى» قاتارلىق بىرمۇنچە ئېسىل قونچاق فىلىملارنى تېلېۋىزوردىن كۆردۇق. ياپونىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاساسەن ياپونىيىدە ئىشلەنگەن فىلىملارنى كۆرسىتىدىكەن، بۇ فىلىملاردا تېررورلۇق، جىنايەت، ئۇرۇش مەزمۇنلىرى يوق دېيەرلىك بولىدىكەن. چەتئەل فىلىملىرى ھەپتىسىگە بىر قېتىملا كۆرسىتىلىدىكەن، بۇ فىلىملارنى تاللاشتىمۇ ئۇلارنىڭ تەربىيىۋى رولىغا ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن. بالىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەربىيە بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش مەقسىتىدە بولسا كېرەك، كېچە سائەت 12دىن بۇرۇن تېلېۋىزوردا ئىشق-مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن فىلىملار كۆرسىتىلمەيدىكەن.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر تۈتاش مەكتەپ فورمىسى كىيىدىكەن. مەكتەپ فورمىسىنىڭ رەختى، پاسونى بىر تۈتاش بەلگىلەنگەچكە، باي ئائىلىنىڭ بالىلىرىمۇ مەكتەپكە ئالاھىدە كىيىنىپ كەلمەيدىكەن، ئوقۇغۇچى قىزلار قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقىمايدىكەن.

ئالىي مەكتەپلەر يىلىغا بىر قېتىم مەكتەپ خاتىرىسى باستۇرۇپ تۈرىدىكەن. بۇ مەكتەپ خاتىرىسىدە شۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى يېزىق ۋە سۈرەت بىلەن تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، ھەرقايسى فاكۇلتېتلارغا ئايرىم-ئايرىم سەھىپە ئاجرىتىلىدىكەن، بۇ سەھىپىلەرمۇ يېزىق ۋە سۈرەت بىلەن ئىپادىلىنىدىكەن. مەكتەپ خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىدا شۇ يىلى دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغانلار ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ باكالاۋرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغانلارنىڭ ئىسىملىرى بېرىلىدىكەن. قېلىن ئاق مەتبەئە قەغىزىگە بېسىلىدىغان بۇ مەكتەپ خاتىرىسى ياخشى لايىھىلەنگەن ۋە سۈپەتلىك بېسىلغان بولغاچقا، شۇ يىلى بۇ مەكتەپنى تۈگەتكەن ياكى شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالىدىكەن. ھەر يىلى ئوتتۇز ئولۇپ تۈرىدىغان مەكتەپ پۈتتۈرۈش ۋە ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش مۇراسىملىرىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالىدىكەن. ئالىي مەكتەپلەردە يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تارقىتىلىدىكەن. ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىمۇ تارقىتىدىكەن. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئوخشاش بولمايدىكەن، يۇقىرى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئوتتۇرا ھال خىزمەتچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە تەڭ كېلىدىكەن. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالغانلار بۇ پۇل ئارقىلىق ئوقۇش ھەققى تاپشۇرغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كەم-كۈتىسىنى تولۇقلىۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيدىكەن. ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ھەر ئايدا بېرىلىدىكەن.

ئەمدى توكيو دىسنېي شادلىق بېغىغا ئوخشاش يۇقىرى ئېستېمال سەۋىيىسىگە ئىگە سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىغا كەلسەك، ئۇلاردا بالىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئاتاپ تەييارلانغان ئويۇن-تاماشا تۈرلىرى ئىنتايىن مول ئىكەن. ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ توكيو دىسنېي شادلىق بېغىغا ئېلىپ بېرىپ، بالىلىرىغا بۇ باغنى كۆرسىتىدىكەن. بۇشادلىق بېغىنىڭ ئىشىك بېلىتى قىممەت بولغاچقا، بالىلىرىغا بۇ باغنى كۆرسىتىش تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولغان ئائىلىلەرگە ئاسانغا توختىمايدىكەن. بىر بېلەتنىڭ باھاسى چوڭلارغا 4000يىن (جۇڭگو پۇلى ھېسابىدا 260 يۈەن، بىز ياپونىيىدە چاغدىكى ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىكىلىرىمۇ شۇنداق)، بالىلارغا يېرىم باھا ئىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بېلەت ئالدىن سېتىلىپ تۈگەيدىكەن. بىز بۇ شادلىق بېغىغا 28-مارتتا 1-قېتىم بېرىپ، بېلەت ئالالماي قايتىپ كەتكەندۇق، 2-قېتىمدا ئالدىنئالا بېلەت ئېلىپ، 20-ئاپرېلدا كۆرۈپ -ئايلىنىپ چىقتۇق. دېمەك، توكيو شەھەر ئاھالىسى ۋە ياپونىيىنىڭ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ بۇ شادلىق بېغىنى كۆرمەكچى بولغانلار، ئازدېگەندە ئۈچ-تۆت كۈن بۇرۇن كېلىپ بېلەت ئالىدىكەن.

ئىجتىمائىي تەربىيە ياپونىيىلىكلەرنى ئاھالىسىنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپى مۇقىم ئىكەن، ئوغرىلىق-بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، ئۇرۇش-جېدەل ئاز كۆرۈلىدىكەن. ئاھالىلەر قورۇجايىنىڭ ئەتراپىغا كۆپىنچە قورۇق تام سوقمايدىكەن، قورۇق تام رولىنى دەل-دەرەخ، گۈل-گىيالار ئۆتەيدىكەن. دەرۋازىسى بىر مېتىرئېگىزلىكتىكى تۆمۈر دەرۋازا ئىكەن، قورۇ ئىچىگە پىكاپ، موتسىكلىت، ۋېلسىپىت قاتارلىق نەرسىلەر قويۇپ قويۇلىدىكەن. بىز توكيو شەھىرىگە بېرىش -قايتىشتا دائىم بارىدىغان ئۇنگا ۋوگزالى يېنىدا بىر ۋېلسىپىت قويۇش مەيدانى بار ئىكەن. پويىزغا چۈشىدىغانلار ئۆيىدىن چىقىپ ۋېلسىپىتنى مىنىپ ۋوگزال يېنىغا بېرىپ، ۋېلسىپىتنى ھېلىقى ۋېلسىپىت قويۇش مەيدانىغا قويىدىكەن-دە، پويىزغا چىقىدىكەن؛ شۇ كۈنى كەچتە پويىز بىلەن قايتىپ كېلىپ، ۋېلسىپىتنى مىنىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىكەن. يىراقراق سەپەرگە چىققانلارنىڭ ۋېلسىپىتى بۇ مەيداندا نەچچە كۈنلەپ تۇرۇپ قالسىمۇ يوقالمايدىكەن. بۇ ۋېلسىپىت ساقلاش مەيدانىغا قارايدىغان

ئادەم يوق ئىكەن. بىز بۇ ۋېلسىپېت ساقلاش مەيدانى يېنىدىن ئۆتكىنىمىزدە، بەزى ۋېلسىپېتلارغا قۇلۇپ سېلىنغانلىقىنى، بەزىلىرىگە بولسا قۇلۇپ سېلىنمىغانلىقىنى كۆردۇق.

## شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەمگۇزارلىرى

بىز ياپونىيەگە بېرىشتىن ئىلگىرىلا ياپونىيىلىك بەزى مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ شىنجاڭدىن ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، تەتقىقات ئىشلىرىغا كۈچلۈك مەدەت بەرگەنلىكىدىن ئاز-تولا خەۋەر تاپقاندۇق. بۇ قېتىم ياپونىيەگە بېرىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنلىرىمىز ۋە باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىمىز ئارقىلىق بۇ مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان غەمخورلۇقلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. تۆۋەندە ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشۇ غەمگۇزارلىرىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى كىشىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

### خاسۇمى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى

خاسۇمى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى توكيو شەھىرىگە يېقىن چىبا ۋىلايىتىنىڭ ناگارې ياما شەھىرىگە جايلاشقان، بۇ جاي بىلەن ياپونىيە پايتەختى توكيونىڭ ئارىلىقى 30كىلومېتىرچە كېلىدىكەن. خاسۇمى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزىنى ناگارې ياما شەھىرىنىڭ خىگاشى فۇكاي دېگەن يېرىدىكى ئۆي-زېمىن تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەرىپەتپەرۋەر زات خاسۇمى ماسايو ئەپەندى قۇرغانىكەن. خاسۇمى ئەپەندى يەنە ناگارې ياما شەھىرى شىنكاۋا يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق بىرلەشمىسىنىڭ مۇپەتتىشى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەيدىكەن.

خاسۇمى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى ياپونىيىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇۋاتقان ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچىلار ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىدە قۇرۇلغانىكەن. مۇلازىمەت دېگەن ئەلۋەتتە ھەقلىق بولىدىغان گەپ. خاسۇمى ئەپەندى مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن سالغۇزغان كورپۇس-كورپۇس تۇرالغۇ ئۆيلەرگە نۇرغۇن مەبلەغ سەرپ قىلغان. بۇ مەبلەغنىڭ ئورنىنى مۇشۇ تۇرالغۇ ئۆيلەردە ئولتۇرغانلاردىن ئىجارە ھەققى ئېلىش يولى بىلەن تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما خاسۇمى ئەپەندى شىنجاڭدىن ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئون نەچچە يىلدىن بېرى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆي ئىجارىسى ۋە سۇ، توك، گاز ھەققى ئالماي كېلىۋېتىپتۇ. خاسۇمى ئەپەندى كەم سۆز ئادەم ئىكەن، بولۇپمۇ ئۆزى ھەققىدە سۆز بولغاندا، تېخىمۇ كەم سۆز بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى باشقىلارغا ئېيتقىلى ئۇنىمىغانىكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن ۋاقتىمىزدىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق جاۋاب ئالالمىدۇق. بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، خاسۇمى ئەپەندىنىڭ بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەردە شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئولتۇرغۇزۇشىدا ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ياكى بىرەر تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى شەرت قىلىنىدىكەن. مۇبادا ئوقۇغۇچىلاردىن بىرەرسى ئوقۇشنى ياكى تەتقىقاتىنى تاماملاپ، بىرەر شىركەتكە ياكى بىرەر مۇلازىمەت ئورنىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان بولسا، خاسۇمى ئەپەندى ئۇنى دەرھال ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، بۇ تۇرالغۇ ئۆي ئۆزىگە كېرەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەمدى باشقا جايدىن ئۆي تېپىپ ئولتۇرۇشىنى چىرايلىقچە ئېيتىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خاسۇمى ئەپەندى شىنجاڭدىن ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، تەتقىقات ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ بېرىپ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، خاسۇمى ئەپەندىنىڭ خالىسانە ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ياپونىيىدىكى ئوقۇش، تەتقىقات ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئۆز خىزمەت ئورنىدا زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئاز ئەمەس ئىكەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دوكتور تاشپولات تېيىپ ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىكەن.

خاسۇمى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزىدە سېلىنغان ئۆيلەر كورپۇس-كورپۇس ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىكەن. بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەر ئىكەن (ئاشخانا، مۇنچا، ھاجەتخانا تاشقىرىقى ئۆيگە جايلاشقان، ئىچكىرىكى ئۆي ياتاقخانا ئىكەن) . بۇ يەردە سۇ، توك توختاپ قالىدىغان ئىش بولمايدىكەن. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىسسىق سۇ تەييار ئىكەن، شۇڭا مۇنچىغا چۈشۈش ۋە ۋاقتى-قەرەلىدە كىر-قاتلارنى يۇيۇش ئىنتايىن قولايلىق ئىكەن. بىز بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسىنى باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ كۆردۇق. بۇ يەر پايتەختتىن يىراقراق بولغاچقا، ئۆي ئىجارىسى توكيو شەھىرىدىكى ئوخشاش ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسىدىن بىرھەسسىدىن كۆپرەك ئەرزان ئىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئايلىق ئىجارىسى كەم دېگەندە ياپونىيە پۇلى ھېسابىدا 20 مىڭ يېن (جۇڭگو پۇلى ھېسابىدا 1300 يۈەن) ئىكەن. بۇ پەقەت ئۆي ئىجارىسىلا بولۇپ، سۇ، توك، گاز ھەققى ۋە باشقا ھەقلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئىكەن.

خاسۇمى ئەپەندى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم بولۇپ، بىز كۆرۈشكەن چاغدا دەل 60ياشتا ئىكەن. بىز ياپونىيەگە بېرىپ، 3-كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشتۇق. بىز ئامان-ئېسەنلىك سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ، خاسۇمى ئەپەندىنىڭ پەرزەنتلىرىمىزگە ۋە شىنجاڭلىق باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ئاتىدارچىلىقىغا رەھمەت ئېيتتۇق ھەم ئۈرۈمچىدىن ئاتاپ ئالغاچ كەلگەن ئالاھىدە ياسالغان كىچىك دۇتار ۋە ئالقات، قۇرۇق ئۈزۈم، ئاق ھاراق قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تەقدىم قىلدۇق. خاسۇمى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى ئورنىدىن تۇرۇپ، ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، بىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلدى. خاسۇمى ئەپەندى بىز ئېلىپ كەلگەن كىچىك دۇتارغا ئالاھىدە زوق بىلەن قاراپ، ئۇيان-بۇيېنىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بىز بۇ كىچىك دۇتارنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋابلار زاۋۇتىدىن ئالغاندۇق. دۇتارنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتىكى دۇتارنىڭ يېرىمچىلىك كېلەتتى، ئۇزۇنلۇقىغا مۇناسىپ دۇتارنىڭ بېشى ۋە دەستىسىمۇ كىچىك ئىدى. خاسۇمى ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە تەمبۇر، دۇتار، راۋاب قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرى بار ئىكەن. ئۇ، شىنجاڭغا بەش قېتىم بارغانىكەن، ئۆيىدىكى بۇ چالغۇلارنى شۇ چاغدا شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەنىكەن.

— ئەمدى، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ، — ئۆيىمىزدىكى ئۇيغۇر چالغۇلىرى تېخىمۇ تولۇقلاندى.

خاسومى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى بۇيەردىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن پات-پات ھال-ئەھۋال سوراپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇلار تەشكىللىگەن ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇرىدىكەن. بىز ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن قىزىمىز مەرھابانىڭ قوشنىلىرى — شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىزنى مېھمانغا چاقىرغاندا، زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالمىسىلا ئۇلار بىز بىلەن بىللە مېھمان بولدى؛ بىز ياپونىيىدىن قايتىدىغان چاغدا قىزىمىز ۋە ئوغۇللىرىمىز ئۆتكۈزگەن خوشلىشىش چېيىغىمۇ خاسومى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمى داخىل بولدى. ئاڭلىشىمىزچە، خاسومى ئەپەندى ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان بەزى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلى ھەل قىلىپ بېرىپتۇ.

خاسومى ئەپەندى 25-ئاپرېل ئەتىگەندە قىزىمىز مەرھاباغا تېلېفون بېرىپ، ئەتە بىزنى بىر كۈن ئايلاندۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز 27-ئاپرېل خوشلىشىش چېيى بېرىدىغانلىقىمىزنى، بۈگۈن-ئەتە شۇنىڭغا تەييارلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى دەپ، ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتۇق، ئەمما ئۇ ئۇنىمايدىغاندەك ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈنى تەييارلىق يۈزىسىدىن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. 26-ئاپرېل خاسومى ئەپەندى ئۆزىنىڭ سەككىز كىشىلىك ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىنى ھەيدەپ بىزنى ساياھەتكە ئېلىپ ماڭدى. پىكاپتا بىز ئەر-ئايال، قىزىمىز مەرھابا، نەۋرىمىز ئىپتىخار، مەرھابانىڭ قوشنىسى ئۆمەرجان، ئۇنىڭ ئايالى گۈلنار ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى قىزى ئولتۇردۇق. خاسومى ئەپەندى بىزنى ئاۋۋال سىكوبا شەھىرىدىكى سىكوبا تېغى باغچىسىغا، ئاندىن كېيىن ئۇلۇغ ئوكيان بويىدىكى ئوئاراي ئوكيان باغچىسىغا ئېلىپ باردى. بېرىش-كېلىشكە كەتكەن بېنزىن پۇلى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ھەققى (يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ھەققى ناھايىتى يۇقىرى بولىدىكەن، شۇ قېتىمدا 20مىڭ يىن پۇل كەتتى) نى ئۆزى تۆلىگەندىن سىرت، بۇ ئىككى باغچىغا كىرىش ھەققى، باغچا ئىچىدىكى قاتناش ھەققى ۋە سەيلە تۈرلىرى ھەققىنىمۇ ئۆزى تۆلىدى. بىز بىر كۈن ئىچىدە 400كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭدۇق.

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ خاسومى ئەپەندىنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. بىز ياپونىيىدىن كەتكەندىن كېيىن، 1997-يىل 24-ئىيۇن — خاسومى ئەپەندى 60 ياشقا كىرگەن كۈنى، ھازىر خاسومى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، خاسومى ئەپەندىنىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىك مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

## ناكامورا ئەپەندى

بىز ياپونىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرىلا ناكامورا ئەپەندىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن خەۋەردار بولغانىدۇق. ناگارىياما شەھىرىدىكى بىر پوچتىخانىدا ئىشلەيدىغان بۇ ئادەم ئىلگىرى قىزىمىز مەرھاباغا ئىقتىسادىي كاپالەتچى بولغانىدى. بىز بۇ قېتىم ياپونىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدىغان چاغدا بۇ ئادەم بىزگە يەنە ئىقتىسادىي كاپالەتچى بولدى. ياپونىيىگە ئوقۇشقا ياكى ساياھەتكە چىققاندا، ئىقتىسادىي كاپالەتچىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ئىقتىسادىي كاپالەتچىنىڭ شەرتلىرى تەلەپكە لايىق بولمىسا، باشقا رەسمىيەتلەر تولۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ۋىزا بېجىرىلىپ بېرىلمەيدىكەن. ئىقتىسادىي كاپالەتچى سالاھىيىتى، خىزمەت ئورنى، ئىقتىسادىي كىرىمى، تۇرالغۇ جايى قاتارلىق جەھەتلەردىن ھۆججەت بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن.

بىز ياپونىيىگە چۈشۈپ ئەتىسى ناكامورا ئەپەندى خانىمى بىلەن بىللە بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قىزىمىزنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار بىز بىلەن ئامان-ئېسەنلىك سورىشىپ، چاي ئىچىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئۆرپ-ئادىتىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قىينىلىپ قالماسلىقنى كۆزدە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، تەكلىپ قىلىنغان كۈنى ناكامورا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى قىزىمىزنىڭ ئۆيىدە غىزالىنىۋالغاندۇق. بىز ئۇ يەردە تاتلىق-تۈرۈم، مېۋە-چېۋە ۋە چاي بىلەن مېھمان بولارمىز، دەپ ئويلىغانىدۇق. ناكامورا ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋال بىزنىڭ پەرىزىمىزدىكىدىن تامامەن باشقىچە بولۇپ چىقتى: ئۇلار مول داستىخان ھازىرلاپ ئەزىز مېھماننى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغانىكەن. بىز غىزالىنىۋالغانلىقىمىزنى باھانە قىلىپ، چاي ئىچىپ، مېۋە-چېۋە يەپ ئولتۇردۇق. بىز ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ناكامورا ئەپەندىنىڭ خۇشخەتكە ھەۋەس قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاچقا، ئاتاقلىق خەتتات نىياز كېرىم (شەرقىي) ئەپەندىگە خۇشخەت يازغۇزۇپ ياپونىيىگە ئالغاچ بارغانىدۇق. بىز ناكامورا ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا ئۇنىڭغا بۇ ئۇيغۇرچە خۇشخەتنى ئۇنىڭ ياپونچە تەرجىمىسى بىلەن قوشۇپ تەقدىم قىلدۇق. ناكامورا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمىغا يەنە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە ياغلىق، ئوسما قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئالغاچ بارغانىدۇق. ئۇلار بۇ سوۋغىلارنى رەھمەت ئېيتىپ قوبۇل قىلدى. ناكامورا ئەپەندى خۇشخەتنى ئوراپ، ئاتا-بوۋىسىدىن قېلىپ كېلىۋاتقان تەۋەرۈك بۇيۇملار قاتارىغا تىزىپ قويدى.

كېيىن ناكامورا ئەپەندى بىزگە پات-پات تېلېفون بېرىپ، بىزدىن ھال-ئەھۋال سوراپ تۇردى ۋە بىز ياپونىيىدىن قايتىش ئالدىدا خانىمى بىلەن بىللە يوللۇق ئېلىپ خوشلاشقىلى كەلدى.

بىز ياپونىيىدە بولغان مەزگىلدە ناكامورا ئەپەندىنىڭ بىر مۇنچە شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي كاپالەتچى بولغانلىقىنى، بەزى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قىينىلىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلى تۆلىشىگە 200-300مىڭ يىن پۇلنى قەرز بېرىپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلار ئىشلەپ پۇل تېپىپ ياكى ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىچە ئۇلارنى قەرز قايتۇرۇشقا ئالدىراتمىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاسومى ئەپەندى ۋە ناكامورا ئەپەندىدەك خالىس غەمگۈزارلىرىنى ئىلگىرى ياپونىيىدە ئوقۇغان ۋە ھازىر ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بۇ خالىس غەمگۈزارلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ھازىر پېنسىيىدە(M2)



# مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

ئابدۇللا تالىپ

## مۇسى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسى

ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپە تارىخىدا «بىرىنچى ئۇستاز» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىست ئالىم ئارىستوتېلنىڭ شاگىرتى ـ مەشھۇر سەركەردە ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) مىلادىدىن بۇرۇن 4 ـ ئەسىردە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە جاھان تارىخىدا تۇنجى مۇزېي تەسىس قىلىپ، ئاشۇ مۇزېينىڭ ئالدى مەيدانىغا مەدەنىيەت پىرى مۇسىنىڭ بىر چوڭ ھەيكىلىنى ئورناتقۇزغانىدى. مۇسىنىڭ ئوبرازىدا ئۇنىڭ بىر قولى كىتاب ـ قامۇس كۆتۈرۈپ تۇرغان، يەنە بىر قولى مۇزېينىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپ تۇرغان تەسىرلىك قىياپەت گەۋدىلەنگەنىدى. مۇزېينىڭ ئىچى نەچچە يۈزمىڭ پارچە قولىيازما ۋە ئاسار ئەتىقە ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەن. مۇسى ھەيكىلىنىڭ يان تەرىپىدە شاخلىرى باراقسان، مول مېۋىلىك ئالما دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇزېينىڭ دەرۋازىسى ئۈستىگە: «بىلىم ئال، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەن، مېۋىسىنى كۆرىسەن!» دېگەن خىتاب جۈملىسى ئويۇلغانىدى. مانا بۇ، مەدەنىيەت ئىلاھى مۇسئون (مۇسى) نىڭ مەدەنىيەت توغرىسىدىكى ھەقىقىي تەبىرى.

**مۇلاھىزە**

بۈيۈك پەيلاسوپ ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئۇستىدە شاگىرتلىرى بىلەن بولغان سۆھبەت دىئالوگلىرىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ:

ـ ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا تىل بىلەن؛

ـ مەدەنىيەت بىلەن ياۋايىلىق ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەرىپەت بىلەن؛

ـ مەدەنىي شەھەر بىلەن باياۋان ئىلمىي ھېكمەت بىلەن ئايرىلىدۇ، ـ دەپ قەيت قىلىنغان.

ئاشۇ ۋەجىدىن ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» نىگىزىنى «ئەقىل، پەزىلەت ۋە ساغلام بولۇش» شەرتلىرى بىلەن شەرھىيلىگەن. مانا بۇ، پەيلاسوپلارنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسىگە بولغان ھەقىقىي تەبىرى.

«مەدەنىيەت» ئاتالغۇسىنىڭ زامانىمىزدىكى يەشمىسىمۇ يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كلاسسىك چۈشەنچىدىن چەتنىمەيدۇ. بىزگە ئەرەبچىدىن كىرگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «مەرىپەتلىشىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ خەنزۇ ۋە ياۋروپا تىللىرىدىكى ۋارىيانتىمۇ مەنداش ئۇقۇمغا ئىگە.

ئالدىمىزغا كېلىپ تۇرىدىغان تۆرلۈك ئانكىت. جەدۋەللەردىكى «مەدەنىيەت سەۋىيىسى» دەيدىغان كاتەكچە بىزدىن ھەرگىز شىلەپە بىلەن گالستۇكنى ياكى چەندازىمىزدىكى پۇل سانىنى سورىمايدۇ، پەقەت ئىلىم-پەن، تېخنىكا سەۋىيىمىزنى سورايدۇ.

نامايىتى روشەنكى، ھازىرقى زامان رىقابىتى — تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن رىقابىتى. بۇ زۆرۈرىيەت توغرىسىدا ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە ئەۋلادلىرىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش-سېلىشتۇرما مىللەتشۇناسلىقنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى بۇرچى.

خەلقئارالىق مىزان بويىچە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىگەندە، ھەرئون مىڭ كىشى ئىچىدە ئالىي مەلۇماتلىقلار قانچە، دوختۇر-ۋراچلار قانچە، ئاگرونوم-تېخنىك، ئىنژېنېرلار قانچە، دېرىكتور، مۇتەخەسسىلەر قانچە؟ . . . قاتارلىق مىزان بويىچە سانلىق مەلۇمات تۇرغۇزىدۇ.

ئەپسۇسكى، مۇشۇ مەدەنىيەت مىزانى بويىچە ئۆلچىگەندە مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى تەن ئالماسقا ھەددىمىز يوق. بىزنىڭ «ئاغرىقنى يوشۇرسا ئۆلۈم ئاشكارا» دەيدىغان قىممەتلىك ماقال-تەمسىلىمىز بار. بىزدىكى زاھىرى ئاجىزلىق — «ئاتاكەم ئەمەس، لاتاكەم» بولۇۋاتقانلىقىدا، ھەرگىز زوۋۇلىمىزنىڭ كەم ئۇزۇلگەنلىكىدە ئەمەس. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ مىراسلىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «فارابى خەزىنىلىرى»، «كۆڭۈللى نەۋائىي جاۋاھىرلىرى» ئۇنىڭغا يېمىرىلمەس شاھىت بولالايدۇ. ئەگەر بىز ئاشۇ شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن روھىي ئوزۇق ئالماي، يەنىلا «ئويناڭ مىللەت» مەسىلىكىدە قالىۋەرسەك، ئۇچاغدا ھامان «سايراپ بىرەر تومۇچۇق، لاچىن ئالار توشقاننى» ۋەزىيىتى داۋاملىشىۋېرىدۇ. رىۋايەتلەردىكى «تەڭرى بىلىمى بارلارنى تاجدار، غول ئەزاسى كەڭلەرنى چەۋەنداز، بىلىمسىزلەرنى چاپارمەن» قىلىپ ياراتقۇدەك دەيدىغان ئەپسانە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئازسانلىق بولۇشىغا ۋە كۆرمىگەنلىگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتقانلىقىغا قارىماي جاھان سەھنىسىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك (بىلىملىك) ۋە ئەڭ باي مىللەتكە ئايلىنىپ، «نوبېل مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش نىسبىتىدە ھەممە مىللەتلەردىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ تۆت مىڭ يىلدىن بۇيان «كاللىسىدا بىلىم، قولىدا ھۈنەر-تېخنىكا بارلار مەڭگۈ ئەزىزدۇر» دېگەن ئەقىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەمەرىسى.

ھالبۇكى، بىزدە بۇنداق ئاڭ ۋە شىجائەتنىڭ بولماي كېلىۋاتقىنىغا بىرنەچچە ئەسىر بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز. «نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ خارلىغىنى تۆپىلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرگەنلىكى ۋە ئاجىزلىقىدىن ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولىدۇ». ھايات ياشاپ تۇرۇۋاتقانلار دەل ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنىڭ ئوتتۇرا زونىسىدا مېڭىۋاتقانلار. ئۇلار بىلىم ئېلىش ئارقىلىقلا ئۆتمۈش تارىختىن خەۋەردار بولۇپ، كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. بىلىمسىز — نادان ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن باشقىلار توقۇپ بەرگەن تارىخنى تەن ئالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى روھى ئۆلگەن-ئۆلۈك جانلار دېسە مۇبالىغە بولمايدۇ.

«يېتەرسىزلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىش — ئىستىقبالىمىزغا قاراپ قەدەم تاشلاشنىڭ مۇقەددىمىسى».

نادانلىق بىزنى زاۋاللىققا، بىلىمسىز شۆھرەتپەرەسلىك بىزنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. ب د ت نىڭ يىللىق مەجمۇئەسىدە تونۇشتۇرۇلغان مەدەنىيەت چولپانى باربارا كاتلاند خانىم يېزىپ چىققان 100 مىليون تىراژغا ئىگە 428 خىلدىن ئارتۇق ئەسەر مەھسۇلاتى ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ قىلغانلىرى تېخى ئەمدىلا ئايىغى چىققان گۆدەككە ئوخشايدۇ. مانا بۇ، سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ رېئال پاكىتى.

1998-يىل 25-سېنتەبىر

# «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسى

مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئىچىدە ئەڭ چوڭ شان-شەرەپ كەلتۈرگەن نامايەندىلىرىمىزنىڭ نادىرى «قۇتادغۇبىلىك» ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نادىر ئەسەر ھەرگىز تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالغان ئەمەس. سۇنىڭ بېشى بولىدۇ، دەرەخنىڭ يىلتىزى؛ ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»دىن بۇرۇن پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابى (870-950)، مۇتەپەككۇر ۋە مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ دۇنياۋى نوپۇزى ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980-1037) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن زور ئابرويغا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى-«ساچىيە» ناملىق مەدرىسىنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئالىم — پەيلاسوپلار توپلىشىپ ئىلمىي بەھس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى.

مۇشۇنداق قويۇق ئىلمىي مۇھىت تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەمدە ئىلىم-پەننىڭ تۆرلۈك ساھەلىرى بويىچە يېتەرلىك مەنبەلەرگە ئېرىشكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس قامۇسى «قۇتادغۇبىلىك»نى پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

شۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇش زۆرۈركى، بۇ نادىر ئەسەر يېزىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىلىم-پەن مۇھىتىدا تەتقىقات ۋە بەھس - مۇنازىرە يۈنىلىشى يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ تېمىنى دەۋرقىلاتتى:

1. ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى؛
2. ئادەم بىلەن ئىلاھ مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى؛
3. ئادەم بىلەن جەمئىيەت مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى.

«قۇتادغۇبىلىك» سەھىپىلىرىدە ئاشۇ ئۈچ خىل تەتقىقاتقا مۇناسىپ ئورۇن بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىپ يەنىلا ئەسەرنىڭ نامىنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتاپ، ئىنساننى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى مەركىزىي ئورۇنغا قويغان. بىز بۇ شاھانە ئەسەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئۈچ چوڭ بۆسۈش، بىر ئۇلۇغۋار غايىنىڭ باشتىن ئاخىرغىچە يالتىراپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

بىرىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ئىلاھىيەت ئەقىدىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. بۇ تەلىمات تەسىرىدە ئوقۇش، بىلىم ئېلىش پەقەت ساۋابلىق ۋە قىيامەتلىك ئۈچۈن دەپ تەكىتلىنەتتى شۇنداقلا ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتى ۋە ئەلەم-كۈلپەتلىرى تەقدىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ ھۆكۈم قىلىناتتى. «قۇتادغۇبىلىك» بىرىنچى بولۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىپ، «ئىنسانىيەت ئۆز ئېھتىياجى بىلەن بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق بەخت-سائادەت يارىتالايدۇ» دەپ خىتاب قىلدى. بۇ خىتاب ئەسەرنىڭ ھەممىلا

سەھىپىلىرىدە ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىۋاتقان مەزگىللەردە، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تەڭ بولماسلىقى «تەقدىردىن» دېگەن كۆزقاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تە «قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر» دېگەن خىتاب تەكرار-تەكرار تەكىتلىنىپ «تەقدىرچىلىك» ئىسكەنجىسى چېقىپ تاشلاندى. مىسالى تۆۋەندىكىچە:

ئادىل قانۇن كۆكتە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان يىقىلۇر.

قىلىپ ھەل ئادالەت بىلەن ھەر ئىشنى،
ئايرىماي بەگ ياقۇل دەپ ھېچ كىشىنى.

ماڭا تەڭ ھەر ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

زالىم بەگ سۈرەلمەس بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ ئەل ئۇنىڭ زۇلمىنى .

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان ۋە ئونئۆۋرسال مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك پەلسەپىۋى قامۇس. بۇ نادىر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەلۋەتتە تالانتلىق شائىر دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ھەمدە كۆپ مەلۇماتلىق پەيلاسوپ.

«قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىۋاتقان مەزگىللەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي (940-1020) نىڭ «شاھنامە» داستانى غايەت زور شۆھرەت قازانغانىدى. بىراق «شاھنامە» دە ئىران شاھىنشاھلىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە، قەسىدىلەر مۇتلەق ئۈستۈن سالماقنى ئىگىلىگەنىدى.

ئەمما «قۇتادغۇبىلىك» تە بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ماھىيىتىنى رەھىمسىز قامچىلاش بىلەن بىللە ئۇلارنى بىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋە ئادىل بولۇشقا چاقىردى. مەسىلەن:

ئەگەر بولسا بەگلەر زالىم ھەم يامان،
چىقار ئىشلار تۈز يولدىن ھامان.

كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۈمەنخىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

تەزكىرىشۇناسلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، كېيىنرەك خەلق ئىچىدە تارالغان «بولۇمسىزغا پەنسەپ (ئوتۇغات-تاج) ياراشماس، بىلىمسىزگە مەنسەپ» دەيدىغان ئەقلىيە سۆزلەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان.

يۇقىرىدىكى نەزمىنىڭ 4-مىسراسىدا دېيىلگەن «تۈمەنخىل بىلىم» نىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ، ئىجتىمائىي پەننىمۇ شۇنداقلا تەبىئىي پەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» تە مەنسەپدارلارغا قارىتا ئەنە شۇنداق يۇقىرى شەرتنى تەكىتلىگەنلىكىگە قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەخسەن ئۆزى ئۆز زامانىسىدا كۆپ مەلۇماتلىق ئالىم بولۇپلا قالماي، بەلكى «دۆلەتنى بىلىم بىلەن باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش» تەسەۋۋۇرىنى مىڭ يىل بۇرۇنلا تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان مۇتەپەككۇردۇر.

بۇ نۇقتىنى بىز «قۇتادغۇبىلىك» ئالدىغا قويغان ئۇلۇغۋار بىرتۇپ غايىنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدە چوڭقۇرچۈشىنىۋالالايمىز.

«بىلىم - ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت كەلتۈرگۈچى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبارە ئەسەرنىڭ نامى بولۇشتىن سىرت، ئۇنىڭ ھەر بىر ئالتۇن سەھىپىسىدە تەكرار-تەكرار جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بىلىم-پەننىڭ قىممىتىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ھەقىقىي ۋە مۇكەممەل يەشمە بەرگەن ئىككىنچى بىر ئالىم كەم ئۇچرايدۇ، دېمەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

دەرۋەقە، «قۇتادغۇبىلىك» تىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئەنگلىيە پەيلاسوپى فرانسىبىكون «بىلىم-كۈچ» دېگەن مەشھۇر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئانگلو-ساكسون مىللىتى (ئېنگلىزلارنىڭ ئەجدادلىرى) ئۆزىنىڭ مۇتەپەككۇرى فرانسىبىكوننى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ئۇنى يېڭى پەلسەپىنىڭ ئىختىراچىسى دەپ پۈتكۈل دۇنياغا جارسالدى. ھازىر دۇنيادا «بىلىم-كۈچ» دېگەن نامدا مىڭلىغان ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ.

ئەكسىچە، بىز پېشانىسى شورلارئۆز ئالىمىمىزنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس قامۇسىنى تەخمىنەن مىڭ يىلچە يوقىتىپ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئاخىرى مىڭ قېتىم ئېيلىنىپ-يالۋۇرۇپ، چەت ئەللىكنىڭ ساندۇقىدىن ئاران تەسلىكتە تېپىۋالدۇق. «ئالىمدىن ئايرىلغان مىللەت زالىمنىڭ قولىغا قالىدۇ»، «مەرىپەتتىن مەھرۇم مىللەت-غەپلەت قۇدۇقىدا زارلايدۇ»، «ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەن مىللەت-ياۋايى پەستلىككە دومىلايدۇ». ئىككى-ئۈچيۈز يىلنىڭ مابەينىدە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدا بىزنى ئىزدەپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جەمەتلىرى بارمۇ-يوق، دەپ سۈرۈشتۈرۈشى ئېھتىمال ئاشۇ قىسمەتتىن بولسا كېرەك.

مادامىكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە ئۇل سالغان ئالتۇندەك ئەقلىي ھېكمەت جەۋھەرلىرى ھازىرمۇ رېئاللىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك روھىي ئوزۇق ئاتا قىلالايدۇ. مەسىلەن:

▲ بىلىمنى ئۇلۇغلا، ئەقىل-ئىدرەكنى بۈيۈك بىل؛ بۇ ئىككىسى ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى يۇقىرى قىلىدۇ.

▲ ئادەم ھامان بىر ئۆلىدۇ، ئەمما بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىزى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

▲ ئىككى خىسلەتتىن ئادەم قېرىمايدۇ: بىرى، بىلىم، ئىككىنچىسى ، پەزىلەت.

▲ ئەۋلادىڭغا مال-دۇنيا قالدۇرغىنىڭدىن بىلىم-مەرىپەت قالدۇرغىنىڭ مىڭ ئەلا.

▲ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆپ، ئەمما ئەڭ چوڭ پەرق -بىلىمدە.

▲ ھاياتلىقتا ھەممە مۇۋەپپەقىيەت بىلىمدىن كېلىدۇ. بىلىم بىلەن ئىنسان ئاسمانغا يول ئاچالايدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، داھىيانە شائىر ئەلىشىر نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا مۇنداق يازغانىدى:

بىلىك دىن ئارى ئۇلۇسنىڭ جاھىل خۇدكامەسى،
ئۆرگۈنۈرگە ئىجتىھاد ئەتكەن جاھان ئەللامەسى.

(بىلىمنى نومۇس بىلگەنلەر جاھىل ئېشەك بىلەن باراۋەردۇر. ئىجتىھات قىلغانلار ئالىملىق ماقامىغا يېتەلەيدۇ. . . )

1998-يىل 28-سىنتەبىر

# شائىرلىق ئەخلاقى

## 1

بىز ھازىر ئەسىر ئالمىشىش ۋە ئېرا ھالقىش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. بىز بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 20-ئەسىر مۇساپىسىنى قايتىدىن ئەسلەپ، ئالدىمىزدىكى يېڭى ئەسىرگە قانداق قەدەم تاشلاش تەقەززاسى بىزگە جىددىي ۋە يېڭى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى يۈكلىمەكتە.

ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا يايلاق مەدەنىيىتى، دەرياساھىلى مەدەنىيىتى، دېڭىز مەدەنىيىتى، ئوكيان مەدەنىيىتى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىر ئالەم بوشلۇقى (كائىنات) مەدەنىيىتىگە بۆسۈپ كىردى.

ھالبۇكى، ئىلغار مىللەتلەر ئۇچۇر ئىلمى مەدەنىيىتىگە ۋە ئىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم تاشلاپ، جۇش ئۇرۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان ھەمدە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى-يېڭى كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلىپ، ئاجايىپ مۆجىزاتلارنى يارىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنىلابىخۇتلۇق بىلەن ئۆزىمىزنى بېزەپ، قانداقتۇر «بىز شېئىر مىللىتى، ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ يۈرۈۋاتىمىز-دە، ئىلغار مىللەتلەردىن قانچە ئەسىر ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى زادىلا ھېس قىلمايۋاتىمىز. تەپەككۇر ۋە ئەقىل-ئىدرەك بىلەن سىغىشالمايدىغان ئاشۇ خىلدىكى ساددا ھېسسىياتلارغا قارىتا يېقىندىن بۇيان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە نادىر ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغانلىقى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

20-ئەسىرنىڭ 100يىللىق مۇساپىسىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، دەرۋەقە بىزدە «داپ بىلەن ئۇسسۇل، خۇدا بىلەن روسۇل» دىن باشقا تارىخ سەھىپىسىدە ئىزى قالالىغۇدەك ئىلمىي يېڭىلىقنىڭ بارلىققا كېلەلمىگەنلىكىنى ئېچىنىش بىلەن ئەسلەيمىز.

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ20-ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسى 1901-يىلى «نوبېل ئىلمىي مۇكاپاتى» تەسىس قىلىنغان؛ 1902-يىلى ئاكا-ئۇكا رەيتلەر تۇنجى ئايروپىلاننى ئىختىرا قىلغان مۆجىزات بىلەن باشلانغانىدى. دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىدە مەيدانغا كەلگەن ئاشۇ ھادىسە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار گويا باشقا بىر سىرلىق كائىناتتا يۈز بەرگەندەك بىزنىڭ باقشىلىرىمىز، شائىر-ھاپىزلىرىمىز، مەشرەپخۇمارلىرىمىزنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرىپ قويماي، جاھالەت بۆشۈكىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىگىنىمىزدە تېخىمۇ ھەسرەتلىنىمىز.

## 2

شېئىر-قوشاق خۇددى ناخشا-ئۇسسۇلغا ئوخشاش يېزىق مەدەنىيىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئاغزاكى شەكىلدە پەيدا بولغان ئىپتىدائىي مەدەنىيەت شەكلى. ئۇ، باشقا ھەممە ئىلىم-پەندىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن.

يېزىق مەدەنىيىتى باشلانغاندىن كېيىن شېئىرىيەت سەنئىتى ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىگە خاس مۇنتىزىم شەكىلگە قاراپ قەدەم قويغان.

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن شائىر، شېئىر دېگەن بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئەرەب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قەدىمكى تەبىرىچە ئەسلىدە «ئاقىل»، «ئەقلىيە» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى.

مۇتەپەككۇر - پەيلاسوپلار مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سۆز تۈزگۈچى ماھىرلار (شائىرلار) ئاقىل-دانا دەپ تونۇلۇپ، ئاقساقاللار، كىنەزلەر ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ يېنىدا تۇتاتتى ۋە ئۇلارغا يۇقىرى تەمىنات بېرەتتى.

كېيىنرەك مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە نوپۇزلۇق يېڭى ئاقىللار گۇرۇھى-پەيلاسوپلار ۋە مۇتەپەككۇرلار قاتلىمى پەيدا بولدى. يىرىك پەيلاسوپ سوقرات، ئەپلاتون (مىلادىدىن6-7ئەسىرلەر بۇرۇن) زامانىسىغا كەلگەندە شائىر بىلەن پەيلاسوپنىڭ خارەكتېرى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى. يەنى ئالدىنقىسى بەدىئىي ئىجادىيەت كاتېگورىيىسىگە، كېيىنكىسى بولسا ئەقلىي مۇھاكىمە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولدى. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تايانچىسى-ھادىسە، تەقلىد، ھېسسىيات؛ پەلسەپىنىڭ تايانچىسى-ماھىيەت، تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئامىللىرى ئىدى.

شۇ تۈپەيلىدىن كارل ماركس: شېئىرىيەت ئۈچۈن خەلق تىلىدا ھەممە ئىمكانىيەت بار، شۇڭا ھەر بىر ئادەم شېئىر يازالىشى مۇمكىن، لېكىن پەلسەپە، ماتېماتىكا ئۈنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس، دېگەنىدى.

بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ روھىي ئىنژېنېرلىرىدىن بولغان ھومېر، شېكىسپىر، دانتې، گيوتې، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئەقىل-ئىدراك ۋە پەلسەپىنىڭ جاۋاھىرلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە نۇرلىنىپ، مەڭگۈلۈك مەدەنىيەت ئابىدىسى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان.

## 3

بىز بۇ يەردە «شېئىر مىللىتى» بىلەن «پەلسەپە مىللىتى» دېيىدىغان ئۇقۇم ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنى ۋاقتىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، سەرلەۋھىمىزنىڭ مۇددىئاسىدىن سۆز ئېچىپ كۆرەيلى. خەلق بىزدىن: «ئەجەبا، بۈگۈنكى كۈندە شۇنچە نۇرغۇن كىشىلىرىمىز شېئىر يېزىشقا مەستانە ئىكەنۇ، ئەمما نېمىشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلىشىر نەۋائىيدەك بىرەرسى چىقمايدۇ...» دەپ سورىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بار!

1. بىزگە مەلۇمكى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پىرى مۇسىئون (قىسقارتىلمىسى مۇسى) بولۇپ، ئۇ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتكە نازارەت قىلغۇچى. بارلىق مۇزېيلار، مۇزىكا قوراللىرىمۇ ئۇنىڭ نامى (مۇسى) بىلەن باغلىنىشلىق. مۇسىنىڭ روھى مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ يېتەرلىك مەلۇماتلىق بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ھالبۇكى، بىز مەشىق دەپتەرلىرىمىز ئۈچۈن قاپىيە تاللاشقا، ۋەزىن تۈزۈشكىلا بېرىلىپ، ماھىيەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتقا قىزىقمىدۇق. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «سەددىي ئىسكەندەر»نى يېزىش ئۈچۈن ئىمپېراتور دارا بىلەن ئالېكساندىر ماكېدونسكىينىڭ تەزكىرىلىرىنى ئۇدا بىر نەچچە يىل تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەنىدى.

بىزدىكى ئەسىر ساۋاتسىزلىقى ۋە بىلىم نامراتلىقى شۇ قەدەر ئاشكارا بولدىكى، 1960-يىللاردا ئاتالمىش مىرەن

خاراكتېرىنىڭ ساختا مەھسۇلاتى ـ يالغان شائىر كەكمېنىر ئۈچۈن «بارىكاللا» ئوقۇپ دوست تارتىشتۇق. ئۇ ھەتتا بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىزدىنمۇ ئورۇن ئالدى.

بەختىمىزگە بېيجىڭ مەركىزىي مۇزېيىدىن تەتقىقاتچى ياڭ لېيەن ئەپەندى بۇ ساختا نىقابنى ئېچىۋەتتى. بىز ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

2. شائىر ئۈچۈن ئىلمىي تەتقىقاتتىن سىرت كەسپىي ئەخلاق يەنىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەدەنىيەت پىرى مۇسىنىڭ غايىسى ھېسسىياتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان چىنلىقنى، شەكىلنى ئەمەس، ماھىيەتنى شەرت قىلىدۇ. ھېسسىياتلىق بەدىئىي توقۇلما ئەسەرنىڭ گىرىمى، چىنلىق ئۇنىڭ ماھىيىتى. چىنلىقتىن ئايرىلغان گىرىم بەئەينى گۈللۈك پەرەنجە بىلەن ھۆسن ئوبرازىنى چۈمكىۋالغان «تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال» شەيئىيگە ئوخشايدۇ.

ئاشۇ سەۋەبلىك كالىندارلىق ھېسسىيات قىزغىنلىقى، بىردەملىك ئىلھام تۈرتكىسىدە بەزىدە خېلى قاملاشقان شېئىرلارنى ياراتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇ بەربىر كالىندار ۋارىقى بىلەن بىللە غايىب بولۇپ كېتىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە ئاشۇنداق مېيىپ تۆرەلمىنىڭ ئۆز توپلىمىغا كىرىپ قېلىشىدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن سەسكەنگەنلەر ئاز بولدىمۇ؟ مانا بۇ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدىغان كالىندارلىق ھېسسىياتنىڭ مەسخىرىسى.

شائىرلىق كەسپىي ئەخلاقىغا زىت بولغان كالىندارلىق ھېسسىيات قەلەمنى خۇشامەت ۋە مەدھىيىچىلىككە باشلايدۇ. شائىر چىنلىقتىن چەتنەيدۇ. روھىي ئىنژېنېرلىق ماھىيەتتىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا ھەقىقەتنى بۇرمىلاش تەرىپىگە يۈزلىنىدۇ.

قىسقىسى، بىزدىكى مەۋجۇدىيەت-شېئىرىيەت كىرىزىسى ئەمەس، بەلكى بىلىم نامراتلىقى ۋە «ئەخلاق كىرىزىسى» بولۇپ ئىپادىلەنمەكتە.

بۈيۈك پەيلاسوپ ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ:

ـ ئۇ، شۇنداق يۈكسەك ئەخلاق سارىيىدۇركى، ئۇنىڭغا يېتۈك پەزىلەت ساھىبلىرى ئەزا بولالايدۇ. ئۇيەرگە ھېسسىيات كېمىسىدە ئۈزۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن شائىر ئەھلى مۇناسىپ كۆرۈلمەيدۇ. . . ـ دېگەنىدى.

پەيلاسوپنىڭ بۇ ئىبارىلىرى ھەر ھالدا كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ئەخلاق سىگنالى ۋە ئىبرەت دەرسى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

1998-يىل 23-سىنتەبىر

# نۇتۇق ۋە ئەقلىيە سۆزنىڭ مەدەنىي ھاياتتىكى رولى

يېقىندا نەشر قىلىنغان «ئوكسفورد نۇتۇق توپلىمى» ناملىق كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە قەيت قىلىنغان تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاس سۆز كىشىنى بىئىختىيار ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ:

«20-ئەسىردە ناتىقلىق، ئالتۇن، يادرو قوراللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. 21-ئەسىردە بولسا ناتىقلىق، دوللار، كومپيۇتېردىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. . . ».

بۇنىڭدىن بىز نۇتۇق سەنئىتىنىڭ نەقەدەر ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئېدۋارد تەيلۇر شەرھىلىگەندەك مەدەنىيەت ۋە مەدەنىي ھايات-بىلىم، ئېتىقاد، سەنئەت ھەممە قانۇن قاتارلىق تۈرلۈك كاتېگورىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناتىق ئاشۇ ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق ساۋات ھازىرلىشى زۆرۈر. شۇڭا نۇتۇق سەنئىتى ئاۋام خەلق تىلىدىن پەرقلىق خاراكتېرغا ئىگە.

نۇتۇق سەنئىتى ـ ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا) ۋە پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. نەقلىي تەپەككۇر ۋە ئەقلىي تەسەۋۋۇر جەھەتتىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. تەمسىل ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

نۇتۇق سەنئىتىنى ياخشى ئىگىلىگەن ماھىر ناتىقلار ھەرگىز كاتىبقا تايانمايدۇ. سىياسىي مۇنبەردە، دەرسخانا مۇنبىرىدە ھەتتا لاۋېيىر (ئادۋوكات) لىق مۇنبەرلىرىدە ئۆزىنىڭ مول بىلىمىگە تايىنىپ ھازىر جاۋاب نۇتۇق سۆزلەيدۇ. مۇنازىرىلەردە سەپسەتە ۋە مۇتەھەملىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. پەيلاسوپ سوقرات، قەدىمقى رىم شائىرى ۋە ناتىقى ۋىرگىل ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، ھىندىستانلىق مۇتەپەككۇر ئەدىب رابىندرانات تاگور قاتارلىق مۇنازىرىچى ناتىقلار نۇتۇق سەنئىتىنىڭ بىباھا نەمۇنىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ مول بىلىمى، ئەقلىيە-ھېكمەت جاۋاھىرلىرى بىلەن تولغان ئەسەرلىرى ۋە يالقۇنلۇق نۇتۇقلىرى ھېلىمۇ مەدەنىيەت خەزىنىلىرىدە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ ساقلانماقتا.

بىر كۈنى رابىندرانات تاگور ئۆز پۇلى بىلەن تەسىس قىلغان كالكوتتا ئۇنىۋېرسىتېتىدا «بىلىم تارىخى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى نەچچە مىڭلىغان ستۇدېنتلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش چاۋاكلىرىدىن پات-پاتلا ئۈزۈلۈپ تۇراتتى. رابىندرانات تاگورنىڭ يۇمۇرىستىك نۇتقى ستۇدېنتلارنى تولىمۇ ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. نۇتۇق ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا بىر ياش ستۇدېنت ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سوئال سورايدۇ:

ـ دوكتور جانابلىرى، بابا ئەلئېھرام تارىخىنى سۆزلىگىنىڭىزدە، نېمە ئۈچۈن «ئادەم يۈزلۈك شىر ھەيكىلى» ئېگىز تاش ئېھرام ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغانلىقىنىڭ سىرىنى سۆزلىمەي ئۆتۈپ كەتتىڭىز، مەن ئاشۇ ساۋاتقا ئېرىشمەكچىدىم. . .

ستۇدېنتنىڭ بۇ سوئالىغا رابىندرانات تاگور دەرھال جاۋاب بېرىپ:

ـ بۇ مەشھۇر تاش ھەيكەل قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرى ـ پىرئەۋن ئۈچۈن ھوقۇق سىمۋولى قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. چۈنكى پىرئەۋن ئۆزىنى قۇياشنىڭ ئوغلى، ھوقۇق ـ ئىمتىيازنىڭ مەڭگۈلۈك ۋارىسى، دەپ ئاتايتتى، ـ دەيدۇ.

ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىرنىڭ تاش ھەيكىلى شەرقتە پەيدا بولغانلىقى بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان. بۇددىزم ئەقىدىسىدە، غاپىللارنى غەزەپلىك شىرنىڭ نەرىسى ۋە قەھرلىك سۈر-قىياپىتى ھەممە كۈچلۈك تەھدىت ئەلپازى چۆچىتەلەيدىكەن.

بۇ ئەقىدىنى سۈيئىستېمال قىلىۋالغان شەرقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى خۇددى قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۆزلىرىنىڭ تەخت-سارايلىرى ۋە قەسىر-ئايۋانلىرىنىڭ ئالدى-كەينىلىرىنى شىرنىڭ تاش ھەيكەللىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن.

مەدەنىيەت تارىخىدا نۇتۇق ماھىرلىرى «ناتىق»، «ئوراتور» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. ناتىقلىق پەزىلىتى ـ زېھنى ئۆتكۈر، تولۇق تەربىيە كۆرگەن، خاتىرىسى كۈچلۈك كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان ئالىي

پەزىلەتتۇر. ئۇلارنىڭ مېڭە ھۆجەيرىلىرى خۇددى كومپيۇتېرنىڭ ئۇچۇر قاچىلىغۇچى ئاپپاراتىغا ئوخشايدۇ (كومپيۇتېرنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچىسىنى دېمەكچى. مۇھەررىردىن). ئۇلار مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن سانلىق مەلۇماتلارنى، ماقال-تەمسىللەرنى، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ۋە ئىدىيوم جەۋھەرلىرىنى يادقا بىلىدۇ. ئۇلار نۇتۇق مۇنبەرلىرىدە ئىلھامبەخش جاراڭلىق سۆز-ئىبارىلىرى بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ. سۆھبەت-مۇنازىرە سورۇنلىرىدا رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. يالغان ياۋىداق سەپسەتىلەرگە ئەجەللىك رەددىيە بېرىدۇ. مەرىپەت مۇنبەرلىرىدە ئۇلار يەنە قايمۇققان ۋە غايىسىز تېڭىرقاپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىستىقبال مەشئىلىنى تۇتاشتۇرىدۇ. نۇتۇق سەنئەتكارلىرى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى نەقىل كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان «بوۋاينىڭ ئات يوقىتىپ قويۇشى» ناملىق داڭلىق ئىدىيومنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك دىئالېكتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز:

قەدىمكى زاماندا چېگرىغا يېقىن تاغ باغرىدا بىر بوۋاي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىرتاللا ئوغلى ۋە بىر ئاق بوز ئېتى بار ئىكەن. مەلۇم بىر كۈنى بوۋاينىڭ بوز ئېتى يوقاپ كېتىپتۇ. قولۇم - قوشنىلار ئىچ ئاغرىتىپ بوۋايدىن ھال سوراپ كېلىشىپتۇ. بىراق بوۋاي ئۇلارغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، بەختسىزلىك ئىچىگە بەخت يوشۇرۇنىدۇ، ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىڭلار» دەپ قايتۇرۇپتۇ. ئالاھەزەل بىر ئايلاردىن كېيىن بوۋاينىڭ ھېلىقى ئېتى چېگرىنىڭ نېرى تەرىپىدىن يات قەبىلىنىڭ بىرمۇنچە ئاتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قولۇم - قوشنىلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بوۋاينى تەبرىكلەپ يەنە كېلىشىپتۇ، بوۋاي يەنە ئۇلارغا: «بۇنىڭ نېمە خۇشاللىقى بولسۇن، خۇشاللىق ئىچىگە يىغا يوشۇرۇنىدۇ» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاينىڭ ئوغلى يات قەبىلە تەرەپتىن ئۆتۈپ كەلگەن ئاتلاردىن بىرىنى كۆندۈرىمەن دەپ يايداق مىنىپ، نەتىجىدە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ-دە، ئۇستىخانلىرى ئاجراپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ قولۇم - قوشنىلىرى يەنە تەسەللىي بېرىشكە كېلىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا: «ھېچ ۋەقەسى يوق، يامان ئىشنىڭ ئىچىگە ياخشىلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەپ ئۇلارنى يەنە يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئالاھەزەل بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ چېگرىدا قانلىق جەڭ باشلىنىپ قولۇم - قوشنىلارنىڭ تېنى ساق ئوغۇللىرى ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ-دە، بوۋاينىڭ ئاتتىن يىقىلغان بايىقى مېيىپ ئوغلى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ماھىر ناتىقلار ھېسسىياتنى ئەمەس، ئىدراكنى، ھادىسىنى ئەمەس ماھىيەتنى، شەكىلنى ئەمەس مەزمۇننى مۇلاھىزە ئوبيېكتى قىلىدۇ. شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى توقۇنۇشلار سەۋەبى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مىسالىغا تۆۋەندىكى ۋەقە گەۋدىلىك تىپ بولالايدۇ:

... سودىيەنىڭ ئالدىغا «قاش چۈشۈرۈش دېلوسى» كەلگەنىدى. بىر خېرىدار ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچ - ساقىلىنى ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «چەپ قېشىمنىمۇ چۈشۈرۈپ قويسىلا، قىچىشىپ ئاۋارە قىلىدۇ، داۋالاتماقچىدىم» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ساتىراش نائىلاج خېرىدارنىڭ چەپ قېشىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بۇ خېرىدار دۇكاندىن چىقىپلا ئۇدۇل سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ: «ساتىراش بىر قېشىمنى چۈشۈرۈۋېتىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ ئەرز سۇنىدۇ ۋە ساتىراشنىڭ بىر قوي تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سودىيە بۇ دېلونى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ: خېرىدارنىڭ ئوغلى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن زىياپەت ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇپ ئاتىسىنى بىر قوي سويۇشقا قىستاپ تۇرۇۋاپتۇ. لېكىن قولى قىسقا ئاتا تەڭلىك تارتىپ ئاخىرى ساتىراشخانىغا كىرىپ يۇقىرىدىكى ھېكايىنى توقۇپ چىقارغانىكەن.

سودىيەنىڭ بۇ دېلو ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈم ئېلان قىلغىنىنى بىز نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىزغا تەتبىقلايدىغان بولساق، نەق يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيىلەر ناھايىتى كۆپ. نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار پەقىرلىقىدىن پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەرگە ئەۋەتەلمەي پەرىشان بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بىز يەنىلا ھالىمىزغا باقماي توي-مۇراسىملىرىنى بەس-بەس بىلەن زومۇ-زو ئېغىرلىتىپ، ھەرخىل ئاتاقتىكى خاتىرە كۈنلەرنى كۆپەيتىپ، سوۋغا-داستىخانلىرىمىزنىڭ مىقدارىنى ئاۋۇتۇپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نادانلارچە خورۇتۇۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاخىر بېرىپ پۈتكۈل مىللەتنى گادايلاشتۇرىدىغان، ئىلىم-مەرىپەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، خۇددى سىگانلاردەك ئاچ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان، پۇلسىزلىقتىن قوشنىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغۇرلايدىغان، ھۈنەر-بىلىم ئىگىلەشتىن قېچىپ بېشى قايغان تەرەپكە يورغىلايدىغان تراگېدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.


ئاشۇنداق ھالاكەتلىك تراگېدىيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇئەللىملىرىمىزنىڭ دەرسخانا مۇنبەرلىرىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ھارماي-تالماي سۆزلەپ تۇرغان نۇتۇقلىرىدا ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن مىسال ئېلىپ، ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئىستىقبال چىرىغىنى ياندۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ.

بىر فىزىكا مۇئەللىمى دەرس مۇنبىرىدە نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ مۇنۇلارنى خىتاب قىلىدۇ:

- دۇنيا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان بىر تۈپ ئالما دەرىخى ئىساك نيۇتوننىڭ ئىلمىي ئىنقىلابىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. ئاشۇ مۇقەددەس ئالما دەرىخىنى ئېنگلىزلەر مەڭگۈ قەدىرلەپ ساقلاۋاتىدۇ. مانا بۇ، مەدەنىي مىللەتنىڭ ماھىيىتى. بىزچۇ؟ ئالما دەرىخى تۈگۈل بىر-بىرىمىزنى كەسلەپ شېخى قۇرۇۋاتقان دەرەخكە، ئۆلەمجانلارغا ئايلىنىشقا باشلىدۇق. مانا بۇ، قالاق مىللەتنىڭ ماھىيىتى. بىز تېلېۋىزوردا «تەلەپ-تەقدىم» دىن باشقا ئىلمىي ئۇچۇرلارنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئەمەس؛ ئىككى نان تاپساق بىرىنى داپ قىلىپ چېلىپ ئويناش بىزنىڭ خۇمارىمىز. زامانىۋى مەدەنىيەت رىقابىتى بۇنداق مىللەتكە ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئەۋلادلار سەگەك بولايلى!

مۇئەللىمنىڭ بۇ دانا نۇتقى ئەسىر سىگنالى بولۇشقا مۇناسىپ.

1998-يىل 11-نويابىر (M1)



# پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھارماس كۆيچىسى

ـ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كاتتا ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

ۋەلى

1

خەلقىمىزدە: «كەتكەنلەر كېلۇر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس» دېگەن گەپ بار. بىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق. مەرھۇم ھايات ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. پەرق شۇكى، ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات چېغىدىكىدەك نامايان بولىدۇ.

2

مەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تونۇشتۇم. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا خەلقىمىز ئىچىدىكى كۆپلىگە ئىلىم-پەن ئەھلى بىلەن ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى. بۇ جەرياندا، كىشىلەرنىڭ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم ھەمدە بۇ كىشى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. ھەر قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مەرھۇمنىڭ پىكرىنىڭ سۇزۇكلىكىنى، يېڭىلىقىنى، تىرەنلىكىنى ۋە مول قىياس كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بارا-بارا قويۇقلاشتى. مەرھۇم ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىر قانچە تېما توغرىسىدا توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مېنى ئەتراپلىق تونۇشقا ئىگە قىلدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» (بۇ كىتاب 1986-يىلى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىندى)، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» (بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە،

## ئالىملىرىمىز

ئىدېئولوگىيە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ئىدى. بۇ كىتاب ھەققىدە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس مۇنازىرە يۈز بەرگەن بولۇپ، كېيىن ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى»گە ماقالە يېزىپ مېنى تەنقىد قىلغانىدى. ئەمما ئۇ ئاخىر مېنىڭ پىكرىمنى قوبۇل قىلىپ ئەسەرنى ھازىرقى نامى بىلەن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرمۇ نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1997-يىلى نەشر قىلىندى) ۋە «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» (1998-يىلى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىندى) گە ئوخشاش بىر قاتار يىرىك تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ، مۇبادا تەن سالامەتلىكى يار بەرسىلا، بۇ تېمىلارنى روياپقا چىقىرىپ بولۇپلا ئارقىدىنلا «يىپەك يولىدىكى يېڭى ئويلىنىش» دېگەن ئومۇمىي تېما ئۈستىدە يۇرتىمىز ھەققىدە بىر قاتار چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش ئويىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى (بۇ كىتابنىڭ كاتالوگى «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى) .

شۇ مەزگىلدە گېزىت-ژۇرناللاردا «ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنايلى» دېگەن ئومۇمىي تېما ئاستىدا «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئۆزىمىزنى قايتا تونۇش» قا ئائىت بىر قاتار پوبلىستىك ماقالىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى چاقىرىلدى.

3

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتور ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كاتتا ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە نەشرىياتىمىزغا تاپشۇردى. مەن بۇ ئەسەرنى تولىمۇ قىزىقىش ئىچىدە تېزلا كۆرۈپ چىقتىم ۋە ئاپتور بىلەن بۇ ئەسەر ھەققىدە ئەتراپلىق - تەپسىلىي پىكىرلەشتىم. بۇ ئەسەرنى يېزىش سەۋەبلىرى ھەققىدە توختالغاندا ، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يادىمدا: «مەن ئۆسمۈرلۈككە قەدەم قويغىنىمدا ، خانئۆي دېگەن يەردە بوراندىن كېيىن ھەر خىل تومپۇر-يارماقلارنىڭ ئېچىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. تەكلىماكاندىكى تىلسىماتلار ھەققىدە ، قۇم باستان شەھەرلەر ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، باللىق قەلبىمدە پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاشۇ سىرلىق تىلسىمغا بولغان ھەيرانلىقىم ۋە قىزىقىشىم ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. تەپكۈچلىرىم، ئودىكام ئوينىغاندىكى داچەن پۇللىرىممۇ مۇشۇ چۆل- باياۋانلاردىكى كونا تاملىقلاردىن تېپىلغان يارماقلاردىن ياسالغانىدى» .

مەرھۇمنىڭ دېيىشىچە باللىق-ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى ئاشۇ سەبىي ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش -كېيىنكى چاغلاردىكى بۇ تىلسىماتلار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە بىۋاستە ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ بولغانىكەن.

50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇنىڭغا ئاشۇ تىلسىم ماكان - تەكلىماكانغا ھارۋا بىلەن كىرىپ چىقىشقا نېسىپ بولۇپتۇ. ئەمما، 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ 70-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاياغلاشقان ئاشۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

بۇ «ئىنقىلاب» تا «ئۆزگەرتىش» كە تاپشۇرۇلغان ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ يەر ئاستى كىتاب ئىسكىلاتىغا «چېنىقىش» قا چۈشۈرۈلۈپتۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت بولۇپ بېرىپتۇ. ئۇ، ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ئوتانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بۇددا تاشكېمىرلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن سەنئەت جاۋاھىراتلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار خاتىرىلەنگەن ئىككى توملۇق رەسىملىك ئالبوم «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» (مەرھۇم بورھان شەھىدى ئەپەندى بۇ كىتابنى ياپونىيىدىن سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا سوۋغا قىلغان) نى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇپەسسەل تونۇشۇپ چىقىپتۇ.

80-يىللاردا ، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ، تاشكېمىر خارابىلىرىنى ئايلىنىپ تەكشۈردى. چەت ئەللەرگە چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ يەرلەردىكى شۇ خىل سەنئەت تارىخىي نۇقتىلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشتى.

«. . . مىڭئۆيلەرنىڭ ۋەيران ھالىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سۈنئىي يوسۇندا داۋاملىق نەملىنىشىپ (مەسىلەن، قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرى شۇ يەرگە ياسالغان سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىدە زەيلىشىپ كەتتى) ياكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ ئېچىندىم. . . » دېگەنىدى ئۇ.

4

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى - يىپەك يولى سەنئىتىدىكى بىباھا گۆھەردۇر. ماكانلىق، ئوبرازلىق سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ زامان (تارىخ) نىڭ زەربىسىدە بارغانسېرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش قىسمىتىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نوبېل ۋە ئوسكار مالىيە ماگناتلىرىنىڭ تەمىناتى بىلەن ئاۋرېل ستەين، فون لېكوك قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيىچىلەر يۇرتىمىزغا كېلىپ ھەر قايسى جايلارنى قىدىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ سەنئەت خەزىنىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن.

غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنى زامانىمىزدىكى ياكى كېيىنكى ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ بەھر ئېلىشى ئۈچۈن 12مۇقامغا ئوخشاش ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىۋالغىلى ياكى نوتىلاشتۇرۇپ، ئاكورتلاشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ۋە ياكى سەھنىدە ئورۇنداش ئارقىلىق ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، مۇشۇنداق خەۋپسىرەش تۈيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كاتتا ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، تارىختىكى غەربىي يۇرت ھەيكەللىرىنى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى قايتا نامايان قىلىپ، تاشكېمىر نۇقتىلىرىنى كىتاب قىلىپ پۈتۈپ چىقىشقا بەل باغلىدى. ئۇ، مۇشۇنداق ئىرادە بىلەن سەككىز يىل ۋاقىت، نەچچە مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق جايلاردا چېچىلىپ ياتقان غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە رەسىملەرنى ئېرىنمەي توپلىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، نەشرىياتىمىز «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» گە ئائىت بىر يۈرۈش كىتابلارنى پىلانىغا ئالدى ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى. بۇ كىتابلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## 5

مەن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن ئەسەرنى تەھرىرلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا، بۇ ئەسەرنىڭ «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك خاسلىقىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم:

1. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى دۆلىتىمىز بويىچە «يىپەك يولى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»نى يېزىشقا قاتناشقان بىردىنبىر ئازسانلىق مىللەتلەر يازغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

2. ئۇ يازغان «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتابقا كۆپ مىقداردا رەسىم قىستۇرۇلدى. ۋەھالەنكى، بۇ رەسىملەر كىتابنىڭ جانتومۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىقتى (خەنزۇچىسىنىمۇ نەشرىياتىمىزغا تاپشۇردى). بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ئۇ 15مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلىدى.

«غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنغا ئىگە كاتتا بىر ئىلمىي تېما». چۈنكى غەربىي يۇرت تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنى مۇپەسسەل ئىزاھلاپ چىقاندىلا، ئاندىن غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ مىللىي ئاساسلىرىنى قايىل قىلارلىق ھالدا ئېنىقلاپ چىققىلى بولاتتى. ئاپتور بۇ ھەقتە توختالغاندا:

«بۇ، دېيىشكە ئاسان، يازماق قىيىن بولغان بىر تۈرلۈك ئىش، شۇڭا مەن قولۇمغا بىرقانچە قېتىم قەلەمنى ئېلىپ، بىرقانچە قېتىم قەلەمنى قويۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇددىزم ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇرەككەپ سىستېما بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقماي تۇرۇپ، تاشكېمىر سەنئىتىنى يازماق قىيىن. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابلاردا يېزىلمىغان، ئەمما مۇئەللىپ بىلىشى زۆرۈر بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ مەن ئۈچۈن ئاساسەن ناتونۇش، غەيرىي ئىسلام ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مەسىلىنىڭ بىرىنچىسى؛ يەنە بىر مەسىلە شۇكى، زامان (تارىخ) ۋە ماكان (رايون) قىسمىتىدىن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك چېچىلغان بۇ سەنئەت دۇردانىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا، ئۇنىڭ بالدۇر-كېيىنلىكى، باشقا ئەللەردىكى ئوخشاش تۈردىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى، بالبال ۋە باشقا بۇددا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان چەت ئەللىك ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى نوپۇزلۇق ئالىملار بېشىغا تاج قىلىپ كىيىپ يۈرگەن ‹غەربىي يۇرتتا ئەزەلدىن مەدەنىيەت بولمىغان›، ‹بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ھىندىستان ياكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان›، دېگەن غەيرىي ئىلمىي قاراشلارنىڭ قويۇق ئاسارىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەنىدى.

ئاپتور ئۈچۈن يۇقىرىدا ئۆزى ئېيتقان مۈشكۈلاتنى يەڭگەندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ ئالدىنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك قىيىنچىلىق توراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى، ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى، دىنى ۋە مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئۇنتۇلغان ياكى ئۇلارنى قايتا ئەسلەشكە ماجالى بولمىغان بۇ خەلققە بۇ تېمىنى قانداق ئىنچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلىپ بېرىش ۋە بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش سانىلاتتى؛ يەنە بىرى، شۇنچىۋالا كۆپ رەڭلىك رەسىملەرنى ئوقۇرمەنلەرگە قانداق يەتكۈزۈپ بېرىش، نۆۋەتتە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىز قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئاپتورغا ئېغىر كېلىدىغان بىر قىيىن ئىش ھېسابلىناتتى.

مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ كىتابى ھەققىدە: «ئەسلىدە مەن بارغانسېرى بوزۇلۇپ ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتقان غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى نەمۇنىلىرىنى ئىمكانقەدەر كىتاب سەھىپىسىگە يۆتكەشكە تىرىشقانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب شەكلىدىكى سىڭگۈيلەرنى خەلقىمىزگە خاتىرە سۈپىتىدە سوۋغا قىلسام دېگەن ئارزۇ بىلەن يېتەرلىك رەسىملەر فوندى توپلىغان بولسامۇ، ئەمما نۆۋەتتە كىتاب تەننەرقى يۇقىرى، نەشر قىلىش مۈشكۈل، تىراژ كەمچىل بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پۈتكۈل رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قىسقارتىشقا، رەڭلىك رەسىملەرنىڭ سانىنى تېزگىنلەشكە مەجبۇر بولدۇم...» دەيدۇ. بۇ، ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە.

## 6

جوڭگونىڭ ئەمىنىيەدەۋرى ئاخىرلىرىدا ياشىغان مەشھۇر پەيلاسوپى لاۋرەن: «ئاپەت رەقىبىنى سەل چاغلاشتىن كېلىدۇ؛ كىمكى رەقىبىنى سەل چاغلىسا، بىپەرۋالىق قىلسا، ئۆزىنىڭ بەخت-سائادىتىنى يوقىتىدۇ. ئىككى تەرەپ رەقىب بىر-بىرى بىلەن ئېلىشقاندا، خىيىم-خەتەردىن قورقمىغانلار غالىب كېلىدۇ» دېگەنىدى. ئىككى قوشۇن ئېلىشقاندا، ھايات-ماماتنى قايرىپ قويۇپ، جان تىكىپ ئېلىشقان تەرەپ غەلىبە قازىنالايدۇ. چۈنكى ئاجىز تەرەپتە ئىدىيە جەھەتتە بوپا بولمايدۇ، ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئىرادىلىك، جۇشقۇن، غەيرەتلىك بولىدۇ. ئالغا ئىنتىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلماي قالمايدۇ. بۇ بىر ئاددىي قائىدىدۇر. بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى بولمىسا، ئالغا بېسىش قەدىمى چوقۇم ئاستىلاپ قالىدۇ. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىگىمنى ھازىرلىغان مىللەتلا ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى سېزىۋالايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تارىختىكى ھەر قايسى قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مىللىي-يەرلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلمىسى ئاساسىدا ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. شۇنداقلا بۇنداق ئۆزگىچە مىللىي-يەرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەسىرىدىن ئايرىلالىغان ئەمەس. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن بۇ كاتتا ئەسىرىدە ئالىم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندا بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت-سەنئەت مۆجىزىلىرىدىن نۇقتىلىق مىسال كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ قامۇسىي كىتاب ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى قاراشلىرى ئاساسىدا غەربىي يۇرت بۇددا تاشكېمىر سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا تېمىنى يورۇتۇشقا تاشلانغان خاسىيەتلىك قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ: «بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان تاشكېمىر سەنئىتىگە دائىر بۇ مۆجىزىلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چەت ئەل قېدىرغۇچىلىرىنى ھەيران قالدۇرغان غەربىي يۇرت بۇددا-مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. شۇنىڭدەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ساقلانغان

ۋە تېپىلغان غەربىي يۇرت بۇددا-مانى سەنئەت يادىكارلىقلىرى خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا ياراتقان ۋە نۇرلاندۇرغان مىسلىسىز كۆركەم ۋە بىقىياس نەفىس سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ زامان چاڭ-توزانلىرى ۋە تەبىئىي-سۈنئىي ئاپەتلەردىن ئېشىپ قالغان ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي قاتلام مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشكە بىز مەڭگۈ ئېلاجىسىز!» دەيدۇ.

## 7

قەدىمكى يۇنان ئالىمى ئارخىمېد: «ماڭا تىرەك بولغىدەك بىرەر نۇقتىنى تېپىپ بېرەلىسەڭلار، مەن پىشاڭ بىلەن يەر شارىنى كۆتۈرۈپ تەتۈرسىگە ئايلاندۇرالىغان بولاتتىم» دېگەنىكەن.

يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى ئوبيېكتىپ پاكىتتۇر. ئەمما، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان بىر خىل كۈچ ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئەزەلدىن توختاپ باققىنى يوق.

مۇبادا، بۇنداق «تىرەك بولىدىغان نۇقتا» مەۋجۇد بولىدىغان بولسا، ئۇ زادى نېمە؟

18-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر فرانسوز مۇتەپەككۇرى سېن-سىمون ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

«مۇبادا فرانسىيە تۇساتتىنلا ئۆزىنىڭ 50 نەپەر مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمىدىن، 50نەپەر مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىمىدىن، 50نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچىسىدىن، 50نەپەر مۇنەۋۋەر ھەربىي ئالىمىدىن، 50نەپەر مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا... ئۇ چاغدا فرانسىيە شۇئان بىر مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.»

شەك-شۈبھىسىزكى، سېن-سىموننىڭ نەزەرىدە، ئىدىيە، ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە مەدەنىيەت سىمۋوللىرى فرانسوزلارنىڭ گۈللىنىشىدىكى «تىرەك بولىدىغان نۇقتا» ھېسابلانغان.

ھەربىر دەۋرنىڭ، ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز باياناتچىلىرى -بۈيۈك شائىرلىرى ۋە بۈيۈك پەيلاسوپلىرى بولىدۇ. بۈيۈك شائىرلىرى بولمىغان مىللەت ھېسسىياتسىز مىللەت ھېسابلىنىدۇ؛ بۈيۈك پەيلاسوپلىرى بولمىغان مىللەت پىشىپ يېتىلگەن مىللەت ھېسابلانمايدۇ. ۋەھالەنكى، پىشىپ يېتىلمىگەن مىللەت ئەقلى ھوشى جايىدا بولمىغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلار سەركىسىز مىللەت بولۇپ، بىر توپ پادىدىن پەرقلەنمەيدۇ ياكى دېڭىزدا كومپاسسىز ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشايدۇ.

بۈيۈك شائىرلار، بۈيۈك پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە دەۋرنىڭ دەرد-ئەلەملىرى-نى، ئېسەنكىرەش ۋە تېڭىرقاشلىرىنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئەسىر قىزىقىشلىرىنى، ئىزدىنىش ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنىمۇ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە قاتمۇ قات مۇھاسىرە چەمبىرەكلىرى ئىچىدىن بىر بۆسۈش ئېغىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئارقامدىن مېڭىڭلار!» دەپ چوقان سالالايدۇ.

* * *

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى بىزنى تاشلاپ مەڭگۈگە كەتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەرھۇم باشلاپ بەرگەن بۇ ساھەدە بىر بوشلۇق پەيدا بولغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلماقتىمىز.

مەن بۇ ماقالەمنى خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تارقىلىپ كەلگەن قەدىمكى بىر ئوغۇز مەسىلى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن:

«... ئادەمزات ئارىسىدا ئەسلىدە ئوت يوق ئىكەن. ھەر يىلى كۆز پەسلىدە ئاسمان تەڭرىسى ئىلاھىي لەشكەرلىرىنى باشلاپ يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئادەملەر ئارىسىغا كېلىدىكەن ۋە شۇ يەردە ئىلاھىي ئوت مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. پەقەت شۇچاغدىلا ئادەملەر ئوتنىڭ ئىللىق تەپتىدىن بەھر ئالالايدىكەن. كۆكتەڭرى ئىلاھىي ئوت مۇراسىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاسماندىكى ئوردىسىغا قايتقاندا ھېلىقى ئىلاھىي ئوتنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىدىكەن.

شۇ چاغلاردا تەڭرىتاغلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر قەبىلىسىدە بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى (غال)، دەپ قويۇپتۇ (مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا (ئوت) بولىدۇ). كۆكتەڭرى ئاسماندىكى ئوردىسىغا قايتىدىغان چاغدا ھېلىقى ئوغۇلنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قايتىپتۇ ۋە ئۇنى ئىلاھىي ئوتقا قارايدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلەپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل يەر يۈزىدىكى ئاتا-ئانىسىنىڭ، يۇرت-قاياشلىرىنىڭ ئوتسىز زېمىندا تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى ئويلىغىنىدا، ئۆزى ساقلاۋاتقان ئوتتەك ئۆرتىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلاپ يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنى ئازابتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپتۇ ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلاپ قاپاققا سېلىپ، ئادەملەر ئارىسىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغىنىدا، سىر پاش بولۇپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. سېغىزخان ۋە كالىنىڭ ياردىمى بىلەن جېنى ئامان قېلىپ، كۆكتەڭرى تەرىپىدىن كۆكتىكى تاش تاراشلاش مەيدانىغا تاش چوقۇشقا پالىنىپتۇ. كۆكتەڭرى ئۇ چوقىغان تاشلارنى يەر يۈزىگە تۇشۇتۇپ، ئۇردا-قەسىر سالدۇرماقچىكەن. ھېلىقى ئوغۇل ئىلاھىي ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى ھەر بىر تاشقا يوشۇرۇپ ئادەملەر ئارىسىغا ماڭغۇزۇۋېتىپتۇ ھەمدە سېغىزخان ئارقىلىق ئادەملەرگە: «تاشلارنىڭ ئىچىگە ئوت ئۇچقۇنى يوشۇرۇنغان»، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ئادەملەر ھېلىقى تاشلارنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئوت ئۇچقۇنىنى تېپىپتۇ ۋە ئوتقا ئېرىشىپتۇ. ھېلىقى ئوغۇل بولسا، كۆكتىكى تاشلىقتا مەڭگۈ تاش چوقۇشقا بەنت قىلىنىپتۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئاشۇ ئوغۇل چوقىغان تاشنىڭ پارچىلىرىدىن بىنا بولغانىكەن...»

---

ئاپتور (ئابدۇۋەلى ئەلى): شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى(M1)

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

# دانالار خەزىنىسى



## هايات ھەقىقەتلىرى

### ھېكمەتلەر

▲ كىشىلەرگە پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ تەگمەيدىغان ئادەمدىن بىچارە ئادەم يوق.

**- قابۇس**

▲ ئامال-چارىسىز ياشىغان ئادەم - غېرىب ئادەمدۇر

**- تۇرگېنىف**

▲ خالىغان ھەممە ئىشىڭىزنى قىلالمىغاندىكىن قولىڭىزدىن كېلىدىغانىنىڭ پېيىدا بولۇڭ.

**- تىرىنتى**

▲ ئەڭ ھالاكەتلىك خاتالىقلىرىمىزنىڭ بىرى-ناچار ئىشلەپ ياخشى ئىشنىمۇ بەربات قىلىشىمىزدۇر.

**- ئۇ. پېنىن**

▲ ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلماسلىق ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەقىللىق بولۇش كېرەك.

**- لارۇشفۇكو**

▲ جاھالەتنىڭ ئۈچ خىل تۈرى بار: ئومۇمەن ھېچنەرسىنى بىلمەسلىك، بىلگەن نەرسىلىرىنىمۇ چالا-پۇلا بىلىش، كېرەكسىز نەرسىلەرنى بىلىش.

**- دىيوكلۇ**

▲ دوستلار ياخشى كۈنلەردە پەقەت تەكلىپ بىلەن، بەختسىز كۈنلەردە بولسا تەكلىپسىز-ئۆزلىكىدىن قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرى كېرەك.

**- سوقرات**

▲ باشقىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان كىشىلەرگە قارىغاندا، ئۆزىنى ئۆزى يوقاتقانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ.

**- ژ. لېببوك**

▲ ھەرقانداق ھۇجۇم ۋە جىنايەتلەرمۇ خەلقنى ۋە خەلققە كېرەكلىك ئادەملەرنى ھاراقكەشلىكتەك ۋەيران قىلمايدۇ.

**- ف. بېكون**

▲ مېنىڭچە، ھەرقانداق زاماننىڭ ئۆزىدە ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئەھمىيەتلىك ياشىغىلى بولىدۇ. بىز ھاياتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەسلىكىمىز، بۇ ھاياتتا «قولۇمدىن كەلگەن ئىشنى قىلدىم» دېيەلىشىمىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇ.

**- كيورىي خانىم**

▲ ئەگەر سىز كۆزلىگەن مەقسىتىڭگە يېتىمەن دېسىڭىز، شۇ مەقسىتىڭىزنى يوشۇرۇشنى بىلىڭ.

**روسسو**

---

توپلىغۇچى: نۇرگۈل ھېبىت

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىدىن

### - «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» دىن ھېكمەتلەر

▲ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى باراۋەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ باشقىلىرىنى قوغداش كويىدا بولىدۇ: دۈشمەنلەرگە قارشى ئۆزئارا ئۈم بولىدۇ.

▲ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تاغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر.

▲ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى چۈشەنگەن ئادەم ھالاك بولمايدۇ.

▲ مەسلىھەتكە چاقىرىلغان ئادەم ئىشەنچلىك ئادەم.

▲ دوستۇڭغا تولا يېقىنلىشىپ كەتمە، بىر كۈنى ئۇ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

▲ ئادەم بالىسى قورساقتىنمۇ يوغان قاچىنى تولدۇرغىنى

يوق، تويۇش ئۈچۈن بىر قانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. يېيىش زۆرۈر بولغاندا ئۇ ئاشقازاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماق ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرىنى سۇ ئۈچۈن، ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئۈچۈن قويۇپ قويسۇن.

---

تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەت ئىمىن (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

لوقمان ھەكىم ئوغلى قەيەرگە نەسىھەت قىلىپ دېدىكى: ئەي ئوغلۇم، بىلگىنكى، ھەر قاچان بىر نادان بىلەن سۆزگە كېلىپ مۇنازىرە قىلىشساڭ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ جاۋاب بەرمىگىن، بەلكى يۇمشاق تىل بىلەن جاۋاپ بەر، چۈنكى ئۇنادان ئېھتىمال نادانلىق خۇمارىدىن سالامەت بولۇر. نادان - ئەخمەققە قاتتىق سۆزبىلەن جاۋاب بەرسەڭ، ئۆپكىسى كۆيىدۇ. ھەقىقىي سۆزنى مۇلاقەت بىلەن پەھىم قىلماي ساڭا زۇلۇم يۈرگۈزىدۇ. ئۇ نادانغا چىرايلىق سۆز بىلەن بەرگەن جاۋابىڭ ئاڭا پايدا (تەسىر) بەرمىسە، سۆزۈڭنى تەكرارلاپ ئىككىنچى مەرتىبە يەنە دەپ ئولتۇرما. چۈنكى سەن سۆزۈڭنى تەكرارلىغانسېرى ئۇنىڭ نادانلىقى ئارتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا گەپ قىلماي جىم تۇرۇش لازىمدۇر.

بىمەنە -پايدىسىز سۆزلەرگە قۇلاق سالما. ئەگەر شۇنداق سۆزلەر بولىنىۋاتقان جايدا بولۇپ قالساڭ، قويۇپ باشقا جايغا كەت.

سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ بولغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ياخشى سۆز ئىشتمەكچى بولساڭ، قايسى سۆز نەسىھەت-ئۈگۈت ۋە پايدىلىق بولسا، شۇنى ئاڭلا. ئۇنداق سۆزنى قولىڭغا ھالقا قىلىپ ئاس.

ئەگەر ياخشى سۆز ئېيتۇرغا ھالىڭ كەلمىسە، جىم تۇرۇپ باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال. ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشمۇ بىر ياخشى خىسلەتتۇر.

تىل - مەنالار خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

گۈزەل - تاتلىق تىل بىلەن ئەجدىھانىڭ ئاغزىنىمۇ بەنت قىلغىلى بولىدۇ. قاتتىق سۆز ئوتقا تارتىدىغان ئىشلارنىمۇ تەتۈر قىلىۋېتىدۇ.

## دانالار: ياخشى ئاياللارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

1

ياخشى خوتۇن ئېرىنىڭ سىرىنى پاش ئەيلىمەس. قانچىلىك قايغۇدا بولسىمۇ، ئارتۇقچە سۆزلەپ يۈرمەس. ئەگەر خوتۇننىڭ سۈپاتى يۇقىرىقىدەك بولسا، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى، دەپ بىلگىل. بۇنداق نازىنىن خوتۇن قولۇڭغاچۈشسە، قانداق سىرىڭ بولسا، يوشۇرماي ئېيتقىن، ئۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ: «مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، خىزمەتچىڭ» دېگىن.

2

خوتۇن ئالماق بولساڭ سۈرىتى، چىرايىغا قارىماي ئۇنىڭ ياخشى خۇلقىغا قارا. ياخشى خۇلقلۇق بىر خوتۇن يولۇقسا، ئۇنى بايلىق كۆرگىن. تىلى تاتلىق خوتۇن ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ، بايلىقىڭ ئۈزۈكى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يامان سۆزلۈك خوتۇن ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئۇ، جېنىڭغا بالا-قازادۇر.

خوتۇننىڭ يامىنى شەيتاننىڭ قامچىسىدۇر. قولۇڭنى ئىبادەتتىن باغلاپ، گۇناھ دەرياسىغا چۆمدۈرگۈچىدۇر. ئۇ، ئىككى دۇنيانىڭ دوزىقىدۇر. بۇنداق خوتۇننى قويۇۋەت، سەندىن يىراقراق كەتسۇن. ئۇ كەتمىسە سەن ئۆزۈڭ بېشىڭنى ئېلىپ كەت. ئۆزۈڭگە بۇ تاغدەك ئېغىر يۈكنى يۈكلەپ يۈرمە، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇپ، سالامەت بولۇشنى ئويلا.

ئەگەر خوتۇن ياش باللار (تالا) غا قارىغۇچى بولسا، ئۇ-مادا ئىشەكتۇر. ئۇ، ھەرقانچە ئايدەك ۋە قۇياشتەك گۈزەل بولمىسۇن، بىر نابىكاردۇر. بۇنداق خوتۇننى ھەرگىز ئالما. چۈنكى ئۇ، ئۆلگىچە سېنىڭ بوينۇڭغا سېلىنغان ئۈزۈلمەس بىر يىپتۇر. ئۇنىڭ بىلەن تىرىكلىك ئەيلىمەكنىڭ ئاخىرى ئازابتۇر.

بىر ھىيلىگەر خوتۇننىڭ ھىيلىسى، قىرىق ئەرنىڭ ھىيلىسىدىن ياماندۇر.

---

تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

## ھېكمەتلەر

▲ غالىب سەركەردە ئادەملەرنىڭ كۆزى ئالدىدا نوقسانسىز كۆرۈنىدۇ

- ۋولتىر

▲ كىشىلەرنىڭ بالا-قازاسى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

- ئىزوف

▲ ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىدا ئۆلگەن ئادەمنى ھەرگىزمۇ مەغلۇب بولدى ، دېگىلى بولمايدۇ.

- بايرون

## جىبران خەلىل جىبران ھېكمەتلىرىدىن

▲ گۈزەللىكسىز دىيانەتمۇ، ئىلىممۇ بولمايدۇ.

▲ مېھرىبانلىق - پەقەت ئادالەتنىڭ يېرىمى.

▲ ھەقىقىي ياخشى ئادەم، بۇ دۇنيا يامان دەپ قارىغان كىشىلەردىن چەك-چېگرا ئاجراتمىغان ئادەمدۇر.

▲ سېنىڭ قايغۇڭ ياكى شادلىقىڭ بەك چوڭقۇر بولسا، بۇ دۇنيا كۆزۈڭگە بەك كىچىك كۆرۈنىدۇ.

▲ بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەڭ ئاچچىق قايغۇ-ھەسرىتىمىز، تۈنۈگۈنكى شادلىقىمىزنىڭ ئەسلىمىسىدۇر.

▲ ئۇنىڭ شەرمىي ھايالىقىدىن كېلىپ چىققان ئوڭۇشسىزلىق ئۇنىڭ كۆرەڭلىكىدىن كېلىپ چىققان مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆپ ياخشى.

▲ توغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش باتۇرلۇقنىڭ ئەڭ يارقىن ئىككى خىل كۆرۈنۈشىدۇر.

▲ سەن ئېچىرقاپ كەتكەن كىشىنى تويغۇزغان بولساڭ، پۈتۈن خىيالىڭ ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا بولسۇن

## كۆڭزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتلەر

▲ ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ، مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالغان ئادەملەردە رەھىمدىللىك كەمدىنكەم بولىدۇ.

▲ ئالىيجانابلار ئەخلاقىقا ھېرىسمەن كېلىدۇ، پەسكەشلەر يەرگە، ئالىيجانابلار قانۇنغا ھېرىسمەن كېلىدۇ، پەسكەشلەر نەپكە.

▲ ئاقىللار قايمۇقماس، رەھىمدىللەر قايغۇرماس، باتۇرلار قورقماس.

▲ ئۆزۈڭ توغرا ئىش قىلساڭ خەقنى ئىشقا بۇيرۇمىساڭمۇ قىلىدۇ، ئۆزۈڭ توغرا ئىش قىلمىساڭ خەقنى ئىشقا بۇيرۇساڭمۇ ئاڭلىمايدۇ.

▲ ئەخلاقلىق ئىنساننىڭ پىكىرلىك بولۇشى مۇقەررەر، ئەمما پىكىرلىك ئىنساننىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى ناتايىن.

رەھىمدىل ئىنساننىڭ باتۇر بولۇشى مۇقەررەر، باتۇر ئىنساننىڭ رەھىمدىل بولۇشى ناتايىن.

▲ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرىمەي، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئەنسىرەش كېرەك.

▲ ياشلار قالتىس كېلىدۇ، ئۇلار كېيىن بىزنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىر ئادەم 50.40 ياشقا كىرىپمۇ ئىش تەۋرىتەلمەي يۈرسە، ئۇنىڭ قالتىس دېگۈچىلىكى قالمايدۇ.

▲ پايدا يەتكۈزىدىغان دوست ئۈچ خىل بولىدۇ، زىيان يەتكۈزىدىغان دوستمۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. تۈز كۆڭۈل، سەمىمىي ۋە بىلىملىك ئادەمنى دوست تۇتۇش پايدىلىق. تەخسىكەشلەرنى، ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ ئارقىدا غەيۋەت قىلىدىغانلارنى، ياغلىما سۆز قىلىدىغانلارنى دوست تۇتۇش زىيانلىق.

▲ ئەتىدىن كەچكىچە بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ، بىمەنە گەپ سېتىپ بىلەرمەنلىك قىلىپ يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىرەر نەتىجە ياراتمىغى قىيىن.

▲ ئالىيجانابلار مۇنداق ئۈچ ئىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك: قورامىغا يەتمىگەن چاغداكۈچ-قۇۋۋەتكە تولمىغان بولىدۇ، بۇ چاغدا ھاۋايى-ھەۋەستىن، قورامىغا يەتكەن چاغداكۈچ-قۇۋۋەتكە تازا تولغان بولىدۇ، بۇ چاغدا نوچىلىقتىن، قېرىغاندا كۈچ-قۇۋۋەتتىن قالىدۇ، بۇ چاغدا ئاچكۆزلۈكتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

▲ باشقىلاردىن كېيىن قالارمەنمۇ دەپ بەسلىشىش، ئۆگەنگىنىنى ئۇنتۇپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەش - بىلىم ئېلىشنىڭ يولىدۇر.

▲ بەس! مەن گۈزەل ئەخلاقنى، ساھىبجامالنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم.

## ھېكمەتلەر ۋە ھېكايەتلەر

### - مۇئىن جوۋەينى ھېكمەتلىرىدىن

▲ جاھىلنىڭ ئالامىتى بەشتۇر: قاتتىق غەزەپلىنىش، بىھۇدە سۆزلەش، مەنپەئەت كۆزلىمەي تۇرۇپ بىر نەرسە بەرمەسلىك، ئۇششۇقچە ماختىنىش، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق قىلالماسلىق.

▲ كىمكى ئەيىبسىز دوست ئىزدىسە، دوستى ئازىيىدۇ. كىمكى بىرەر خاتالىق ئۈچۈن دوستىنىڭ ئەدىبىنى بەرسە دۈشمىنى كۆپىيىدۇ.

▲ ئالىم جاھىلنى ئاجرىتالايدۇ، چۈنكى جاھىل بىر كۈنى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ، لېكىن جاھىل ئالىمنى ئاجرىتالمايدۇ، چۈنكى ئالىم ھەرگىز قابىلىيىتىنى كۆز-كۆز قىلمايدۇ.

▲ بىر دانادىن سورىدى:

- پايدىسىز نەرسە نېمە؟

ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى:

- ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلاردىن ئۈمىد كۈتۈش.

▲ سۇنزى دېدى:

- مەن ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم ئۆز-ئۆزۈمگە: «مەن ئوي-پىكىردە سەمىمىيمۇ، دوستلىرىمغا تولۇق ساداقەتمەنمۇ، ئۇستازلىرىمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بېجىرىۋاتىمەنمۇ» دەپ سوئال قويۇپ ئۆزۈمنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىمەن.

▲ ئۇستازدىن پەرزەنت بۇرچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى.

ئۇستاز دېدى:

- كىشىلەر ئاتا-ئانىسىنى باقالايدىغان پەرزەنتنىلا پەرزەنت دەپ قارايدۇ، ئادەملەر ھايۋانلارنىمۇ باقىدىغۇ، ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت بولمىسا ئۇلارنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى.

▲ ئۇستازدىن ھەقىقىي ئەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

ئۇستاز جاۋاب بەردى:

- ھەقىقىي ئەر ئاۋۋال پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئاندىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچىدۇ.

---

توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان توختى (ئوقۇغۇچى)

## دانالار تىلىدىن تۆكۈلگەن سوئال - جاۋابلىق ئۈنچىلەر

▲ ئەي بەخت چېھرىسىنى تەپەككۇر ئەينىكىڭىز بىلەن روشەن ئايان قىلىپ بەرگۈچى غەمگۇزار دانىشمەن بوۋا، ئەقىل سورىغان يولدىن ئازمايدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك بايانغا ئاساسەن مەن سىزدىن تۇرمۇشتىكى بەزى بىر سوئاللارغا جاۋاب سورايمەن.

- ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر يۈك قايسىلار؟

- دۇنيادا ئەڭ ئېغىر يۈك ئۈچ: بىرى، يوقسۇزلۇق، ئىككىنچىسى، بىكارچىلىق، ئۈچىنچىسى ، يالغۇزچىلىق.

- ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسىلەر نېمە؟

- دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسە - بىلىم. بىلىم كىشىگە ھەر ئىككى ئالەمدە خۇشاللىق-بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. ئىككىنچى، ئۇيات. قىلىقىڭ ياخشى بولسا، پۈتۈن ئەل-يۇرت سېنى ئىززەتلەيدۇ. خوي-پەيلىڭ دۇرۇس بولسا، تۆردىن ئورۇن ئالىسەن. ئۇيات سېنى ناچار-ناشايان ئىشلاردىن توسايدۇ، ياخشى ئىشقا ھەيدەكچى بولىدۇ.

- ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىسىز نەرسىلەر نېمە؟

- بىلىشىڭ كېرەككى، ئىنسان ئۈچۈن پايدىسىز بولغان مۇنداق ئۈچ نەرسە بار: بىرى، كاجلىق ۋە قىلىقتا ياۋۇزلۇق، بىرى، سۆزدىكى يالغانچىلىق، يەنە بىرى، بېخىللىق. بۇ خىل ئىللەتتىكى كىشىلەر ھاياتلىقىدا خارلىق تارتىدۇ، چۈنكى كىشى كاج بولسا، قىلىقى يامان، ئىشى تەتۈر بولىدۇ. كىمكى يالغانچى ئاتالسا، بۇ ئەسكى نام ئۆلگىچە پېشانىسىدىن كەتمەيدۇ. بېخىل بولسا، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئۆزى يېمەي مال-دۇنيا يىغىدۇ، ئاخىرى ئۆزى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، تاپقان مال-دۇنياسى خەققە قالىدۇ.

- دۇنيادا ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەم كىمدۇر؟

- پۇل-مال ئۈچۈن ئۆزىنى بۇزمىغان ئادەم - ئەڭ پەزىلەتلىك ئادەمدۇر، ئۇنداق ئادەمنى پەرىشتە دېسىمۇ بولىدۇ.

- دۇنيادا ئەڭ پەس ئادەم كىمدۇر؟

- تەمەخورلۇق رىشتىسىنى ئۆزىگە باغلاپ قويغان ئادەم ئەڭ پەس ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، خان بولغان تەقدىردىمۇ قولدىن تۆۋەن ھېسابلىنىدۇ.

- ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنارلىق ۋە ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش قايسىدۇر؟

- ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئېچىنارلىق ۋە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش

- قىلغان ئەجرىنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىدۇر.

- دۇنيادا ئەڭ بەختلىك كىشى كىم؟ ئەڭ بەختسىز كىشىچۇ؟

- ئەڭ بەختلىك كىشى دېگىنىمىز- ياشىغانسېرى ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن كىشىدۇر. ئەڭ بەختسىز كىشى دېگىنىمىز - قېرىغانسېرى تېخىمۇ قۇرۇق ھەۋەسكە يۈگۈرگەن كىشىدۇر.

- تەقۋادارلىقنىڭ مەنبەسى نېمىدۇر؟

- ھارامدىن نەپسىنى يىغىپ، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشىماقتۇر.

- ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەينەك نېمىدۇر؟

- سەن ئۈچۈن ئەڭ كۆيۈمچان كىشىدۇر. مانا بۇ، سەن ئۈچۈن ئەينەك دېگەن شۇ.

- ياخشىلىق قىلماقنىڭ ساخاۋىتى كىمگىدۇر، يامانلىقنىڭ كاساپىتىچۇ؟

- ياخشىلىق قىلماقنىڭ ساخاۋىتى ھەركىمنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. يامانلىق قىلىشمۇ يەنە ئۆزىگە دۈشمەنلىكتۇر، چۈنكى بۇ دۇنيادا كىشى نېمە تېرىسا، شۇنى يىغىۋېلىشى ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر.

- ئىنساننى يەرگە قارىتىدىغان ئىشلار قايسى؟

- يالغان ئېيتماق بىلەن خەلق ئىچىگە پىتنە-پاسات تېرىماقتۇر.

- دۇنيادا ئەڭ چوڭ مەسلىك قايسىدۇر؟

- غاپىللىق بىلەن ئۆمرىنى بوش-بىكار، بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتۇر.

## مەي توغرىسىدا ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتقانلىرى

▲مەي قاچىسى ئىچىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان قۇياش ئالدامچى قۇياشتۇر. ئۇنىڭ ئاغزىڭغا پېتىشىدىن ئېھتىيات قىل

▲مەي ئۆز ئىچكۈچىلىرىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

▲ئەي مەي، ئۇلۇغ مۇتەۋەرلەر بىناسى ۋە ئەقىل سارايلىرى سېنىڭ تۇپەيلىڭدىن خارابىغا ئايلىنىدۇ.

▲مەيخور ھايات قەدرىنى بىلگەن بولسىدى، مەينى ېستلىرىغا ئەمەس، دۈشمەنلىرىگە ئىچۈرگەن بولاتتى.

▲مەي دوستلارنى رەنجىتىپ، ئۇلار بىلەن جاڭجاللىشىش، ھەمسۆھبەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋە يېقىن ئادەملىرىدىن جۇدالىششقا سەۋەب بولىدۇ.

توپلىغۇچى: ھاجى ياقۇپ ئۆمەرى

## ھېكمەتلەر

▲ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى. - ئەلىشىر نەۋائىي

▲مىڭ ئادەم ساڭا دوست بولسا، ئۇنى كۆپ كۆرمە. بىر ئادەم ساڭا دۈشمەن بولسا، ئۇنى ئاز ھېسابلىما.

▲ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەردلەر ئېگىدۇ، يەتكىلى بولمايدىغان مۇرادقا مەردلەر يېتىدۇ.

- ئەھمەد يۈكنەكى

▲مەي ئاۋۋال يۈزگە رەڭ بېرىدۇ، كېيىن بىزەڭلەشتۈرىدۇ.

- شەيخ سەئدىي

▲كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان كىشى سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

- ئەلىشىر نەۋائىي

توپلىغۇچى: ئەكبەر جاپپار

## رابىندىرانات تاگورنىڭ «قۇشلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ھېكمەتلەر

▲سەن ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي چىرايىڭنى كۆرەلمەيسەن، كۆرەلەيدىغىنىڭ پەقەت ئۆزۈڭنىڭ شولىسى.

▲تەڭرىنىڭ ئوڭ قولى مېھرىبان، سول قولى قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

▲ئادەم ھايۋان بولغاندا، ئۇ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر يامان بولىدۇ.

▲ئادەم كۈلۈمسىرىگەن چاغدا دۇنيا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، قاقاقلاپ كۈلگىنىدە دۇنيا ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتى.

توپلىغۇچى: مەخسۇت راھمان (دېھقان)

## «جەۋامىئۇلكەلىم» دىن ھېكمەتلەر

▲مۇسۇلمان، ئۇنىڭ قولىدىن، تىلىدىن باشقىلار ئامان بولغان كىشىدۇر.

▲مۇسۇلمانلىق ئۆز ئارىلىرىدا، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشلىرىدە ۋە بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەتلىك بولۇشىدا خۇددى بىر تەنگە ئوخشايدۇ. تەندە بىر ئەزا ئاغرىسا پۈتۈن ئەزالار بىر-بىرىگە ئەگىشىپ قىزىپ ۋە سوۋۇپ تۇرىدۇ.

▲سىز قانداق بولسىڭىز، سىزگە شۇنداق ھۆكۈمدارلار كېلىدۇ.

▲ھېكمەتلىك سۆز مۆئمىننىڭ يوقاتقان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تاپسا شۇيەردىن ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

▲بىر كىشى ئادەملەردىن ئۇيالمىسا، ئۇ ئاللاتائالادىنمۇ ئۇيالمايدۇ.

توپلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن يۈسۈپ

## يۈسۈپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تىنىقلار» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲زىنىدانغا چۈشكەن ئادەم ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ يەرگىمۇ ئۆگىنىپ قالىدۇ.

▲دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى ئالمىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەستىكى شېخىنى ئېگىش كېرەك.

▲تەختتە ئولتۇرۇش يەتتە باشلىق ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ بىر بېشىنى باشقۇرسا، ئەتە يەنە بىر بېشىنى باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسا ئۈچىنچى، تۆتىنچى باشلىرى ئاغزىنى ئېچىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بىرقانچە بېشى بار ئەجدىھا تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەمدە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ھىيلە-نەيرەڭ، ئادىللىق بىلەن جاھىللىق، قاتتىق قوللۇق بىلەن يۇمشاقلىق ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئىچى قارىلىققا ئوخشاش ياخشى-يامان خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەشكەن بولۇشى لازىم. شۇنىڭغا قارىماي يەنە پۇقرالار ئىچىدە «ئادالەتپەرۋەر» دېگەن تەسىراتنى قالدۇرۇش كېرەك.

▲قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ پۇقرا دېگىنىمىز مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاش ئۆز پادشاھلىرى بىلەن خوجىلىرى چىڭراق ئىغىتسا جىق، بوشراق ئىغىتسا ئازراق مېۋە بېرىپ كەلگەن.

▲قوينى ئۆزىنىڭ يۇڭىدىن يىپ ئېشىپ باغلاش كېرەك.

▲تۇزكورغا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن دوست-يارەندىن تېنىپ كەتمەكلىك، قاچماقلىق پەزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي مۇسۇلمان ساۋابىدۇر... يەر يۈزىدە خائىننىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، گۇناھ، ئەلەم يوقتۇر. خائىننى كۆرمەك بەدبەختلىكتۇر... خائىنلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دوئا قىلماڭلار، دوئا ئالماڭلار، خائىن يۈرگەن يولغا كىرمەڭلار، خائىن كۆمۈلگەن زەرەتگاھلىققا مېيىت قويماڭلار، خائىننىڭ توۋىسىغا ئىشەنچ قىلماڭلار! خائىنغا ھۆرمىگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار! خائىنغا ھومىيىپ تۈكۈرۈش... ھەربىر ۋىجدانلىق

،راۋۇرۇس ئىنسان ھەم مۇسۇلمانىنىڭ ۋىجدان -ئىمان قەرزىدۇر. . خائىننى رەسۋا قىلماق-ھەربىر ئىنسانغا تائەلامەھشەر ئۇچۇن تېپىلغۇسىز ساۋاب، ئىككى ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۇتىگە جاۋاب، ئەل-يۇرتقا تۆھپە ھېسابلانغاي. . . خائىن ئاللاناڭ غەزەپ، بەندىنىڭ نەپرەت ئوچىقىدۇر.

▲ ئادەملەر ئاچلىققا، جىسمانىي ئازابقا چىدىسىمۇ، روھىي خورلىنىشقا چىدىمايدۇ.

▲ ئەي ئوغۇل، ئاتاڭدىن قالغان نەسەب (نام) بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ھۈنەر-كەسپىڭ ۋە ئەقىل-پاراسىتىڭ بىلەن ئىپتىخارلان، چۈنكى ئاتا-ئاناڭ قويغان ئەھمەد، مۇھەممەد ياكى ئابدۇللادېگەنگە ئوخشاش ئاتلار ساڭا شەرەپ بولالمايدۇ. سەن ئۆزۈڭ قولغا كەلتۈرگەن ئالىم، پەيلاسوپ، ھەكىم (تېۋىپ)، ئۇستاز، مۇئەللىم ۋە ھۈنەرۋەن دېگەن ناملا ساڭا شەرەپلىكتۇر.

---

توپلىغۇچى: مۇختار مامۇت مۇھەممەدى

## تەقدىر توغرىسىدا ھېكمەتلەر

▲ تەقدىر بىزنىڭ يېرىم ھەرىكىتىمىزنى باشقۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن قېپقالغان قالدى يېرىمىغا بىز يېتەكچىلىك قىلىمىز.

**- ماكىياۋېللىي**

▲ ئەگەر باشقىلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالساق، بۇ، تەقدىرىمىزنىڭ كاجلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزدىن بولغان.

**- شېكسپىر**

▲ تەقدىر -باتۇرلارغا ئامراق

**-ۋىگىر**

▲ تەقدىر- قورقۇنچاقلار بىلەن بىر تەرەپتە تۇرمايدۇ.

**- سوفوكلىس**

▲ بۇ بىر ھەقىقەتنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ ھەم ئىشىنىڭ: كېلەچەك -تەقدىرنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا

**- روسلان**

▲ خاراكتېر -تەقدىرنىڭ ھۆكۈمرانى

**- ب. ژوۋاس**

---

توپلىغۇچى: ئابدۇجاپپار ھامىددىن

## ھېكمەتلەر

▲ ئۆز تەقدىرىگە ئىگە بولالمىغان كىشى ئەركىنلىكتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ.

**- ئېپكتېتوس**

▲ ئۇ ھېچ قانداق يامان ئىش قىلمىدى. بىراق يامان ئىشتىنمۇ يامان بولغىنى شۇكى، ئۇ، كۆڭلىگە يامان غەرەز پۈكتى. يامان- ئىش دەل يامان غەرەزدىن پەيدا بولىدۇ.

**- ل. تولستوي**

▲ ئادەم ئۇچۇن زىيان سالىدىغان نەرسە دەل ئەتە دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى.

**- بالزاك**

---

توپلىغۇچى: پاتىگۈل ئابدۇرېھىم

## ئىنسان ۋە ئىنسانىي پەزىلەت توغرىسىدا ھېكمەت

▲ ئىنسان باشقا مەخلۇقاتلاردىن ياخشى ھەم ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى ئۇن تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بەشى ئىنساننىڭ ئىچىدە، بەشى ئىنساننىڭ تېشىدا بولىدۇ. ئىچىدىكىسى: سۆز سۆزلىمەك، ئۆگەنمەك، ئېھتىياتكار بولماق، ئەستە ساقلىماق، خىيال ۋە تەپەككۇر قىلماق. تېشىدىكىسى: ئاڭلىماق، كۆرمەك، پۇرىماق، سىلىماق، ئېيتماق. ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغدۇر.

**- مۇھەممەت سىدىق بەرشىدىي**

## يۈسۈپ ئىلياسنىڭ «ئېغىر تىنىقلار» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ بەزى تۇججارلار (سودىگەرلەر) قەشقەردە تۇرۇپ بەدەخشاندىكى زەبەرجەدنىڭ نەرقىنى بىلىدۇ، لېكىن قەبرىستانلىققا كەلسە، ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاپالماي شەيختىن سورايدۇ.

▲ ئاغرىق-تەننىڭ زاكىتى.

▲ كەش تار بولسا پۇتۇڭنى، جاھان تار بولسا يۈرىكىڭنى غاجايدۇ.

---

توپلىغۇچى: بەختىيار ھاجى (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ خۇدادىن تۆۋەن، پەيغەمبەردىن يۇقىرى بىر نېمە بار، ئۇنېمە؟

- ئىنساب.

**- «ھەدىس»تىن**

▲ ئەدەبىياتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى - مىللەتنىڭ ئويغىنىشى، يېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**- زوردۇن سابىر**

▲ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئاشىق بول، ئاندىن باشقىلار ساڭا ئاشىق بولىدۇ.

**- قەدىمكى ھىندىئانلار سۆزى**

▲ دېھقانلار-مىللەتكە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

**- گابائىن خانىم**

---

توپلىغۇچى: ئابدۇلئەزىز مۇھەممەتئىمىن

## گيوتى ھېكمەتلىرىدىن

▲ پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىلا كىشى ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىشكە قادىر.

▲ ئۆزى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگەنمىگەن ئادەم باشقىلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ.

▲ ھېچقانداق ئىشقا داغدۇغا بىلەن كىرىشمەسلىك كېرەك، تەنتەنە ئىش تاماملانغاندا يارىشىدۇ.

▲ قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا ئەمەس، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشقا قول سالغان كىشى بەختسىزدۇر.

▲ ئۆزلۈكسىز جاھىللىقتىنمۇ دەھشەتلىك نەرسە يوق.

▲ بىزگە تەلىم بېرىۋاتقانلار ھەقلىق ھالدا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىزنى ئوقۇتۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ نامغا لايىق ئەمەس.

▲ ئىنسان دۇنيانى قانچىلىك بىلسە، ئۆزىنىمۇ شۇنچىلىك چۈشىنىدۇ.

▲ بىز ئۇچۇن ئەمەلگە ئاشقان پەس مەقسەتلەردىن، ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ ھامان يۈكسەك مەقسەتلەر قەدىرلىك.

▲ خۇشخۇي ئادەمگە پۈتكۈل ئالەم خۇشخۇي كۆرۈنىدۇ.

▲ ئۆزىنى ئەقىللىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان ئەخمەقتىنمۇ خەتەرلىك ئادەم يوق.

▲بەزى ئادەملەر ئۆزلىرى نېمىگە قابىلىيەتسىز بولسا شۇنى ئەيىبلەشكە ئادەتلەنگەن .

▲قارشى تەرەپ بىلەن مۇنازىرە قىلىشىۋېتىپ ، ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى سەزگەن هامان مۇنازىرىنى توختات. ئۇنداق قىلماي تېخىمۇ كۆپ سۆزلىسەڭ ئوسال ئەهۋالغا چۈشۈپ قالىسەن.

▲ئەڭ ياخشى سەنئەت ئەسەرلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكرار سىنچىلاپ كۆرۈش زۆرۈر. ئۇلاردا كۆز يەتمەس چوڭقۇرلۇق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

▲دادىل پىكىرلەر ئويناۋاتقان شاهمات ئورۇقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى قۇربان بولۇپ، غەلىبىنى تەمىنلەيدۇ.

▲كىمكى مەقبۇل ھەقىقەتلەرگە قارشى باش كۆتۈرسە ، ئۇلارغا ئوت تۇتىشىدۇ، ئۇچقۇنلار بولسا ئاخىرى ھەر يانغا چاچراپ، نۇر تارقىتىدۇ.

▲كىمكى ئىشنى پىكىر بىلەن ۋە پىكىرنى ئىش بىلەن تەكشۈرۈپ تۇرۇش قائىدىسىگە ئەمەل قىلسا. . . ئۇ خاتالاشمايدۇ، خاتالاشقان تەقدىردىمۇ تېز توغرا يولغا چۈشىۋالىدۇ.

▲كىمكى دۇنيادا ئۆز دوستلىرى بارلىقىنى بىلمەيدىكەن ، دۇنيامۇ ئۇنى بىلىشى شەرت ئەمەس.

▲ئاتا دۇنيادىن كۆز يۇمغاندا بالىلىرى ئالدىدا ئاتا ئورنىنى باسالايدىغان ئايالىلا ھەقىقى ئانىدۇر.

▲خۇلق - ھەركىم ئۆز قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك.

▲ئورۇنلۇق جاۋاب ئالماقچى بولساڭ، يوللۇق سوئال سورا.

▲ھەر قانداق ئادەم ئۆزى چۈشىنىدىغان ھادىسىگە قۇلاق سالىدۇ.

▲قورقۇنچاق خەۋپ-خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا دوق-ھەيۋە قىلىدۇ.

---

توپلىغۇچى: ئىمام ئىسمائىل

## ژوۋاننىي بوككاچچونىڭ «10كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتلەر

▲تۇز كورلۇق كىشىنى ئەڭ ئېغىر پالاكەتلەرگە قالدۇرغۇچى يىرگىنچلىك ئىللەت.

▲ئاياللار ئۇيات ۋە قورقۇشتىن ئۆزلىرىدىكى مۇھەببەت يالقۇنىنى گۈزەل نازاكەتلىرى ئىچىگە يوشۇرىدۇ.

▲ھەقتائالادىن ھېچنەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

▲دۇنيادا ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى ۋەپانىيدۇر.

▲باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن كۈلمەكچى بولغانلار كۆپىنچە ئۆز زىيىنىغا كۈلىدۇ، بۇ كۈلكە ئاخىر بېرىپ ئاشۇ كىشىنىڭ شەرمەندە بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲تەقدىرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكىگە بەرداشلىق بېرىش-ئېغىر ۋە مۇشەققەتتۇر. تەقدىرنىڭ زەربىلىرى توغرىسىدا بىر ەر نەرسە ئاڭلاش، بەختلىك كىشىلەرگىمۇ، بەختى قارا كىشىلەرگىمۇ زىيانلىق ئەمەس، ئۇ، بەختلىكلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ، بەختسىزلەرگە تەسەللىي بېرىدۇ.

▲ئالدامچى ئۆزى ئالدىغان ئادەمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

▲دۇنيادا جەننەتكە كىرىش ئارزۇسىدا يۈرگەن ئادەملەر كۆپ. لېكىن بۇ ئادەملەر بەزىدە بىلمەي ئۆيەرگە ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۆزگىلەرنى ئەۋەتىۋېتىدۇ.

▲تەقدىر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزتارتۇقلىرىنى هاياتتىكى نامۇناسىپ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىدۇ.

▲تەبىئەت ئۆزىنىڭ بىرەر بىر مۆجىزىلىك تۆھپىسىنى ئۆتۈپ كەتكەن بەتبەشىرە ئادەملەرنىڭ جىسمىغا جايلاشتۇرغان بولىدۇ.

▲كەپتەر ئۇستىدىن غەلىبە قازانغانلىق - بۈركۈتكە شان-شەرەپ ھېسابلانمايدۇ.

▲قىساس هاقارەتتىن دەھشەتلىكرەك بولۇش كېرەك.

▲هاردۇقى چىققان پۇقرالارنى قانۇن-قائىدىگە ئەمەل قىلىشقا ئۈندەش ئاسان بولىدۇ.

▲كىشىلىك هاياتتا باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشنى ۋە باشقىلارنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ناهايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن تەقدىر بەزىدە ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىغا يارىشا كېلىشتۈرۈپ شەرمەندە قىلىدۇ.

▲قورال تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشاشنى ئىختىيار قىلغانلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى ھىمايە قىلىدۇ.

▲بەتنىيەت كىشىلەرنىڭ نالايىق گەپلىرى ساپ ۋە پاكىز قەلبنى زەھەرلىيەلمەيدۇ.

## «قابۇسنامە» دىن ھېكمەتلەر

▲ھەرقانداق ئادەم ئاتا-ئانىسى ھەققىنى ئادا قىلالمىسا، باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ.

▲كىمنىڭ تىلى تاتلىق بولسا، دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

▲نادان ھەر قاچان ئۆزىگە ئوخشاش ناداننى ماختايدۇ.

▲كېلەچەكتىكى غايىب نازۇ-نېمەتلەرگە ئىشىنىپ قولۇڭدىكى نەق نېمەتنى بېرىۋېتىش غايەت زور زىيانلىقتۇر.

▲نادان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قىلغان ئىشنى ئەقىللىق ئادەم دۈشمىنىگىمۇ قىلمايدۇ.

▲بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت.

▲ھەرقانچە قەدىرلىك نەرسەڭ بولسىمۇ، ساڭا ئىتائەت قىلغان، ئاقكۆڭۈل، توغرايوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما.

▲ئەركىشى بىر بۇلاققا ئوخشايدۇ، ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك خوتۇن يەرگە ئوخشايدۇ.

▲ھەر كىشىگە ئاتا-ئانىسى ئەدەب-تەربىيە ئۆگەتمىسە، زامان ئۇنىڭغا تۈرلۈك جەبر-جاپالار ئارقىلىق تەربىيە بېرىدۇ.

---

توپلىغۇچى: رەھىم راهمان

## چەت ئەل ماقال-تەمسىللىرىدىن

▲بەختسىزلىك -قەيسەرنىڭ ئۆرلەش پەلەمپىيى ، شۇنداقلا زەئىپلەرنىڭ تۈۋى يوق هاڭى.

**- فرانسىيە**

▲ئوتقا ئوت بول، شەمشەرگە شەمشەر.

**- سومالى**

▲باتۇرنىڭ كۆزى قورقۇنچاقنىڭ شەمشىرىدىن ئۆتكۈر بولار.

**- ئەنگلىيە**

▲ئالماس ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، ئۇنى ئەقىل-پاراسەت يۇمشىتالايدۇ.

**- موڭغۇلىيە**

▲بوينىنى ئەگكەننى دۈشمەن ئات قىلىپ مىنىدۇ.

**- ياۋروپا**

▲غىلابتىن چىققان شەمشەردەك رەقىب قورقۇنچلۇق

ئەمەس، دوستلۇق تونىغا ئورنىۋالغان دۈشمەندىن پەخەس بول.
- ھىندىستان

▲ دوستۇڭدىن نەپرەتلەنگىنىڭ -دۈشمەنگە بولۇشقىنىڭ.
- ئەنگلىيە

---

توپلىغۇچى: زۆھرەگۈل ئەخەت

## خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

▲ بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە ماتەم.

▲ غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار،
تاز باشتىن مەرەز.

▲ مېھماننىڭ مەستلىكى كەيىپ،
ساھىبخاننىڭ مەستلىكى ئەيىب.

▲ ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ.

▲ كېسەل پاتمانلاپ كىرىپ، مىسقاللاپ چىقار.

▲ مىلەپ يىگەن مېھماندىن قورق.

▲ يېتىم ئۆز ئىشىنى يەيدۇ، كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ.

---

توپلىغۇچى: ئابدۇلەتىپ مامۇت (دېھقان)

## ئەلىشىر نەۋائىي ھېكمەتلىرىدىن

▲ ھەۋەس ئۆز خوشتارىنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدۇ.

▲ كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ شاھى ساقلىقتۇر.

▲ چاقچاق ئاقىلانىلىق بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىدا ئەخمىقانىلىقا ئېلىپ بارىدۇ.

▲ راست بولسىمۇ دوستۇڭغا شۇمخەۋەر يەتكۈزمە، بىراۋنىڭ ئەيىبىنى يۈزمۇ يۈز دېمە.

▲ بىراۋنىڭ كۆڭلىگە غۇبار يېتىدىغان سۆزنى دەپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنى قوي، ئۇنىڭ دۈشمىنى دېسۇن، چۈنكى كۆڭۈلنى ئاغرىتىش ھامان دۈشمەننىڭ ئىشى.

▲ ئىشىدا ئالدىرىماق ياش باللارنىڭ ئىشى، سەۋر بىلەن ئىش قىلىش ئۇلۇغ كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

▲ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە جۈرئەت كۆرسىتىش -ئۆز ھاياتىنىڭ يىپىنى ئۈزۈشتۇر، ئۇلاردىن يىقىنلىق تىلەش-ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە خەنجەر تىلەشتۇر.

▲ كۆڭلىدە دەردى بار كىشىگە كۈلكە، دۈشمىنى شاھنىڭ يېنىدا بولغان كىشىگە ئۇيقۇ ھارام.

▲ ئاچلىق ھېكمەتنىڭ دەسمايىسى، توقلۇق غەپلەتنىڭ پەيدايىسىدۇر.

---

توپلىغۇچى: مۇختار تۇردى (ئوقۇغۇچى)

## مىرزا ئىبراھىموفنىڭ «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ كىمنىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرساڭ، شۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىسەن.

▲ سىركە قانچىلىك ئۆتكۈر بولسا، قاچىسى ئۇچۇن شۇنچىلىك خەتەرلىك بولىدۇ.

▲ يول قانچىلىك يىراق بولسىمۇ، ئادەملەر بۇنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى مېڭىپ بولۇشقان.

▲ ئېتىقاد-بىراۋغا زورلاپ ئېلىپ بېرىدىغان خوتۇن ئەمەس.

▲ سەۋر-تاقەت - مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

▲ «ۋەتەنگە كەلدىم، ئىمانغا كەلدىم».

▲ ئۆزى ئۈچۈن يوقىرى مەنسەپكە ناھايىتى قىيىنلىقتا يول ئېچىپ كېلىۋاتقان چاكىنا ئادەمنىڭ ئىنتىقامى بەكمۇ يامان بولىدۇ.

▲ بەختسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۆزىمىزنىڭ روھىي زەئىپلىكىمىزۋە ئىتتىپاقسىزلىكىمىزدۇر... 

▲ «يولۋاسنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن چىشلىرى تەبەسسۇم قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ».

▲ «كۈچ ئەگمىگەننى، سۆز ئېگىدۇ».

---

توپلىغۇچى: ئەختەرنىسا ھوسەن (ئوقۇغۇچى)

## «قىرىق ھەدىس» تىن ھېكمەتلەر

▲ سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزقىنى كېمەيتىدۇ.

▲ كىشى تەكەببۇرلاشقانسىرى ئۇنىڭدا ئىككى خىل خۇسۇسىيەت كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىرى (مال) دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، يەنەبىرى چاكىنا ئارزۇ-ھەۋەس.

▲ ياخشىلىقنى ئوچۇق چىراي - خۇشخۇي ئادەملەردىن كۈتۈڭلار.

▲ جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.

▲ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ساقلىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر.

▲ مەسلىھەت بەرگۈچى كىشى ئامانەتداردۇر.

▲ كىشى ئۆزتىلى بىلەن بالا-قازاغا دۇچار بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۈزەتكەن ئادەم بەختلىكتۇر.

▲ ئۆلۈم كىشىگە يېتەرلىك پەندۇ-نەسىھەتتۇر.

▲ ياخشى گەپ قىلىشمۇ سەدىقە بەرگەنلىكتۇر.

▲ ئاڭلىغانلا گەپنى باشقىلارغا سۆزلەۋېرىدىغان ئادە گۇناھكاردۇر.

▲ ناتونۇش، يالغۇز ئاياللارغا تاشلىغان ھەر بىر شەھۋانە كۆز شەيتاننىڭ ئوتى دېمەكتۇر.

▲ گاھى-گاھىدا كۆرۈشۈپ تۇرۇش مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

▲ ۋەدىنىڭ ئۆزى پەرھىزدۇر.

▲ كۆرەشتە رەقىبىنى يەڭگەن ئادەم باتۇر ئەمەس، بەلكى غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان ئادەم باتۇر.

---

«بۇلاق» مەجمۇئەسى 1994-يىل 4-سانىدىن تەييارلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى)

## ھېكمەتلەر

▲ خۇدا ئادەمنىڭ تېنىنى تۇپراق بىلەن سۇدىن، ۋۇجۇدىنى ھاۋا بىلەن ئوتتىن ياراتقان.

ھاۋا دېگىنىمىز-ئەسلىدە شامال. ئادەمنىڭ كۆڭلى، ئوي-خىيالى شامالدەك ئۇچقۇر. ئوت دېگىنىمىز-ئادەمنىڭ يۈرىكى. شۇڭا ئادەمنىڭ ئۆمرى-تەقدىرى ئۇنى ياراتقان تۇپراق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. ئادەم تۇپراقتىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ. ئادەم ئۆلگەندىمۇ يەنە تۇپراققا كۆمۈلىدۇ، تەن تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 12مۆچەلنىڭ كالا، يىلان، توخۇ يىلىدا ئادەمنىڭ يۇلتۇزى تۇپراق بولىدۇ. توشقان، قوي، توڭگۇز يىلىدا ئادەمنىڭ يۇلتۇزى سۇ بولىدۇ. چاشقان، يولۋاس، مايمۇن يىلىدا ئادەمنىڭ يۇلتۇزى ئوت بولىدۇ. بېلىق، ئات، ئىت يىلىدا ئادەمنىڭ يۇلتۇزى شامال بولىدۇ. 12مۆچەلدە ئۈچى تۇپراق، ئۈچى ئوت ، ئۈچى سۇ،

ئۇچى شامال بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.

- ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ «بۇلتۇز ئەپسانىسى» ناملىق رومانىدىن

▲ ئىنسان - شەيتان ئازدۇرغان تەڭرىدۇر. ئۆز-ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلىپ، شەيتانىي نەپسىنى يېڭىش-ئىنساننىڭ ئەسلىدىكى ئىلاھىي ماھىيەتلىرىگە قايتىشتىكى ئاساسىي مەشىق ۋە پائالىيەت.

- ئەھمەد يەسەۋىي

▲ ئىنسان - كائىناتنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشكەن مېۋىسى.

ئىنسان - پۈتكۈل گۈزەل تەسەۋۋۇر، ئىزگۇ ئىستەك ۋە مۇقەددەس مۇئەككەل ئوبرازلىرىنىڭ ئىجادچىسى.

ئىنسان - ئۆزىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ، ماددا ۋە روھىيەتنى، ھالاكەت ۋە ئىجادىيەتنى، مۇقەررەرلىك ۋە ھۆرلۈكنى، غايە ۋە تارىخىي ئەسلىمىنى، چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن مۆجىزىدار شەيئىي .

ئىنسان-زېمىن سەتھىدە مەدەنىيەت ئېكىنزارلىقىنى بەرپا قىلغۇچى، جۈملىدىن يەنە شۇ زېمىن سەييارىسىدا ئۆز ئىختىرالىرىنى يېتىقلىغۇچى ۋە ئاخىرىدا زېمىن ھالاك بولماي تۇرۇپ كىشىلىك قىيامىتىنى ھاسىل قىلغۇچى قەيسەر.

ئىنسان - بەخت توغرىسىدا چۈشەكەيدىغان، ئەمما ئانا زېمىننى چەيلەپ ئەسەبىيلەرچە ئۈستۈنلۈكتە تەرسالارچە قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆتۈشنى بەخت دەپ چۈشىنىدىغان ، بەخت ئارزۇسىدا زېمىندىكى بەخت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى تىندۇرۇپ يۈرۈيدىغان ، تۈمەن يىللاردىن بېرى تېخى بەخت ئوبرازى ۋە بەخت قىياپىتىنىڭ مودىلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن ، ئابستراكت بەخت ھەققىدە كونكرېت رىيازەت چېكىدىغان تەلۋە.

- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

---

تۈپلىگۈچى: يۈسۈپ ھاشىم

## ھېكمەتلەر

▲ ئاچچىقلىنىش - باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالىغانلىقتۇر.

▲ بىكارتەلەت - ھۇرۇنلار- ئەقىل مەشئىلى ئۆچكەن، قايتا يانمىغان زېمىندىكى سېسىقتا باشلىغان سۇ.

▲ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان مەنسەپنى ئەقىلسىزلەرگە بەرمەك خۇددى سەللىنى پۇتقا ئورىغاندەك ۋە ئۆتۈكنى باشقا كىيگەندەك ئىش.

▲ ھەقىقەت ئىچىگە كىرىپ قالغان بىر يالغان ھەممە ھەقىقەتنى شۈبھىگە قويىدۇ.

## ماقال -تەمسىللەر

▲ ھەقىقەت ئۆزىنى ئۆزى ئاقلايدۇ.

▲ چىداپ-چىداپ تاشمۇ بىر كۈن يېرىلار.

▲ ئاچچىقتىن قېرىپ ، كۈلكىدىن ياشىرىسەن.

▲ ساغلام بەدەن، ئازاد ئەقىل، ئادىل نىيەت، ئۇچى بىلەن بەختلىكتۇر ئۆمۈر ئەبەد.

▲ ئادىل سۆز- ئەقىل تارازىسى.

▲ خاپىغان باشتا ئەقىل تۇرمايدۇ.

▲ يېتىلگەن باتۇردىن 40يىلدا بىرسى چىقىدۇ.

▲ جىلىخور ئاسان قېرىيدۇ.

▲ ئەل نادان بولسا ئۈستىگە توڭگۇز چىقار.

▲ پىخسىقنىڭ ئۆيى جەھەننەم.

▲ ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەن دانىشمەن.

▲ ئاناڭ ئۆگەي بولسا، ئاتاڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس.

▲ گۇناھكار كۆزىدىن بەلگىلىك.

▲ قېرى بويىتاقتىن ئەقىل سورىما.

▲ ھاراق ئىچمىزغا چۈشۈپ بولۇپ كىرىپ ئەجدىھا بولۇپ چىقىدۇ.

▲ چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل كەم.

▲ ئۆيقۇسى ئۆز ۋۇنىڭ بەختى قىسقا.

▲ پۇل تۈگىمەي ئەقىل كىرمەس.

▲ مۆككەكنىڭ بالىسى چۆككەك.

▲ يامانلارغا رەھىم قىلىش ياخشىلارغا زۇلۇم قىلىشتۇر.

▲ يۇرتنى پادىشاھ سورايدۇ، پادىشاھنى خوتۇنى سورايدۇ.

▲ چېچى چۇۋۇق خوتۇننىڭ ئېشىنى ئىچكىلى بولماس.

---

تۈپلىگۈچى: زۇھرەخان نىياز

## نەجىب مەھفۇزنىڭ «مىڭبىر كېچىنىڭ داۋامى» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراستى، ئۆز ئەقىل-پاراستىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدە.

▲ بەلكىم بىر پاك قەلب پۈتۈن بىر مىللەتنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

▲ ئىلىم ئەھلى بىخەستەلىكتىن ، پادىشاھ زالىملىقتىن ، نامرات پۇقرا ساختىپەزلىكتىن نابۇت بولىدۇ.

▲ دۇنيا - ماھارەت ئۆگەنمەيدىغان شاھزادىنىڭ، ئار - نومۇسنى بىلمەيدىغان دىيانەتسىز ئىلىم ئەھلىنىڭ ، ئېتىقادسىز نامرات پۇقرالارنىڭ قولىدا نابۇت بولىدۇ.

▲ ھەممە ئىش ئېتىقادتىن باشلىنىدۇ. باشتا بىر يولدا ماڭىسەن، كېيىن بارا-بارا يول ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بۇ يولنىڭ بىرى مۇھەببەت بىلەن ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. يەنە بىرى ئىنقىلاب يولىدۇر. ئالدىنقىسى ئۆزىنى، كېيىنكىسى ئاۋام پۇقرانى قۇتقۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

▲ ئىلىم-ھېكمەت كۆپ سۆزلىنىش بىلەن ئەمەس، كۆپ ئۆگىنىپ، كۆپ ئىشلىتىش بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ.

---

تۈپلىگۈچى: ئابدۇراھمان مۇھەممەت

## ھېكمەتلەر

▲ بىز قانۇنىيەتلەر توغرىسىدا قانچىلىك چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىلمىي بىلىشكە ئىگە بولساق شۇنچىلىك ئەركىنلىشىمىز

▲ بۇ دۇنيانى بىر تەييار داستىخان ھېسابلا، قىمىرلىغان ئىنسانلار ئۇنىڭدىن يەيدۇ. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر تويغىچە يەپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇلار بىزنىمۇ كەينىمىزدىن بېرىشقا چاقىرماقتا. يەنە بىر ئەۋلاد قورساقتىكىلەر بولۇپ، بىزدىن كېيىن ئۇلار بۇ داستىخانغا كەلگۈچىلەردۇر. بۇ ئەۋلاد بىزنىڭ قوپۇپ كېتىشىمىزنى كۈتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا داستىخاننى بىكارلىشىمىز لازىم.

▲ يېڭى شەيئىي كونا شەيئىينىڭ قەبرىگاھى.

▲ ھەسەتخورغا جازا يوق، چۈنكى ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى ئۆزىگە جازا، ئۇ، ئۆز ئىچىدىن سېزىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ نابۇت بولىدۇ.

---

تۈپلىگۈچى: مۇھەممەتجان مۇرتىزا(M1)



# «تۆشۈك نان» ھاسىلاتى

ئابلەت قەييۇم

«تۆشۈك ناندىن قارىسا يامان بولىدۇ». بۇ، بۇۋىلىرىمىز ئاتىلىرىمىزنى، ئاتىلىرىمىز بىزنى ئىدارە قىلىشتا قوللىنىپ كەلگەن سان-ساناقسىز «يامان بولىدۇ» لارنىڭ بىرى. راست، بىز نۇرغۇن ئىشلارنى «يامان بولىدۇ» دىن قورقۇپ قىلىشقا پېتىنالمايمىز، لېكىن قورقۇپ قىلمىغىنىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ يامان بولىۋاتقانلىقىنى ئۇيلىمايمىز. ئەمەلىيەتتە، سان-ساناقسىز «يامان بولىدۇ» لار بىزنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىمىز ۋە روھىي قۇربىتىمىز ئالدىدىكى بىر سىناقتۇر، خالاس. ئەمدى «تۆشۈك نان» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998 - يىل 1 - سان، ئاپتورى ھەبىبۇللا مىجىت) غا قاراپ باقايلى.

بالا ئاخىرى تۆشۈك ناندىن قاراشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇ، ئەڭ ئامراق، سۆيۈملۈك، سالاپەتلىك دادىسىنىڭ بالا باققۇچى قىزنى پوكىنىغا باسقىنىچە، بوينىغا گىرە سېلىپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە چوپۇلدىتىپ «تامغا» بېسىۋاتقىنىنى كۆردى. . .

مەنمۇ تۆشۈك ناندىن قارىدىم، «ئائىلە باشلىقى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن كاتتا ئاتىلىدىغان ئاتىلارغا قارىدىم. كۆز ئالدىمدىن مۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۆتۈشكە باشلىدى:

بىر ئاتا قولىدىكى تاماكىسىنى كىچىككىنە ئوغلىغا شوراتقانىدى، بالا قاتتىق يۆتىلىپ قېقىلىپ كەتتى، ئاتا قاقاقلاپ كۈلەتتى.

بىر ئاتا گۆدەك ئوغلىنىڭ ئاغزىغا يۇقىرى گرادۇسلۇق هاراقتىن قۇيۇۋەتتى، بالا يىغلىدى، ئاتا ھەدەپ كۈلەتتى.

ئاتا غەرق مەست ئىدى، ئۈستى - بېشى بۇلغانغان بولۇپ، كوچىنىڭ ئاۋات يېرىدە ئېغىناپ ياتاتتى، سەبىي بالا ئاتىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ يىغلايتتى.

ئاتا بالىسىنىڭ كۆز ئالدىدىلا يولنىڭ ياقىسىدا تۇرۇپ شارقىرىتىپ سىيىشكە باشلىدى.

ئاتا ئۆزىنىڭ كىملەرنى قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ، قانداق باپلىغانلىقىنى ھوزۇرلىنىپ سۆزلەيتتى، بالا ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا چۈشىنىكسىز قاراپ تۇراتتى.

بالا يىغلاپ كىردى، قوشنىلارنىڭ بالىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىدى، ئاتا ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا: «سىنىڭ قولۇڭ پالەچمىدى. . .» دەپ قايناپ كەتتى.

. . . . . . . . . . . . .

بالا تۆشۈك ناندىن ئاتىسىنىڭ رەزىل ئەپتىنى كۆرۈپ يىرگەندى. ئاتىسى ئۇنىڭغا يات، ئادەم قېنىنى شورايدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، ئاتىسىنى توپان سۈيىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىنى تىلىدى. ئەيۋەنناس، بۇ نەقەدەر زور جاسارەت-ھە! بالىدىكى بۇ خىل جاسارەت نەدىن كەلدى؟ بەلكىم ئانىسىنىڭ باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى ھېكايىلىرىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. . .

مەن تۆشۈك ناندىن ئاتىلىق لاياقىتىنى يوقاتقان نۇرغۇن ئاتىلارنى كۆرۈپ ئەپسۇسلاندىم. ئاتىنى ئۇلۇغلايدىغان سۆز ۋە ناخشىلارنى ئەسلىدىم، ئاتا توغرىلىق ئويلارغا پاتتىم.

ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن «ئاتا» ھۆرمەت مەنىسىگە ئىگە ئالىي ئۇنۋان ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتى ئاتا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتتىكى ئاتىنىڭ ئورنى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك رولىغا ئەمەس بەلكى ئەنە شۇ مېھىر-مۇھەببەتكە مەركەزلەشكەن. ئىنسانلارنى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتى ئاتا-بالىلىق مەجبۇرىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ھازىر نۇرغۇن ئاتىلار ئاتىلىق لاياقىتىنى يوقىتىپ، بالىلىرىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، ئاتىلىق ھۆرمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇلار ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلىمىغىنىنى دېمەي، بالىلىرىنى بىھۆرمەتلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. «تۆشۈك نان» دىكى ئەھۋال دەل شۇنداق بولىدۇ: بالا ئاتىسىنىڭ يامان ئىشىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى پاش قىلىدۇ. ئاتا ئۆز قىلمىشىدىن ئۆيۈلۈش تۇگۇل، بالىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغان كۆزىگە قاتتىق ئۇرىدۇ. بالىنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تېقىلىپ، قاراڭغۇلىشىدۇ. . .

بالىنىڭ كۆز ئاغرىقى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. بىراق ئۇ ھەرگىز بالىنىڭ تۆشۈك ناندىن قارىغانلىقى ئۈچۈن يامان بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئاتىسىنىڭ مۇتىھەملىكىدىن بولدى. شۇڭا تۆشۈك ناندىن قاراشتىن قورقماسلىق كېرەك. بالىلار، قورقماڭلار، تۆشۈك ناندىن قاراۋېرىڭلار، تۆشۈك ناندىن قارىغانغا يامان بولمايدۇ، بەلكى يامان بولىدىغان ئىشلارنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مەن ئاتىلىق ھۆرمىتىنى ساقلىمايدىغان «ئاتىلار» دىن بالىلارغا ئوخشاشلا نەپرەتلىنىمەن، بىراق ئۇلارنى توپان سۈيىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىنى تىلىمەيمەن، بەلكى توپان سۈيىنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. ئاتىلار، ئاگاھ بولۇڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرگە تۆشۈك نان بىلەن قاراۋاتىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ئازسانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ شان-شەرىپى


**ئۈرۈمچى شەھىرىدە «29 - نۆۋەتلىك دۇنيا پوچتا كۈنى» تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى. 1998 - يىللىق گېزىت - ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. ژۇرنىلىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇشتىرىلىرى ئاشقان بىردىنبىر ژۇرنال بولدى**

1998 - يىلى 9 - ئۆكتەبىر، خەلقئارا پوچتا ئىتتىپاقى بېكىتكەن «29 - نۆۋەتلىك دۇنيا پوچتا كۈنى» . بۇ خاتىرە كۈننى تەبرىكلەش، 1998-يىللىق گېزىت-ژۇرنال تارقىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش، 1999-يىللىق گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش، مۇشتىرى توپلاش خىزمىتىنى يېڭى بىر بالداقتا كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى 9 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى «خەلق» باغچىسىدا تەنتەنىلىك خاتىرىلەش پائالىيىتى ۋە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۈرۈمچى «خەلق» باغچىسى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۈرۈمچىدىكى 57 ئاخبارات ئورنى «29 - نۆۋەتلىك دۇنيا پوچتا كۈنى» نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەقسىز گېزىت - ژۇرنال تارقاتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، ھەرقايسى ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مىڭلىغان ئاممىا قاتناشتى.

يىغىندا 1998 - يىللىق گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 60 ئىلغار ئورۇن، پەرىگۈل قاتارلىق 154 شەخس تەقدىرلەندى؛ 1998 - يىلى مۇشتەرىلىرى ئاشقان «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» (خەنزۇچە) ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) ، «بىڭتۇەن گېزىتى» (خەنزۇچە) ، «ياشانغانلار ساغلاملىقى گېزىتى» (خەنزۇچە) ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە) قاتارلىق بەش مۇنەۋۋەر گېزىت-ژۇرنال ئاغزاكى تەقدىرلىنىپ، ژۇرنىلىمىز 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇشتىرىلىرى ئاشقان بىردىنبىر ژۇرنال بولدى.

ژۇرنىلىمىز «28 - نۆۋەتلىك دۇنيا پوچتا كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن 1997 - يىلى 9 - ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئاچقان تەنتەنىلىك خاتىرىلەش يىغىنىدىمۇ «1997 - يىلى مۇشتىرىلىرى ئاشقان شىنجاڭدىكى ئون مۇنەۋۋەر گېزىت - ژۇرنال» نىڭ بىرى بولۇپ تەقدىرلەنگەنىدى.

رىسالەت مۇھەممەت (ئۆز مۇخبىرىمىز)




《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1999 - يىل 1 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编缉出版:《新疆文化》杂志编缉部
地址:乌鲁木齐市胜利路 193 号
邮编:830001 电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورو
پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号:CN65-1073/I
本刊代号:58-22 定价:3元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 _ 58 باھاسى: 3 يۈەن



زامانىمىزدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى قۇربانجان تۇرەك بالىلار ئارىسىدا